
1993
KASHGAR LITERATURE
4
قەشقەر ئەدەبىياتى

«ياشلىق - سۆيگۈ - غايە» تېمىسىدا ئۆيۈشتۇرۇلغان مۇكاپاتلىق شېئىرلار مۇسابىقىسىدا باھالانغان ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







(سۈرەتلەرنى مۇخبىر ئىبراھىم، ئەلھامجان تاھىرلار تارتقان)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)


4

1993

22- يىل نەشرى

(ئومۇمى 113- سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

# بوستاندا


## نەسرىي ئەسەرلەر

نۇر روزى ........ «ئا . پ . س ... ئەپەندى» 5
ياسىنجان سادىق ........ ئىھ، سەھرا 13
نۇر موللاق ........ قەدىناسلار 18
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان ........ ئىككى ھېكايە 22

## شېئىرىيەت گۈلزارى

مۇھەممەت روزى، ئادىل تۇنىياز، ئەركىن ئەبەيدۇللا، ساداقەتجان ھاجى، ھاتەمخان سايىم، ئوسمانجان ئىسمايىل، ئايگۈل ھەمدۇللا، ئەخمەتجان سادىق، قۇربانجان تاش، ئابلىكىم رەمەت، ئابدۇرېشىت سابىر ) شېئىرلار ........ 24

## ھايات دولقۇنلىرى

مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختاش بەكرى، ئەزىم ناسىر، گۈلباھار سىدىق، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئۆمەر يۈسۈپ ئەخمىدى، ئەخمەتجان مەتقۇربان، مۇھەممەتجان مەردان، ئوبۇل ئىمىت، غوجىمۇھەممەت مەھەممەت، تۇرسۇنگۈل ئېلى، مۇقەددەس توخسۇن، يۈسۈپىېلى قۇربانى، رۇقىيە مامۇت، ئەلاگۈل سەمەت، ئىبراھىمجان تاش، نۇر مۆمىن، ئابدۇللا تۇردى، ئابدۇرېشىت ھېمىت، مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ، نەزەرجان ياقۇپ، ھۈسەيىن ئەسئەت، تۇرغۇن سىدىق، ھۆسىيىن مەتئىمىن، ھاپىزجان مۇھەممەت ) نەسرلەر ........ 39

## شەبنەم

كېرىمجان ئابدۇرېھىم ........ كۆزەللىك ئۈچۈن توقۇلغان گۈزەل مىسرالار 1
مۇختەر سوپى ........ «ئونىنچى پىلانېت»نى ئوقۇپ 71

## كۆرسانتلار ئىجادىيىتىدىن

ئابلىكىم ئابلىمىت، ئابدۇسالام ئابلىز، ئېزىزجان توختىھاجى، مەدىنە مۇھەممەت، يالقۇنجان ياقۇپ، ئىسمايىل سابىر، ئابدۇشۈكۈر راشىدىن، ئابدۇللا روزى، زۆھرە توختى، شېرىنگۈل تۇرسۇن، تۇرسۇنجان ھەسەن ) ........ 72

## تۇمەنتال چېچەكلىرى

تۇرغۇنجان تۇرسۇن، روزىجان سايىت، مۇساجان ئىمىن، مېھرىبان ھاشىم، مۇھەممەتجان ياسىن، ئوبۇلقاسىم روزى ) ........ 84

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

ئاتىكە زەمىرى ........ مۇز تاغ يۈرىكى (ھېكايە) 88

## بالىلار ئەدەبىياتى

دولقۇن تاھىر ........ ئاھ مۇئەللىم، مېنى كەچۈرەمسىز؟ (ھېكايە) 99
ئابلىمىت توختى ........ دادامغا ئېچىنىمەن (ھېكايە) 104

## خەزىنە

مەتئىمىن ئابدۇللا رەتلىگەن ........ روزاخۇن موللام لەتىپىلىرى 108
يۇنۇس سەمەت رەتلىگەن ........ سەبرى ـ تاقەتنىڭ خاسىيىتى (چۆچەك) 112

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئۆمەر سەيپىددىن (تۈركىيە) ........ مەرمەر رۇستەك (ھېكايە) 117
سەيپىدىن شاكىروۋ (قازاقىستان) ........ باھار گۈللىرى (ھېكايە) 122

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

تۇنسا ئوسمان ........ «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرلار مۇكاپاتلاندى 126


---

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: قىزچاق، (مەتئىمىن زىبىبۇللا فوتوسى)

(بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە مۇش خەتلەرنى مىركامىل ئابدۇجېلىل ئىشلىگەن)

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# گۈزەللىك ئۈچۈن توقۇلغان گۈزەل مىسرالار

**— «ياشلىق - سۆيگۈ - غايە» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق شېئىرىي ئەسەرلەر توغرىسىدا**

## I

بىرەر دەۋر ئەدەبىي ھاياتىنىڭ جانلىق بولۇش-بولماسلىقى يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغىلا باغلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللىنىپ، ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇشىمۇ، مۇھىم ئامىللار سۈپىتىدە ئەدەبىي ھاياتنى جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك قاينام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەندۇرۇپ، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئاكتىپ روللارنى ئوينايدۇ. شۇڭىمۇ ئەدەبىياتقا ھەقىقىي مەنىسىدە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار باشقا ئامىللار قاتارىدا ھەر خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مۇبادا بىزمۇ ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققاندەك قىزىققان بولساق ئىدۇق، ئۇ ھالدا بىز ھەقىقىي ئەدەبىياتچىلاردىن بولۇشقا يەنە بىر مۇھىم شەرت ھازىرلىغان بولاتتۇق. ئاشۇنداق شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىغان ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئەدەبىياتى ئەلۋەتتە ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قېتىملىق ئەدەبىي پائالىيەت تەشكىللەش مەقسىتىدە 1992-يىلى ژۇرنال سەھىپىسى ئارقىلىق شائىرلار ۋە شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن «ياشلىق - سۆيگۈ - غايە» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق شېئىرىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ مۇسابىقىنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار، شائىر - ھەۋەسكارلار، كەڭ كىتابخانلار قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى. بولۇپمۇ شائىر - ھەۋەسكارلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى شېئىرلىرى بىلەن «ياشلىق - سۆيگۈ - غايە» تېمىسىنى ھەقىقەتەن گۈزەل، لىرىك، ھېسسىياتچان قىلىپ ئىپادىلىدى. بۇ پائالىيەت باھىر تالىپ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، ئابدۇلئەھەد ئىسمايىل، جېلىلى قاتارلىق شائىرلارغا ياشلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلاردا سۆيگۈ ۋە ياشلىقىدىكى ئارمانلىرى ئاساسىدا شېئىرىي ھېسسىيات ئويغاتتى؛ ئۆمەر مەتتىمىن، ئەكبەر نىياز پەتتارى، چىمەنگۈل ئاۋۇت، كېرىمجان سۇلايمان قاتارلىق ياش شائىرلارنى ياشلىق ھاياتى، سۆيگۈ - غايىسى ھەققىدە ئويلاندۇردى، ئۇلاردىن شېئىرىي گۈزەللىككە، ئىنسانىي ھېسسىياتقا، ئادەملىك پەزىلەتكە ئىگە سۆيگۈ پەلسەپىسىنى، قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى؛ تۇرسۇننىياز توختى، نۇرمۇھەممەت ياسىن، غېنى قۇربان، ئابدۇشۇكۇر راشىدىن، ئابابەكرى توختى قاتارلىق ياش ھەۋەسكارلارغا ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن ماھارەت سورۇنى ھازىرلاپ بەردى. قىسقىسى، بۇ پائالىيەت شۇ بىر يىلدا نۇرغۇن شائىر-

ھەۋەسكارلارنىڭ قىزىقىش، ئىنتىلىش مەركىزى بولۇپ كەلدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى بىرمۇنچە شائىرلار – ھەۋەسكارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى شېئىرلىرىنى بۇ پائالىيەتكە سوۋغا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ بىر يۈز يەتمىش نەپەر شائىر – ھەۋەسكار ئۆزىنىڭ مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ئەسىرىنى بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىزىملاتقانىدى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىككى يۈز پارچىسى ئىشلىتىلدى. ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقىدىن، كىتابخانلارنىڭ ياخشى ئىنكاس – باھالىرىدىن تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ناھايىتى خۇشال بولدى، شۇنداقلا پائالىيەتنى تەشكىللەش، ئەسەر تاللاش، مۇكاپاتلاش ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە بەزى ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

II

«ياشلىق – سۆيگۈ – غايە» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلغان ياخشى شېئىرلارنى بىز بىر گۈلزارلىققا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. بۇ گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنىڭ ھۆسنى، پۇرىقى ھەر خىل. مۇشۇ ھەر خىللىقتا ئۇلارنىڭ خىللىرى گەۋدىلىنىپ، پۇراقلىرى ئېشىپ تۇرۇپتۇ، مۇشۇ ھەر خىللىق ئۇلارنى بىر – بىرىدىن ئاشۇرۇپ تۇرۇپتۇ. دېمەكچىمىزكى، بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق ياشلىق – سۆيگۈ – غايە تېمىسىدا ھەقىقەتەن تەرىپىنى قىلغۇچىلىكى بار بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلار مەيدانغا كەلدى.

مۇبادا بىز چىمەنگۈل ئاۋۇت يازغان «تەتۈر چېقىن» ناملىق لىرىكىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بۇ ئازابلىق لىرىكىدا پەيدا قىلىنغان قەلب لەرزىمىزنى ئۇزاققىچە باسالماي قالىمىز. شائىر «كۆزلىرى قۇياش نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان» يىگىت بىلەن «تىلى يالقۇنلۇق، گۈزەل ھېسسىياتىنى مەڭگۈ ئىزھار قىلالمايدىغان» قىزنى لىرىك ئوبرازلار سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ ھەم ئۇلارنى ئۇچراشتۇرۇپ، شۇ قىسقىغىنا مىنۇتلاردىكى سۆيگۈ ھېسسىياتىنى، ۋىسال ئۈمىدىنى، شۇنداقلا جىسمانىي ئەيىب تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان مەڭگۈلۈك ھىجراننى ئالاھىدە شېئىرىي مەنزىرە قىلىپ تاللىۋالىدۇ. ئوتلۇق مۇھەببەت ۋىسالىغا يەتمەي تۇرۇپلا ھىجرانغا قالسا، بۇ سۆيگۈ بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئۆرتىمەي قالامدۇ؟! گەرچە بۇ بىر ۋىسالسىز مۇھەببەت بولسىمۇ، لېكىن شائىر يەنىلا مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان. بىز شېئىرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا يەنە شېئىردىكى كەيپىياتنىڭ جانلىقلىقىغا، شېئىرىي مەنزىرىنىڭ تاللىنىشىغا، شائىرنىڭ يېڭىچە كۆزىتىش ۋە پىكىر قىلىش نۇقتىسىدا تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلماي قالمايمىز.

ئەكبەر نىياز پەتتارىنىڭ «قىزىلگۈل بولۇپ ھويلاڭدا ئۈنسەم» ناملىق شېئىرىمۇ بىزگە يېڭىچە بىر خىل ئىستىتىك زوق بېغىشلايدۇ. شېئىردا ھىجران ئازابى ئىپادىلەنگەچكە، شېئىرنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى شۇنچە ئازابلىق. شائىر شېئىردا بىزگە مۇنداق كەيپىياتنى تۆۋەندىكىدەك شېئىرىي مەنزىرە ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ھىجرانىڭغا قويغۇنىمچە باش، / ئۇپۇقىڭدىن ئۆتتۇم پەرىشتەم. / زەررىچە نۇرچاچ-

مىدى قۇياش، / ئۇۋا سالدى قەلبىمگە قۇياش.» شېئىرنى ئوقۇپ بىزمۇ ھىجران ئازابىدا ئۆرتەنگەندەك بولىمىز، قۇياش زەررىچىمۇ نۇر چاچمىغاچقا، ئۈمىدسىزلىكىمىزمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. ئاھ خۇدا، سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىزمىدۇ؟! بىز ئەسلى سۆيگۈمىز بىلەنلا دۇنيانى گۈزەل كۆرۈپ، ۋىسالىنى دەپ ھاياتتىن ئۈمىدلىنىپ ياشايدىكەنمىزغۇ... سۆيگۈ ـ ئۈمىد، سۆيگۈ ـ ھاياتلىق. ئۇ «مەن»نى قۇتقۇزۇپ قال! ئەمما،... «بىلگىنىمدە، تەبەسسۇمىڭدىن / تائەبەدىي مەھرۇملۇقۇمنى. / يوقالغانغا ئەيلىدىم قىياس، / بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقۇمنى.» بۇ ـ ھىجران ئازابى؟ ۋىسال ئىزدەپ يۈرگەن ئاشىقنىڭ شېرىن ئازابلار بىلەن ئېيتقان ناخشىسى. بۇ ناخشا بىزگە مۇرادىغا يېتەلمەي يۈرگەن ئاشىقنىڭ «ئازاب ناخشىسى»، «مۇمكىنسىزلىك ناخشىسى» بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن دېسە، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ سىماسىدىن كۆرە چوڭقۇر پىكىرلىك، گۈزەل شېئىرىي مىسرالار ھەم شېئىرىي مەنزىرىلەر كېلىدۇ. شۇڭا خېلى كۆپ كىتابخانلار ئۇنىڭ شېئىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە يەنە بىر پارچە ياخشى شېئىرنى تەقدىم قىلدى: «قوللىرىڭدىن ئۈركۈگەن ئامەت، / ۋىسالىڭنى قارا باستۇرۇپ / ئۇچۇپ كەتتى كەپتىرىڭنىڭ قانىتى بىلەن / كۆۋىكىڭغا ئۇۋا سالغىلى.» بۇ ـ ئۇنىڭ «داتلاشقان ئوت» ناملىق شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسى. «داتلاشقان ئوت» ـ شائىر ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللىۋالغان بىر خىل نىكاھ. شائىر شېئىرىدا بۇ نىكاھنى ئوخشىمىغان ھالەتلەرگە، مەسىلەن: «ئۆزىڭنىلا خاس يېتىم لەززىتىنى ھىجرانىغا باقىلى بېرىۋەتكەن»، «روھىي بىلەن تېنى ئۆي ئايرىغان»، «يۈرىكى قېنىنى تونۇماس بولۇۋالغان»، «ھەمراھى يوق يولۇچى بولۇپ قالغان»، «مۆگلىرىنى ساتارىغا ئۆتكۈزگەن»، «تەلىيى تەتۈر كەلگەن، لېكىن خىيالىغا كەلمەتكەن»... ھالەتلەرگە ئىنكاس قىلغان. بولۇپمۇ شېئىرنىڭ مۇنۇ خۇلاسىسى كىشىنى شائىرغا تېخىمۇ قايىل قىلىۋېتىدۇ: «چېقىپ كەتسە ئادەم سۆيگۈدىن، / يات كۆرۈنىدىكەن تېنىگە ئۆزى.» دېمەك شائىر، سۆيگۈنى يېڭى بىر نۇقتىدىن چېقىپ ئۇلۇغلىغان.

تاھىر تالىپنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە بەدىئىي قىزىقچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ مىسرالىرىدىن تاپقىلى بولمايدىغان «ئۆكۈنۈش ـ پۇشايمان قىلىش» ئامىللىرىنىڭ بۇ قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان «كۆك گۈمبەزگە سىغمايدۇ نالەم» ناملىق شېئىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرۇشى بىزگە نىسبەتەن يېڭىلىق تۇيۇلدى. گەرچە شائىر كۆك گۈمبەزگە سىغمىغۇدەك نالىسىگە ھەم ئۆزى سەۋەبچى، ھەم تەقدىر سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى «ئۆزۈمدىن ئۆتكەن-دە، ئېمە دەي، / تەگشىمەس بىۋاپا ئالەمگە» دەپ يازسىمۇ، بىز شائىرنىڭ پۇشايمىنىغا، نالىسىگە ھېسداشلىق قىلىشتىن كۆرە، شائىرنىڭ سۆيگۈ ـ ۋىسالىنىمۇ پۇرسەت ئىكەنلىكى، ئۇنى قەدىرلەشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ئۆگە تىمىسىگە رەھمەت ئېيتىمىز. قىزىق، تاھىر تالىپ شېئىرىدا نالىسىنى يېزىپ كېتىۋېتىپمۇ، پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈش ئالامەتلىك مۇنداق قىزىقچىلىق ۋە چاقچىقى بىلەن بىزنى كۈلكىگە قىستىغان:

« بىلسەڭ: بويۇنىڭدىن باغلاندىڭ، / سىڭ لەنەت ئوقۇدىڭ مەن كۈيغا. / دەپ قالدىڭ ئىھتىمال: كۆپ يىللار، / ئىجىل بوپ كەپتىمەن بىر ئۈيغا.»

شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ «ئارزۇ چەكسىز، ھايات بىر جام» ناملىق شېئىرىمۇ خېلى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، شېئىردا يارقىن شېئىرىي ئوبراز، ئاممىباب بەدىئىي تىل ئارقىلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان. شېئىردىكى «ھىجران تۇنلىرىنى قوغلايلى جانان، / قۇچاقلار بىزلەرنى مۇھەببەت، ھايات» دېگەنگە ئوخشاش ئۇمىدۋارلىق، جەڭگىۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان مىسرالار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان شېئىرلار ئىچىدە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

بىر قىسىم ياخشى شېئىرلىرى بىلەن شېئىرىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىۋاتقان ياشلارنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى، ئىپادىلەش سەنئىتىمۇ يېڭىچە ھەم ئالاھىدە. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان ياشلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىز بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: ئالايلى، كېرىمجان سۇلايمان پاك، ھەقىقىي سۆيگۈ ئۈچۈن تەسەۋۋۇردىكى بىر ماكاننى تاللىۋالغان. ئۇ «ئونىنچى پىلانېت» ناملىق شېئىرىدا پاك ھەم ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ بۇ ماكاندا تولىمۇ قەدىرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز ئۆكۈنۈپ «دىلدارى»نى دىللار ئازار يېمەيدىغان، دىۋىلەر قەدەم باسمايدىغان، ئاتومسىز ـ ئوقسىز، خۇدا، پەيغەمبەرلەرمۇ بولمىغان، دىل ـ تىل بىردەكلىكتە ئىگە بولغان، ھەتتا ئۈچۈشنى ئويلىماي ئاققۇلار ماموق پەيلىرىنى تەييار قىلىپ تۇرىدىغان، چۈشنى شاقىراتمىلار دېڭىزىغا ئاپىرىپ تۆكۈۋەتمەيدىغان»، «دۇنياسى»غا تەكلىپ قىلغان. ئەلۋەتتە شېئىردىكى تەسەۋۋۇر گۈزەللىكى، قۇرۇلما ھەم يەنە شېئىردىكى چوڭقۇر پىكىر قەلبىمىزنى لەرزىگە سالماي قالمايدۇ. مۇختەر سوپىنىڭ «ۋىسالسىز مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلارنىڭ بىرى. ئالدى بىلەن شېئىرنىڭ ماۋزۇسىلا بىزدە ئالاھىدە بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى بارلىق مۇھەببەتلەر ئەمەلىيەتتە ۋىسال ئىزدەيدىغان ئورتاقلىققا ئىگە، ئەمما شائىرنىڭ مۇھەببىتى بولسا ۋىسالسىز مۇھەببەت. مانا مۇشۇ ۋىسالسىز مۇھەببەتنىڭ ئۆزىلا ھەم ئازابلىق شېئىرىي كەيپىيات پەيدا قىلغان ھەم كىتابخاندا ھېسداشلىق قوزغاتقان. چۈنكى شائىرنىڭ ھالىتى مۇنداق: «تۇتالمايمەن ساڭا مەن سوۋغات، / قىلالمايمەن قەلبىمنى ئىزھار. / ئالدىمدىكى توساقلار قات ـ قات، / ئويسىز، چۈشسىز مەن بۇندا بىدار.»، «پۇشايماندىن ئەسەر يوق لېكىن، / يالغۇزلۇقتا ئەسلەيمەن سېنى. / بەلكىم سېنى ياد ئېتىش شېرىن، / تېتىغاچقا سۆيگۈ قەدرىنى» ... نۇرمۇھەممەت ياسىن يازغان «مۇھەببەتنىڭ ئانىسى نەدە؟» ناملىق لىرىكىمۇ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ شېئىرنى بىز شەرھلەپ ـ تەرىپلەپ ئولتۇرماي، شېئىرنىڭ ئېسىل مىسرالىرىنى كىتابخانلار بىلەن بىللە كۆرۈپ باقايلى: «مۇھەببەتنىڭ ئانىسى نەدە؟ / تۇغۇپ قويدى ئۇنى كىم، قاچان؟/ ... دېگەنلەرگە يورمەيلى ھەرگىز، / بىز ئارتۇقچە كاللا قاتۇرۇپ. / ئېرىشتۇقمۇ، تۇتايلى، مەھكەم. / ئۆزگىلەرگە قويماي تارتقۇزۇپ. / »،

(ئاخىرى 12 ـ بەتتە)



# «ئا، ب، س،... ئەپەندى»

## (ھېكايە)

بۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورانلىرى جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىغان ۋەھىمىلىك يىللار ئىدى!...

ئۇ، «ئېلىپبە» ھەرپلىرى تولۇق — چىرايلىق يېزىلغان قارا دوسكىنى بويىنغا ئاسقان، شاپىگرافتا بېسىلغان بىر مۇنچە «ئېلىپبە» كىتابىنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا ئاستا مېڭىپ رەستىگە كىرىپ كەلدى — دە، ئادىتى بويىچە باشتىكى دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاپ، چوڭقۇر «ئۇھ!» تارتىپ دېمىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن سەل پولتىيىپ چىققان قاپقارا، سولغۇن — مەيۇس كۆزلىرىنى جامائەتكە — سودىگەرگە تىكىپ، ئوڭ قولىنى دوسكىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە — دەل يۈرىكىنىڭ چۈشتىغا قويۇپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

جامائەت خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك ھەممىسى تەڭلا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللا ۋەبەرىكاتۇھۇ①.

— خالايىق، — دېدى ئۇ، يىللاردىن بېرى ھەر كۈنلىكى ئۆزى دەپ كېلىۋاتقان، جامائەتنىڭمۇ قۇلىقىغا سىڭىپ يادا بولۇپ كەتكەن كونا گەپلەرنى يەنە تەكرارلاپ، — خۇدا ھەققى، كېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، خەت بىلمىسەك غەپلەتتە — جاھالەتتە قالىمىز. بالايىقازادىن قۇتۇلالمايمىز. خەت ئۆگىنەيلى! سېيىت نوچىمۇ خەت تونىمىغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم

① خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن ۋە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خېتىنى ئۆز قولى بىلەن جالىلاتقا تاپشۇرغانىكەن. خەت ئۆگىنىش ساۋاتلىق، قەرز ھەم پەرز. لېنىنمۇ: «ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرۇپ بولمايدۇ» دەپتىكەن. ئۆگىنىڭلار! قېنى ئەمىسە، ئالدى بىلەن ئۇيپۇچ ئوقۇيمىز. ماۋۇ خەتلەرگە قاراڭلار!

ئۇ چوڭقۇر بىلەن ھەرپلەرنى بىردىن-بىردىن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى: ئا، ب، س، ت، ... ئۇ قايسى ھەرپنى ئوقۇسا، جامائەتمۇ خۇددى يېڭى ئوقۇغۇچىلاردەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىگە يادا بولۇپ كەتكەن بۇ ھەرپلەرنى ھەر خىل - بوم، زىل ئاۋازلاردا تەكرارلىدى:

— ئا، ب، س...

— ھە، بولدى - بولدى. ئەمدى مەن دېمەي، سىلە ئۆزۈڭلار باشتىن ئوقۇپ بېقىڭلار، باشلاڭلار!

— ئا، ب، س...

— رەھمەت - رەھمەت، ئوبدان ئۆگىنىشىپلا، ئۇنتۇپ قېلىشماپلى! - ئۇ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بۇرۇلۇپ چەتتىكى دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەمگە يۈزلەندى، - خوش، سىلىنىڭ گەردەنلىرىدە ئىككى ھەرپ قەرز قالغان، ئۆزلىرىنىڭكىدە بەش ھەرپ، قېنى ئەمىسە مۇشۇ دوسكىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئارىسىدىن ماڭا قەرزدار بولۇپ قالغان ھەرپلەرنى تېپىپ ئوقۇپ بېقىشسىلا.

ياشانغان ئادەم ئۆزى «قەرزدار» بولۇپ قالغان ئىككى ھەرپنى دۇدۇقلىماي-تەمتىرىمەيلا كۆرسەتتى:

— مانا ماۋۇ «ل»، ھە، يەنە بىرسى ھە، مانا - مانا مۇشۇ «ك».

— ھەببەللى، ئوبدان ئۆگىنىپلا، خۇدايىم بەرىكەت بەرسۇن. خوش يىگىت، ئەمدىكى نۆۋەت سىلىگە كەلدى. ئالماقنىڭ بەرمىكى بار. سىلە ماڭا بەش ھەرپكە قەرزدار.

يىگىت ئىككى ھەرپنى تېپىپ ئوقۇپ بەردى. قالغان ئۈچ ھەرپنى تاپالماي تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. ياشانغان ئادەم شاگىرتىنى تەڭلىكتە قويماسلىق ئۈچۈن گەپكە ئارىلاشتى:

— ئەپەندىم بۇ بالىنى ئەپۇ قىلسىلا، «ئىنقىلاب قىلىمىز» دەپ ۋاقىت چىقىرالماي قالدى.

ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزلىرى چەكچەيدى:

— ياق بولمايدۇ، ئوقۇش گەپ ئېشەككە يۈك، خەت بىلمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ ئىنقىلابچى دېگىلى بولسۇن؟! بولسىمۇ قارىغۇ ئىنقىلابچى بولۇپ قالدۇ. ئېشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون بەش تەڭگىلىك ئىنقىلابچى بولىدۇ.

ياشانغان ئادەمنىڭ قورقۇنچىدا چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم! بولدى - بولدى! گەپ قىلمىسىلا، بىزنى كۈن كۆرگىلى قويسىلا.

— خۇدايىم مېنى گەپ قىلسۇن، دەپ تىلىم بىلەن ياراتتىكەن. ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تېخى، - ئۇ قولتۇقىدىكى «ئېلىپبە» كىتابىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يىگىتكە ئۇزاتتى، - ماۋۇ كىتابنى ئوبدان ئۆگىنىدىغان بولسىلا قانداق ئىنقىلاب قىلىشنى بىلەلەيدىغان بولىلا، خوش، بىز ئەتە كۆرۈشىمىز.

ئۇ يەنە دۇكانلارنى ئارىلاشقا باشلىدى: «ھە، ماۋۇ ئادەممۇ ئۆگىنىپ بولغان.

ئاۋۇ ئادەممۇ، ھە، ئەنە ئادەم خامراق »
ئۇ ئەتلەس - شايى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا
توختىدى. — ئۆزلىرىمۇ قەرزنى تۆلىۋەت-
سىلە، ھە، قېنى قايسى ھەرپ ئىدى؟...
ئوقۇسىلا، ۋاي بەك خام ئىكەنلا، مانا
ماۋۇ كىتابتا ھەممىسى بار، ئوبدان
يېشىشقىلىسىلا.

ئۇ شۇ ھالدا دۇكانلارنى ئارىلاپ رەس-
تىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ماڭغاچ، ھەرپلەر-
نى ئۆگىنىپ بولغانلارغا رەھمەت ئېيتىپ،
خاملىرىغا تەنبىھ بېرەتتى:

— ئوبدان ئۆگىنىپلا، رەھمەت، خۇدا
ئامانلىق ئاتا قىلسۇن.

— يىگىت سىلە يەنە چىگىت چېقىۋا-
تامسىغۇ؟ بولمىدى، ماۋۇ كىتابنى ئوبدان
ئوقۇسىلا.

— ئۆزلىرى...؟ ئاپلا!... بىلمەسلىك،
ئۆگەنمەسلىك نومۇس!

— ھە، سىلىمۇ شۇنداق، ساۋابلىق
ئۇچۇن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختى - سا-
ئادىتى ئۈچۈن ئۆگەنسىلە، خوش، سىلىگە
بۇ ھەرپلەر ئامانەت قالدى، ئەتە
قايتۇرالا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ... ۋاي خۇ-
دايىم، ئۆزلىرى خەتمە قۇرئاننى ئوبدان
قىلىدىكەنلا، ئايەتلەرنىمۇ سۈدەك يادى-
لىيالايدىكەنلا، شۇغىنىسى - زە، ئېلىپبە-
نى ئوقۇيالمايدىكەنلا. «قۇلاق موللىسى»
ئىكەنلىدە، مانا كىتاب، ئا، ب، س.

— ياق «چ» ئەمەس «ج»...

كەچ كىردى، دۇكانلار تاقالدى. ئۇ-
نەگىدۇر غايىب بولدى.

ئېگىز بويلۇق بۇ ئادەم بىر نەچچە
يىل ئىلگىرى رەستىدە پەيدا بولغاندا
جامائەت ئۇنىڭ چاڭگا ساقىلى، پۇلتى-
يىپ چىققان قاپقارا كۆزلىرى، سولغۇن-
غەمكىن چىرايى، مەيىنەت ئۇستىبېشى،
سۇرلۇك تەلەتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارا
دوسكىنى بوينىغا ئېسىپ يۈرۈپ «خەت
ئۆگىتىمەن» دەپ كىشلەرنى ئاۋارە قې-
لىشلىرى... نى كۆرۈپ «ساراڭ ئوخشاي-
دۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى. لېكىن
بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق كۆپ ئۆتكەن،
ئېتىقادى كۈچلۈك سودىگەرلەر: «يۇمۇ
ئاللانىڭ بەندىسى، كىمنىڭ مۇشۇنداق
بولغۇسى بار؟!» دېيىشىپ ئۇنى مازاق
قىلمىدى. جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گې-
پىگە قۇلاق سالدى. كېيىن ئاڭلىغانسې-
رى يەنە ئاڭلىغۇسى كەلدى.

— پاھ! گېپىنىڭ خوپ تەمى بارغۇ؟!

— مېغىزلىق گەپ قىلدى.

— قۇلاققا ياقىدىغان گەپ، ساراڭ
ئادەم بۇنداق گەپ قىلالمايدۇ.

— ساراڭ؟! نەنىڭ سارىڭى ئۇ؟ بېجە-
رىم ئادەم ئىكەن!

دېگەندەك ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ
«ساراڭ» ئەمەسلىكىنى نامايان قىلدى.
رەستىدىكى شۇنچە كۆپ دۇكاندىكى ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىق-
تى - دە، كىمنىڭ ساۋاتلىق، كىمنىڭ
ساۋاتسىز، كىمنىڭ چالا ساۋات ئىكەن-
لىكىنى «تاسقاپ» بولدى.

ئەتىسى ئۇ يەنە كەلدى، جامائەتكە
سالام بەردى. تۈنۈگۈنكىدەك ئۆگىنىشنىڭ
«كەلىمەسى» نى يەنە تەكرارلىدى: «خا-
لايىق بىلىپ قېلىڭلار، ئېسىڭلاردا ساق-
لاڭلار!» ئاندىن ئۆگىتىشنى يەنە باشتىن
باشلىدى: «ئا، ب، س...» ئۇ ئۆگۈنىمۇ،
ئىندىنىمۇ كېلىۋەردى: «خالايىق بىلىپ
قېلىڭلار...»

ئۇنىڭ ئازنى-پەيشەنبىسى يوق ئىدى.
قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇن دېمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەر كۈنى ئاشۇ قارا دوسكىنى بويى-
نىغا ئېسىپ، شاپىگرافتا بېسىلغان ھې-
لىقى «ئېلىپبە» كىتابلىرىنى قولتۇقىغا
قىستۇرۇپ، پۇتلىرىنى ھارغىن سۆرەپ مې-
ڭىپ، جاما ئەتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولات-
تى - دە، ئالدى بىلەن ئۇلارغا سالام بې-
رىپ، ئاندىن كەلىمەسىنى سۆزلەيتتى.
بىلسۇن - بىلمىسۇن ھەممە ئادەملەرنى
تەكرارلاشقا زورلايتتى. ساۋاتلىقلار بى-
لەن كارى بولمايتتى، ساۋاتسىزلار بى-
لەن چالا ساۋاتلىقلارنىڭ كۆزىگە كىرى-
ۋالاتتى. ئۇ ئىككى ھەرپكە قەرزدارمۇ
ياكى ئۈچ ھەرپكىمۇ، ئۇ چالىمۇ -
بۇ خامىمۇ - ئېنىق ئېسىدە ساق-
لايتتى. «قەرز» نى سۆيلەيتتى.
بەزىلەر ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قەس-
تەنگە ئۆزى بىلىدىغان ھەرپلەرنى كۆر-
سەتسە، « ياق ئۇ ئەمەس، سىلە ماڭا
ماۋۇ ھەرپكە قەرزدار » دەپ ئۇ ئادەمنى
يەرگە قارىتىپ قوياتتى.

سودىگەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ بۇ خالىس ئو-
قۇتقۇچىسىغا ئېجىل بولۇپ قېلىشقانىدى.
ئەتىگەنلىك چاي - پايلىرىنى ئىچىپ،
دۇكانلىرىغا جەم بولۇپ، سودىلىرىنى
قىلغاچ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشات-
تى. تولا تەكرارلاپ كىشىلەرنىڭ قۇلىقى-
غا سىڭىپ يادا بولۇپ كەتكەن گەپلەرنى
قايتا - قايتا تەكرارلاۋەرسىمۇ جىمجىت
تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆگىتىشلىرىگە قۇلاق سا-
لاتتى. قېشىغا كەلگەندە، ئەدەب بىلەن
ئېگىلىپ سالام بېرەتتى، ئىش - كۈشلى-
رىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى،
ھەرگىزمۇ « سەل تەخىر قىلسىلا » ياكى
« ماۋۇ خېرىدارنى يولغا سېلىۋالاي »
دېمەيتتى.

يىللار ئۆتتي، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللى-
رىغا ئاق سانجىلدى. يۈزلىرى، بويۇن-
لىرىغا تارام - تارام قورۇقلار چۈشتى.
قەدەملىرى ئاستىلاپ دەلدۈگىنىپ ماڭى-
دىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ،
كېلىپ - كېتىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى.
ئۇ كېلىۋەرگەنسېرى خەت تونۇيدىغان،
يازالايدىغانلارمۇ كۆپىيىۋەردى. خېلى
كۆپ سودىگەرلەر گېزىت - ژۇرناللارنى
ئوقۇيالايدىغان، ھېساب - كىتابلىرىنى
خاتىرىلەپ يازالايدىغان، ھەتتا باشقى-
لارنىڭ سالام خەت، ئەرز - شىكايەتلىرى-
نىمۇ يېزىپ بېرەلەيدىغان « دوللام »بو-
لۇپ قالدى. ئارىلىقتا شۇنچە يىللار ئۆت-
تى. لېكىن ئۇلار ئاشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ
بۇ خالىس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىسمىنى،
تۇرار جايىنى بىلەلمىدى، سۈرۈشتۈرۈپمۇ
تاپالمىدى. ئۇ، سورىغانلارغا غەمكىنلىك
بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى:

- ئىسمىم ئەپەندى، جايىم زېمىن،
قېنى ماۋۇ خەتلەرنى ئۆگىنەيلى:
ئا، ب، سى...

× ×

ئاسماننى قويۇق قارا بۇلۇت قاپلاپ،
شەھەر خۇددى قارا تۈتەكتە قالغاندەك
غۇۋالاشقانىدى. ھاۋانىڭ بۇ ئەلپازىدىن
قارىغاندا ھېلىلا شارىلداپ يامغۇر ياغى-
دىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق جۇدۇنلۇق كۈن-
لەردە ئانچە سودا بولمايتتى. شۇڭا كۆ-
پىنچە سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى تاقايتتى-
دە، ئارامخۇدا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ،
قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچ-
كەچ ھېساب - كىتابلىرىنى قىلىشاتتى،
لېكىن بۈگۈن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى.
ئۆزلىرى كەلمىسە « ئەپەندىم » نىڭ
كۆڭلىنىڭ يېرىم بولىدىغانلىقىدىن ئەنسى-
رەشتي - دە، يەنە بالدۇر قىدەكلا ئەتىگەن-

لىنىڭ چاي ـ پايلىرىنى ئىچىپ، دۇكانلىرىغا جەم بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۇنى ساقلا ـ ساقلا كۈن ئاش ۋاقتىدىن ئۆتتى، مانا چۈشمۇ بولاي دەپ قالدى. ئاسمان سۈزۈلۈپ كۈنمۇ چىقتى. لېكىن «ئەپەندىم» تېخىغىچە كۆرۈنمىدى. سودىگەرلەر: «ئەپەندىم ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالمىسا چوقۇم كېلەتتى» دەپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى. ئىزدەپ باقايلى، دېسە ئۇنىڭ تۇرار جايىنى بىلەلمىدى. قىرىشقاندەك بۈگۈن سودىمۇ ئاقمىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ تېتىلداشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا سىرتتا ئالا ـ جوقا تووۋلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي بىلەكلىرىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» بەلگىلىرىنى تاقاشقان يۈزدەك ئادەم ئەپەندىمنى ئالدىغا سېلىپ ئىتتىرىپ، تېپىپ رەستىگە بېسىپ كىردى. سودىگەرلەر شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كېتىشتى: «ئاھ خۇدا، نېمە ئالامەت بۇ؟!».

ئەپەندىمنىڭ مەڭزىلىرى كۆكەرگەن، بىر كۆزى ئىششىپ پولتىيىپ چىققانىدى. بويىندا يەنە ھېلىقى دوسكا ئېسىغلىق تۇراتتى. دوسكىدىكى ھەرپلەر ئۆچۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچىنى يوقىتايلى» دېگەن شوئار چوڭ قىلىپ يېزىلغانىدى، قولىغا كاناي تۇتقۇزۇلغانىدى. تېخى يېقىندىلا سودىگەرلەر ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويغان قالپىقى، پەلتۇسى، كالىچى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنىلا بالدۇرقى كونا ـ مەينەت كىيىملىرى تۇراتتى. «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئۇنى ئىتتىرىپ سۇپىغا چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ «قاسقۇس» شاپىلاقلاپ بېشىنى ئەگدۈردى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھوي! ئەكسىلئىنقىلابچى! جىنايىتىڭنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇر!! يەنە قالايمىقان كاپشىيدىغان بولساڭ ئىت كاللاڭنى يەنجىپ تاشلايمىز، سۆزلە!

ئەپەندىم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كانايىنى ئاغزىغا يېقىن تۇتتى:

— ئا، ب، س...

— ھوي مۇناپىق! كىشىلەرنى يەنە زەھەرلەۋاتىسەنا! مانا ئەمىسە! ـ ھېلىقى ئەبلەخ ئەپەندىمنىڭ ئاغزىغا «گاچچىدە» بىر مۇشت سالدى.

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتايلى!

— ئىت كاللىسىنى يەنجىپ تاشلايلى!

— ... يوقىتايلى!

— يەنجىپ تاشلايلى!

ئىسيانچىلارنىڭ تووۋلىغان شوئارلىرىنىڭ ساداسى رەستىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ چاڭ چىقىرىۋەتتى!

ئۇلار ئەپەندىمنى يەنە ئالدىغا سېلىپ ئۇرۇپ ـ تېپىپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇلار ئاستىراقمۇ ماڭمايتتى. كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، ئالا ـ جوقا تووۋلاپ سوكۇلدايتتى، سوكۇلداپ كېتىۋېتىپ شوئار تووۋلايتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توختاپ ئەپەندىمنى يەنە سوئال ـ سوراق قىلىپ قىينايتتى، ئەپەندىمنىڭمۇ كانايدا تووۋلىغان خىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ئا، ب، س...!

سودىگەرلەر ھاڭۋاقىنىچە تۇرغان جايلىرىدا قېتىپ قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كەتكەندەك دېمى سىقىلىپ، ھاسىرىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە چەكچىيىپ قاراشتى ـ دە، ياقىلىرىنى تۇتۇپ: «تووۋا خۇدايىم، تووۋا ـ تووۋا!» دەپ

ئاھ ئۇرۇشتى: « ئاھ خۇدا! بەندەڭ-
نىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغايسەن ».

ئۇلار ئاشۇ خۇدىنى يوقاتقان، ئەخمەق
ئىسيانچىلارنىڭ ئەسەبىي قىلىقلىرىغا
نەپرەتلىنىپ « توۋا! » دېيىشتىمۇ ياكى
ئەپەندىمگە ئىچىنى ئاغرىتىپ شۇنداق
دېدىمۇ بىلىپ بولمايتتى. مەيلى قاندى-
قى قانداق بولسۇن، ھېلىمۇ ئەپەندىمى-
نىڭ تووۇلىغان ئاۋازىنىڭ ساداسى ئۇلار-
نىڭ قۇلىقىنىڭ تۋۋىدىلا ياڭرايتتى:
« ئا، ب، س!... »
شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ يەنە كەلدى.
« ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ »، « باغلىشىمەن
چوقۇم كەلمەيدۇ »، « كېلەلمەيدۇ »،
«ۋاي - تاڭەي قانداق بولاكىن...» دېگەن
پەرەزلەر يوققا چىقتى. ئەنە، ئۇ پۇتلىرى-
نى ئاران سۆرەپ مېڭىپ رەستىگە كىرىپ
كەلدى، ئۇ ئاقسايتتى، كالتە - كالتە
يۆتىلەتتى. يۈزى كۆكەرگەن، كۆزلىرى
ئىششىپ پۇلتىيىپ چىققانىدى. بويىنىغا
يەنە ئاشۇ دوسكىنى ئېسىۋالغانىدى.
دوسكىدىكى تۈنۈگۈنكى « نەق ئەكسىلئىن-
قىلابچىنى يوقىتايلى » دېگەن شوئارنىڭ
ئورنىدا يەنە چىرايلىق، تولۇق يېزىلغان
ھەرپلەر تۇراتتى. ئۇ ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك يەنە شۇ خىرقىراق ئاۋازى بىلەن
جامائەتكە سالام بەردى. ئاندىن ئادىتى
بويىچە دۇكانلارنى ئارىلاپ، ئۇگەتكەن-
لىرىنى يەنە تەكرارلاپ كېتىۋەردى. سو-
دىگەرلەر خۇددى بىرسى بۇيرۇق قىلغان-
دەك ئۇپۇل - توپۇل ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇشتى. تاكى ئۇنىڭ ئېگىز، سەل دۈمچەك
گەۋدىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە ئارقى-
سىدىن قاراپ قېلىشتى. خۇدا خۇددى
ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشەلمەيدىغانلىقى-
نى دىلىغا سالغاندەك ياكى ئۇنى ئۇزاق
سەپەرگە ئۇزىتىۋاتقاندەك ھەممىسى تەڭلا
قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ تۇ-
رۇپ ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەشتى.
— خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت!
ئەتىسى سودىگەرلەر ئۇنى كۈتۈپ تە-
قەززا بولۇشتى. بويۇنلىرىنى سوزۇپ يولى-
غا تەلمۈرۈشتى، لېكىن ئۇ كەلمىدى. سو-
دىگەرلەر « ئەنە كېلىدۇ، مانا كېلىدۇ،
ھېلى كېلىدۇ » دەپ ئۇنى ساقلاپ كۈننى
كەچ قىلدى. ئۆگۈنى، ئىندىنى ئۆتتى...
ھەپتە ساقلىدى، ئۇ كەلمىدى. سودىگەر-
لەر ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر نېمىسى كەم-
دەك كۆڭلى يېرىم، تەقەززالىق بىلەن ئۇ-
نى ئىزدەپ، سۈرۈشتۈردى. لېكىن ئۇنىڭ
ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى، شۇڭا ئۇلار-
نىڭ قولى ئىشقا بارمىدى.
ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى
بولمىغانلىقىغا تاقەت قىلالمىغان « ياقا
يۇرتلۇق » بىر سودىگەر: « ئۇلار شۇنچە
تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئۇ ئادەم
ئېھتىمال ھېلى كۆپ، چوڭ سودىگەر ئوخ-
شايدۇ. تونۇشۇپ قويسام نەپ تېگىپ قال-
سا ئەجەب ئەمەس » دەپ ئويلاپ قالدى-
دە، ئۇلارنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن، ساق-
لاۋاتقان ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى سوراپ
قالدى. سودىگەرلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرى
ساقلاۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
خالىس ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، يىل-
لاردىن بېرى بىر كۈنىمۇ قازا قىلماي
قارا دوسكىنى بويىنىغا ئېسىپ يۈرۈپ،
ئۆزلىرىگە خەت ئۆگەتكەنلىكىنى، ئۆزلى-
رىنىڭمۇ « موللا » بولۇپ قالغانلىقىنى،
ھەتتا ئۇنىڭ رەڭگى روھى، بوي تۇر-
قى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن تارتىپ
ھەممىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.
ھېلىقى سودىگەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭ-

لاپ، خۇددى بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك تۇرۇپلا قېلىپ:

— بوي تۇرقى، رەڭگى روھى، قىلغان ئىشلىرىمۇ ئۇ ئادەمگە ئەجەب ئوخشايدىكەن، - دېدى ئۇ ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ، - شۇغىنىسىزە، مەن كۆرگەن ئۇ ئادەم سىلە دېگەندەك ئۇنداق چاڭگا ساقال، دوك ئەمەستەك قىلاتتى.

— كىمگە؟

— بىر چاغلاردا بىزنىڭ شەھەردىمۇ ئاشۇنداق بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇمۇ خۇددى سىلەر دېگەندەك بىر قارا دوسكىنى بويىنىغا ئېسىپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە ھەرپ ئۆگىتەتتى. سۈرۈشتۈرۈپ بىلسەك، ئۇ ئادەم ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى ئىكەن. چاتاق سۆزلەپ سېلىپ ئوڭچى قالپىقىنى كىيىپ قاپتۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلگەنىكەن، ئۇ يەردە ئىككى يىلدەك تۇرۇپتۇ، كېيىن «ساراڭ بولۇپ قالدى» دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بىزنىڭ شەھەردىمۇ ئۇزاق تۇرمىدى، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. كېيىن ئۇقساق بەزى نا ئەھلىلەر ئۇنى «يالغان ساراڭ» دەپ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغانىكەن.

— ئۇ ئادەم قاچان يوقاپ كەتكەن؟

ھېلىقى «ياقا يۇرتلۇق» سودىگەر بېشىنى قاشلىدى:

— ئالاھەزەل بەش - ئالتە يىلدەك بولدىغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، بىزنىڭ بۇ ئەپەندىممۇ بۇ شەھەرگە پەيدا بولۇپ قالغىلىمۇ بەش - ئالتە يىلدەك بولۇپ قالدى.

— ئاشۇ ئادەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— شۇدەك قىلىدۇ.

— بىز دەسلەپتە كۆرگەندە ساقىلى ئانچە چاڭگا ئەمەس ئىدى.

— ياش چوڭايغانسېرى.

— شۇ - شۇ.

— دەل ئۆزى.

— ئىسمىنى بىلمىدىغانلا؟

— يوقسۇ، ئۇ زامانلاردا ئۆزىمىزنىڭ دەردىنى تارتىشالماي تۇرغاندا، يەنە بىرەر پېشكەللىككە قالمايلى دەپ ئۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرۈپتىكەنمىز. - ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، بىر بالا ئوتتۇرىغا قىستىلىپ كىرىپلا سودىگەرلەرنىڭ بىرىگە بىر پارچە خەت تاپشۇردى.

«مېنىڭ سىلەردىن تىلەيدىغىنىم، مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بارغۇچى بالا ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇغ - تۇققانلىرى يوق — قارا يېتىم. شاگىرت قىلىۋالساڭلا، پاناھىڭلارغا ئالساڭلار.

ئېھتىرام بىلەن

ئەپەندىم.»

سودىگەرلەر گۇررىدە ئولىشىپ كېلىپ، بالىنى ئارىغا ئالدى - دە، ئۇنىڭدىن ھەممىسى تەڭلا، ئوخشاشلا — بىرلا سوئالنى سورىدى:

— ئەپەندىم ئۆزى نېمىشقا كەلمىدى؟!

بالا مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئاغرىپ يېتىپ قالغىلى ھەپتە بولدى. ئۈچ كۈندىن بېرى گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى.

بالا ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەردىن خېلى يىراقتىكى بىر تاشلاندۇق خىش خۇمدىنىغا باشلاپ باردى. ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ كىرگەندە، ئۇ ئاغزىدىن ئاققان قان مەيدىسىگىچە يالاپ چۈشكەن ھالدا، ئۈستى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇمدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتاتتى. تېنىمۇ ئاللىقاچان سوۋۇپ بولغانىدى. باش تەرىپىدە ھېلىقى قارا دوسكا بىلەن، شاپىگرافتا بېسىلغان «ئېلىپبە» كىتابى، يەنە بىر تەرەپتە ئىككى ھېجىر قاچا، بىر قاپاق تۇراتتى. بۇ نەرسىلەر جامائەتكە مەيۈس قاراۋاتقاندەك، خۇددى بوينى قىسىلىپ قالغان يېتىم بالىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە، ئىختىيارسىزلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

ئۇنى سۇغا ئالغاندا، جامائەتنىڭ كۆزى ئۇنىڭ بوينىدىكى خۇددى سىمدا بوغۇپ قويغاندەكلا كۆرۈنىدىغان بوغۇمغا چۈشتى. قېتىپ - بەزلىشىپ، پىشىپ كەتكەن بۇ بوغۇم - يىللاردىن بېرى دوسكىنىڭ شوينىسى پېتىپ چىققان ئىز ئىدى.

ئۇنىڭ نامىزى جامە ئالدىدىكى مەيداندا چۈشۈرۈلدى. سودىگەرلەر خۇددى قان قېرىندىشىغا ماتەم تۇتقاندەك ھازىدار بولۇپ، ئۇنى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى مازارلىققا دەپنە قىلىشتى، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تەكبىرلار قىلىشتى. نەزىر - چىراغلىرىنى ئوبدان قىلىپ قەبرىسىنى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئېلىشتى. پىششىق خىش، سېمونتلار بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ گۈمبەز سانسىزلىغان قەبرىلەر ئارىسىدا خۇددى باغۋارانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ئۆسكەن چىناردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. گۈمبەزنىڭ ئەگمە ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى يېرىم ئاي شەكلىدە چىقىرىلغان ئەگمە تەكچىگە «ئا، ب، س ... - ئەپەندىم مەقبەرىسى» دېگەن خەتلەر ئويۇپ چىقىرىلدى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇ خەتلەر خۇددى ئالتۇندەك كېچە يۇ كۈندۈز ۋالۋۇل ۋاللىدايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن نىياز

(بېشى 4 - بەتتە)

«مەست بوپ قالدۇق شېرىن سۆيگۈدىن، / كېتەيلى بەس ئۇنتۇپ ھەممىنى» ، «سورىمىغىن مېنى كىم سەن دەپ، / بىلمەي قالاي، مەنمۇ ئۆزۈڭ كىم . / سۆزلىشەيلى ئىككىمىز شۇنداق ، / گەپ قىلىشماي تۇرۇپ جىممۇ جىم»...

ئەگەر بىز ئابدۇلئەھەد ئىسمايىل، بۇۋىھەجەر ئارمىيا ئېلى، ئېلى قادىر، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، ئۆمەر يۈسۈپ ئەخمىدى، ئەمەتجان ساۋۇت، ئابدۇرەشىت ئەلى، جېلىلى، ھاتەمجان سايىم، ياقۇپ بەختى، ئاينۇر ياسىن، ئەزىم ناسىر، ئەنۋەر ئابلەت، غېنى قۇربان، ئابدۇشۈكۈر راشىدىن، ئابابەكرى توختى... قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرىدىغان بولساق، سۆزسىزكى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ ئاز بولمىغان ئېسىل پىكىر، ئىپادىلەش ماھارىتى، شېئىرىي مەنزىرىلەرنى ئۇچراتماي قالمايمىز. بۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ياشلىق - سۆيگۈ - غايە تېمىسى ئاكتىپ خاھىشتا نىسبەتەن يېڭىچە شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىلىكىمۇ، بەدىئىلىكىمۇ خېلى يۇقىرى.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى «ياشلىق - سۆيگۈ - غايە» تېمىسىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى ماھارىتىنى نامايان قىلدى، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئەھمىيەتلىك بىر قېتىملىق ئەدەبىي پائالىيەت بولۇپ قالدى.

1993 - يىل، ماي

ياسىنجان سادىق

# ئېھ، سەھرا

(ھېكايە)

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى...

ئاقمەھەللە ئۇخلاۋاتقان بوۋاقتەك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. نە قوينىڭ مەرەشلىرى، نە كالىنىڭ مۆرەشلىرى، نە ئىتنىڭ قاۋاشلىرى، نە توخۇنىڭ قاقىلداشلىرى، نە قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ئاڭلانمايتتى.

بىر چاغدا مەھەللە چېتىدىكى بۇلاق بويىغا جايلاشقان ھويلىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى - دە، بەستلىك بىر يىگىت لىققىدە ئۆرۈك سېلىنغان ئەپچىلگىنە يۇلغۇن سېۋىتىنى كۆتەرگىنىچە بۇلاق بېشىغا قاراپ ماڭدى.

بۇلاق سۈيى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يىگىت سۇدىن ئۇچۇملاپ ئىچتى. قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ مىس رەڭدە پارقىراپ تۇرغان يۈزىنى يۇيدى. ئاندىن سېۋەتنى بۇلاق سۈيىگە چىلىدى. ئۆرۈكنىڭ ئۈستىنى ياپقان ياپراقلارنى پاكىز يۇيدى - دە، بۇلاق سۈيىدە مۇزلىغان ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىنى يېپىپ مەھەللىنىڭ شەرقىگە — ئالتۇن دېڭىزدەك بۇغداي ئېتىزلىقىغا قاراپ ماڭدى... بۇغدايلىق ئورمىچىلار بىلەن قايناپ كەتكەنىدى. بۇغداي ئورۇۋاتقان ياشلار، ئەنجى توشۇۋاتقان، ياغ باغلاۋاتقان ئوتتۇرا ياشۋە قېرىلار، باش تېرىۋاتقان بالىلار پىژغىرىم ئىسسىقتا خۇشال كۈلكە، ناخشىلار بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا چېپىشاتتى. يىگىتنىڭ ئالدى تەرىپىدىن قىزنىڭ شوخ ئورما ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئورما ئورىسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلەرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ.

قىزنىڭ ناخشىسى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك يايرىتىۋەتتى. ئۇ ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ، قىزنىڭ ناخشىسىغا جۆر بولدى:

ئورما ئوردۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا.
راست كېپىڭنى قىل يارىم،
بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.

يىگىت ناخشىنى ئېيتقاچ قىز تەرەپكە كەلدى. قىز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بۇغدايغا ئەپچىللىك بىلەن ئورغاق سالاتتى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ئوك يېنىغا ساڭگىلىغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى...

يىگىت قىزنىڭ قېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەلگىنىنى بىلدۈرۈپ كالتە يۆتەلدى. شۇ ھامان قىز بۇغدايغا ئورغاق سېلىشتىن توختاپ، قىزىل ئەينەك ياغلىقتا تېڭىۋالغان بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى - دە، چىرايلىق بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— ھۇ بېشىنى يەيدىغان، — دېدى.

— كىم؟ — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن.

— سەن بولماي كىم بولاتتى؟ كۆزۈم سەتتى.

قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ يىگىت گەدىنىنى قاشلاپ ھېجايدى:

— قېشىڭغا مېنى ئىللاپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ كەلگەن ئوخشايمەن، دەيدىغان گېپىڭ شۇمىدى؟

قىز يىگىتكە زەردە بىلەن چەكچەيدى:

— راست گېپىمنى قىل دەپ ھاڭراپ كەلمىسەڭمۇ...

— توۋا! - دېدى يىگىت ئۇۋال بولغاندەك قىياپەتتە، قىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - ناھايىتى شۇ ساڭا جۆر بولۇپ ناخشا ئوقۇدۇمغۇ؟ شۇنىڭغىمۇ خاپا بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟

— باشقىلار ناخشا ئوقۇغاندا ئېغىزىڭنى بىرسى بوغۇپ قويغانمىدى؟ - دېدى قىز چىرايىنى ئاچماي، - يالاڭ ① مەن ناخشا ئوقۇساملا ئايىغىنى تارتىۋالىسەن سەت كاركىراپ.

— خاپا بولما خۇمار. مەن ناما قۇل بولاي، - يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئۆڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قىزغا ئېگىلدى.

— ئۆتەپ بارە، سەت توڭكاي، - قىز شۇنداق دېگىنىچە ۋىلىقىدە كۈلۈۋەتتى.

— مە، ئۆرۈك يېگىن، - دېدى يىگىت قىزنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ، - بۇلاق سۈيىدە يۇيۇپ مۇزدەك قىلىپ ئەكەلدىم.

— رەھمەت، ئۆرۈك يېگۈسى بارلارغا ئاپىرىپ بەرگىن، - دېدى قىز چىرايىنى يەنە تۈرۈپ، - مەن سېنىڭ ئۆرۈكۈڭگە خۇشتار ئەمەس.

قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يىگىتنىڭ سېۋەت تۇتۇپ تۇرغان، تۇم قارامتۇل بىلەكلىرى تىترىدى. شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، خورلۇق، ئىلتىجا نۇرلىرى بالقىدى.

قىز يىگىتنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە ۋىلىقىدە كۈلدى - دە، سېۋەتنى ئىككى تاقلاپلا بېرىپ يىگىتنىڭ قولىدىن كاپپىدە ئالدى.

— ۋاي بىچارە تاۋى نازۇكەي، - دېدى قىز ئۆرۈكتىن بىر تالنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، - ئىككى ئېغىز چاقچاقتا تاس قالدىڭ ماڭا يىغلاپ بەرگىلى.

يىگىت مەمنۇنىيەت بىلەن ھېجىيىپ، چاقچاقلىق بىلەن قىزنىڭ ئورغىقىنى قولىغا ئالدى.

— سەن ئۆرۈك يېگەچ بىردەم ئولتۇر، ئورمىنى مەن ئوراي.

— ئاۋارە بولما، - دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن، - ئۆزۈم ئورىمەن.

قىز سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، قىر تۈۋىدىكى چىغىر تامىقىنىڭ دالدىسىغا ئوت-چۆپلەر بىلەن يۆگەپ قويغان كومزەكنى ئېلىپ يىگىتكە ئۇزاتتى.

— تۈنۈگۈن ئۇيۇتقان قېتىق، ئىچىۋال، ئىسسىق تۇتۇۋالمايدۇ. يىگىت كومزەكتىكى مۇزدەك قېتىقنى بىر قوشۇق-بىر قوشۇقتىن ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر ھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. يىگىتنىڭ قوي كۆزلىرى قىزنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل چېھرىگە، ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى زىلۋا قامىتىگە، كالتا ئىشتاننىڭ كەڭ پۇشقىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پاقالچاقلىرىغا تويماي تىكىلەتتى. قىز ئۆرۈكتىن نەچچە ئون تالنى يېگەندىن كېيىن، سېۋەتنى ياپراقلار بىلەن چىرايلىق ئو-

① يالاڭ — يەكەن شېۋىسى، «ھەر دائىم» دېگەن مەنىدە.

راپ يىگىتكە تەڭلىدى.
ــ مەن بۇ بىر سىۋەت ئۆرۈكنى يەپ
بولالمىغۇدەكمەن. باشقا ئورمىچىلارغا ئا-
پىرىپ بەرگەچ ئورماڭنى ئورۇۋال، هاۋا يە-
نە تۆت - بەش كۈن مۇشۇنداق بولۇپ
بەرسە ئەنجىلەر جاڭ - جاڭ قۇرۇيدۇ. سو-
يىكىڭدە خامىنىمنى تېپىپ بېرەرسەن.
بۇغدايلىرىڭنىمۇ مەن ئورۇۋېتەي،-دې-
دى يىگىت يېلىنغان هالدا.
ــ ئۆزۈڭنىڭكىنىچۇ؟
ــ ئانام بىلەن دادام بار. سەن يال-
غۇزلۇق تارتىپ قاپسەن ، هاۋاخاچامنىڭ
كېسەلى تېخى ساقىيىپ بولالمىدى. بەرى-
بىر ساڭا ياردەملىشەلمەيدۇ.
ــ ياق، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭكىنى تۈگەت،
تېز تۇتۇش قىلمىساڭ باشاقلار تۆكۈلۈپ
كېتىدۇ، مەن يېتىشەلەيمەن. ئەخمەت تۈ-
نۈگۈن كەچ ناھىيىگە كەتتۇ. بۈگۈن بۇ
يەرگە چىقماقچى، قالغىنىغا ئەخمەت بار،-
قىز شۇنداق دېدى - دە، خىجىللىق بىلەن
بېشىنى تۆۋەن سالدى.
يىگىتنىڭ يۈرىكى هەرە چاققاندەك ئې-
چىشتى.
ــ بوپتۇ ئەممە،- دېدى يىگىت پەس
ئاۋازدا، ئۇنىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كەل-
دى، ئاۋازى تىترىدى ــ ئورمىنى ئورۇپ
بولۇپ خەۋەر قىل. ئەنجىنى سوپەكتە توشۇپ،
تېپىپ، سورۇپ بېرەي. ئەخمەت ئورما ئو-
رالىسىمۇ خامان ئالالمايدۇ.
قۇياش ئاسمانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا
توختاپ، زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى...
قىز بۈگۈنمۇ ئوزمىلىققا تورغاي چۇ-
چۇلىماستا چىققانىدى. مانا، چىڭقىچۈش
بولدى. قۇياشنىڭ تەپتى تۈنۈگۈنكىدىن
قېلىشمايتتى، قىز بۇغدايلارغا غەيرەت بى-
لەن ئورغاق سالاتتى. ئورغاق بېسى قۇ-
ياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ساغرىسىغا چۈ-
شۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرۈمە چې-
چى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ تىنىمسىز
سىلكىنەتتى. ئۇ ئاش ۋاقتىغىچە ناخشىنى
بولدى دېگۈچە توۋلىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق
ئاۋازىدىن پۈتكۈل ئورمىلىق جانلىنىپ
كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە سىغماي-
ۋاتقاندەك بولۇپ، هارماي ناخشا ئېيتات-
تى. ئورما ئوراتتى، پات - پات مەھەللە
ئىچىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. خۇ-
ما كۆزلىرى هەھەللە تەرەپتىن ئەخمەت-
نىڭ ئورغاق كۆتۈرۈپ چىقىشىنى، ناخشىغا
جۆر بولغىنىچە ئورما ئورۇشۇپ بېرىشىنى
ئىزدەپ تەلمۈرەتتى، كۈن ئاش ۋاقتىدىن
قىيىلغان بولسىمۇ، تېخىچىلا ئەخمەتنىڭ
ئۆزى تۈگۈل سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، با-
را - بارا ناخشا ئېيتىشقىمۇ تاۋى قالمى-
دى. ئېيتقان ناخشىلىرى ئۆزىگە مەززىسىز
تۇيۇلدى - دە، ناخشىنى توختىتىپ ئۇس-
ساپ كەتكىنىنى باهانە قىلىپ، ئەخمەت-
نىڭ ئاتا - ئانىسى ئورما ئورۇۋاتقان ئې-
تىزلىققا باردى، ئېتىزلىقتا بىر ئائىلى-
لىك كىشىلەرنىڭ هەممىسى بار، پەقەت
بىر ئەخمەتلا يوق ئىدى.
ئاخشام ئۇ ئورمىدىن يېنىپ، مەھەللە
ئىچىگە كىرگەندە، ئەخمەتنىڭ ئۆرۈمچى-
دىن ئوقۇشنى تاماملاپ ئاقمەھەللىگە
كەلگەنلىك خەۋىرى هەممە ئۆيلەرگە تار-
قالغانىدى. گەرچە بۇ ئەخمەتنىڭ دى-
دارىغا شۇنچە تەشنا بولغان بولسىمۇ يە-
نىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ «ئەخمەت ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ كەلدى، ئەمدى هېچنەگە كەت-
مەيدۇ، دىدارلىشىدىغان پەيتلەر كۆپ...»
دېگەندەك ئويلار بىلەن ئۆزىنى بەزلىگە-
نىدى. بۈگۈنچۇ؟ ئۇ ئەتىگەن قانداق تات-
لىق خىياللار بىلەن ئېتىز بېشىغا چىققا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى - ھە؟

خۇمار ئورما ئاخشىسىنى زوق بىلەن توۋلىسا، ئەخمەتمۇ ئورما ئورۇۋاچ ئۇنىڭ ئاخشىسىغا جۆر بولسا، يۈرەك سىرلىرىنى، سېغىنىشلىرىنى ئوتلۇق ئاخشىلىرى بىلەن ئىزھار قىلىشسا... ئېھ، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ئىدى - ھە؟ ئەپسۇس، بۈگۈن ئۇنىڭ ئاخشىسى يىگانە، جاۋابسىز قالدى. مەخمۇتچۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ يۈز قىزنىڭ ئارىسىدىنمۇ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلەيتتىغۇ؟ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرالماي، ئۇنىڭ ئاخشىسىغا جۆر بولاتتىغۇ؟ يۈرەك سىرلىرىنى، ئارزۇ ئىستەكلىرىنى ئاخشىسى ئارقىلىق بايان قىلاتتىغۇ؟ خۇمار تۈنۈگۈن مەخمۇت بىلەن ئۆرۈك يېگەن ئېتىزغا ئىختىيارسىز نەزەر تاشلىدى.

ئورمىچىلار ھاۋا يانغۇچە چۈشلۈك تاماق يەۋالغاچ، بەللىرىنى تۈزلەپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەھەللە ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى.

— ئالمىخاچا، — دېدى خۇمار، ئۆيىگە مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان قوشنىسىنى توۋلاپ، — ئانامغا دەپ قويسىلا، ماڭا ئاش ئەكەلمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن. ماۋۇ ئېتىزنىڭ ئىككى سوللۇق يېرى قالدى. باشقا ئاچقىۋېتىپلا تاماققا ئۆزۈم بارىمەن.

قىز، ئايالنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە ئورما ئورۇشقا تۇتۇندى. ئورغاقنىڭ بېسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. كەينىدە بىر قولتۇق - بىر قولتۇق ئەنجىلەر رەتلىك يېقىلىپ ياتاتتى. ئورغاقنىڭ رىتىملىق شىرتىلدىغان ئاۋازى خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

تۇيۇقسىز قىزنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئۆزىگە ئاشىقانە تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە — زامانىغا لايىق كىيىنىۋالغان، كۆپتۈرۈلگەن قوڭۇر رەڭ بۇدۇر چاچلىرى، قىزلارنىڭكىدەك ئاق، يۇمران چېھرىگە ھۆسن قوشقان ئەخمەتكە ئەندىكىپ قارىدى.

— ھارمىغىن، سالامەت كەلدىڭمۇ؟

قىز شۇلارنى دېدى - دە، ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن خىجىل بولغاندەك پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىدى. بىر يىللىق ھىجراندىن كېيىنكى تۇنجى يۈز كۆرۈشۈش قىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تارتىنچاقلاشتۇرغانىدى.

— ئۆزۈڭمۇ سالامەت تۇردۇڭمۇ خۇمار؟

قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئوماققىنا كۈلۈمسىرىدى. ۋۇجۇدىدىكى تارتىنىش، قورۇنۇش، ھودۇقۇش تۇيغۇلىرى ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. قىز ئەتراپقا خۇدۈكسىرەپ قارىدى، ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئۇلار قىردا قۇياشقا دۈمبىسىنى قىلىپ يانمۇ يان ئولتۇردى.

— ئاخشام كەلگەنىدىم، — دېدى يىگىت.

— خەۋىرىم بار، — دېدى قىز پىچىرلاپ.

— مەھەللىدە سېنى خېلى ئۇزاق ساقلىدىم. ئۆيگە يانمىدىڭ، ھەقىچان ئورما ئورۇۋاتىدۇ، دەپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم.

— يولۇڭغا ئەتىگەنلا قارىغانىدىم، — دېدى قىز تارتىنىپقىنا.

— ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمىدى، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئېلىپ ئورمىلىققا چىقسام بولىدىكەن. شۇڭا بېشىمنى چۆمكەپ جىملا يېتىۋالغانىدىم. يىگىت قىزنىڭ قاپىرىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى مېھرى

بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى،— كىشىلەر سەھرانى قىيامەت دېسە نېمە دېگىنىڭىز دەپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم، بۇندىن كېيىن سېنى ئورما ئورغۇزمايمەن. شەھەردىن ئىش ئورنۇم ھەل بولسىلاتۇينى غاچچىدە قىلىپ، سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىمەن.

يىگىتىنىڭ بۇ سۆزلىرى قىزنى شېرىن تۇيغۇلار قايىنىمىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ يىگىتكە باشقىدىن زەن سېلىپ چىقىپ تىكلا بېقىپ سورىدى.

— شەھەردە قالىمەن دەمسىنا؟

— ھەئە،— دېدى يىگىت مەغرۇرلۇق بىلەن،— ئۆتكەن يىلى يازلىق تەتىلدە تاغام بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەنىدىم. تاغام يول مېڭىپ بۇ ئىشلارنى ئاساسىي جەھەتتىن توغرىلاپ بوپتۇ. مەن ئەتە ئاشۇ ئىشنى سۈيلەپ تېزراق بىر ياقلىق قىلغىلى شەھەرگە كىرىمەن.

— سەن دېھقانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان ئىدىڭغۇ؟

— كەسپ ئالمىشىمەن. شەھەردە قالالىسىلا ھەر قانداق ئىش بولسا مەيلى. ئوقۇغان كەسپنى قىلمىغانغا نېمە بوپتۇ؟— يىگىت قىزنىڭ جىمىپ قالغىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى،— سەھرايى قىيامەتتە جاپا تارتىش بىزگە ئاتا- بوۋىمىزدىن مىراس قالمىغان بولغىيدى؟ بىلەمسەن خۇمار، شەھەر دېگەن قانداق گۈزەل — ھە! ھايات...

— ئاتا- ئانىمىزچۇ؟— دېدى قىز يىگىتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئۇلار مۇشۇ يەردە ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەن. ئەلنەرقى ئۆتۈۋېرىدۇ — دە!

— بولدى،سەن مېڭىۋەرگىن،— قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلدى- دە، قولىنى يىگىتنىڭ ئالقانلىرى ئارىسىدىن تارتىۋالدى.

— ئەمىسە، خوش خەۋرىمنى كۈتكىن،— دېدى يىگىت مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— توختاپ تۇر، ئەخمەت،— دېدى قىز قوپاللىق بىلەن. قىز ئەلەملىك تىنىۋەتتى، كۆزلىرىدىن ئازاب، ھەسرەت، ئېچىنىش ھېسلىرى بالقىيتتى،— بىلىپ قوي، مەن ئەمدى سېنى مەڭگۈ كۈتەلمەيمەن. ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق. سەنمۇ يولۇڭغا مېڭىۋەر.

يىگىت قىزنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەك تېڭىرقىدى، قىزاردى، ھەيرانلىق بىلەن قىزغا كۆزىنى تىكتى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، چاقچاق قىلمايۋاتىمدىغانسەن؟

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم.

— ئەمىسە ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان، ۋاپاسىزلىق قىلغان يېرىم بارمۇ؟

— ياق، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىدىڭ،— دېدى قىز تەمكىنلىك بىلەن،— بىراق، يېزىمىزغا، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا سەھراغا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ. بىلەمسەن ئەخمەت، ئاقمەھەللە بىزنىڭ ئانىمىز. ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمگە ئەزەلدىن مېنىڭ قەلبىمدە ئورۇن يوق.

يىگىت قىزغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى، ئاغزىدىن «ئەخمەق» دېگەن سۆزنىڭ قانداقسىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

قىز پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىغا ئورغاقنى ئالدى - دە، جان - جەھلى بىلەن ئورما ئورۇشقا باشلىدى. ئورغاق بېسى قوياش نۇرىدا يالتىرايتتى، شارتىلدىغان ئاۋازلار يىراق- يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

(ئاخىرى 23 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇر موللاق




قوشنىمىز ئەلاخاچامنىڭ سەككىز كۈندىن بېرى دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمدىن خىجىل بولدۇم. بايا ئۇ ئۆيگە پالتا سوراپ كىرمىگەن بولسام يەنە نەچچە كۈنگىچە بىلمەي يۈرەتتىمكەن - تاڭ. كېلىنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ چىقىپلا ئىشەكنى هارۋىغا قاتتىم-دە، ئايالىمنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتىم. بىزنىڭ ئۆيىمىز مۇشۇ مەھەللىنى كېسىپ ئۆتىدىغان توغرا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدى جەنۇبقا، ئارقىسى شىمالغا قىلىنىپ سېلىنغانلىقتىن، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى باغ بىلەن ئەلاخاچامنىڭ ھويلىسىنى پاكار ئەنجان تام ئايرىپ تۇراتتى. بىز باغقا چىقسىلا ئەلاخاچامنىڭ ھويلىسىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىيالايتتۇق. ھەر كۈنى باغدا ئىشلەپ يۈرۈپمۇ ئەلاخاچام ياكى سىدىقكامنىڭ نېمىشقا ئاۋازى چىقمىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىمەن. بىر تام قوشنا بولغان ئادەم ھەمسايىسىنىڭ ساق ياكى ئاغرىق ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىپەرۋالىق بولامدۇ؟

دوختۇرخانىغا كېلىپلا بىز نەچچە كېسەل ئۆيلىرىنى ئاقتۇرۇپ يۈرۈپ، ئەلاخاچام بار ئۆينى تاپتۇق. ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتتا يېتىپتۇ. سىدىقكام يېنىدا ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى تاماقنى كۆپرەك يېيىشكە زورلاۋاتاتتى.

— ئەلاخاچا، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ -

سورىدىم مەن.

— بىر خىل تۇردۇم ئۇكام، ياخشىلىنارمەن دېسەم، هېچ پەرقى بولمايۋاتىدۇ. — دېدى بىر خىل زەئىپ ئاۋازدا.

— سىلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىرىنى پەقەت ئۇقماپتۇق، بولمىسا...، — ئايالىم ئەپۇ سورىغان بولدى.

— هېچقىسى يوق، بۇمۇ ئۇشتۇتلا بولدى، دوختۇرغا كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن سەهەردە قاتتىق تىترەك ئولىشىپ پۈتقولۇمدا جان قالمىدى، قىزدىيمەن، ئىككى كۈن يېتىپ باقسام بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەيلا قالدىم. يۈرىكىمنىڭ سېلىشى ناهايىتى ئەنسىز، كۆڭلۈم هېچنەرسە تارتمايدۇ. مەن گەپكەزەن قويغاچ ئەلاخاچامغا سەنگىر ئۆبدىم، چىرايى سارغىيىپ ئوبدانلا ياداپ قاپتۇ. ئەهۋاللىشىش جەريانىدا، ئەلاخاچامنى سىدىقكامنىڭ بېقىۋاتقانلىقىنى، باللىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم — دە، ئۆزۈمچىلا ئۇلاردىن رەنجىش هېس قىلىپ قالدىم. «تووۋا، — دېدىم ئىچىمدە، — ياشانغان دادىسىنى ئاۋارە قىلغۇچە قىزى ياكى ئوغۇللىرىنىڭ بىرسى كېلىپ باقسا بولماسمىدى.»

— باللارنىڭ بىرەرسى باققان بولسىمۇ سىدىقكا...

— قويسىلا ئۇكام، ئۆزۈملا باقاي، بۇ بىچارە ئىككىلىك سېكىلەكى بىلەن كېلىپ ماڭا توپتوغرا ئەللىك يىل هەمراھ بولدى. ياخشى - يامان كۈنلەرنى تەڭ كۆرۈپ، بار - يوقنىڭ دەردىنى تەڭ تارتتى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بۇنى باللارغا تاشلاپ قويۇپ، هەرگىزمۇ ئۆيدە ئولتۇرالمايمەن. تولۇق ساقايغىچە هالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ، — دېدي سىدىقكام قەتئىيلىك بىلەن. ئاڭغىچە ياش سېستىرا كىرىپ بىر شىشە سۇيۇقلۇقنى ئاسما قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

«قويسىلا ئۇكام، ئۆزۈملا باقاي.» خوشلىشىپ قايتقاندىن كېيىن سىدىقكامنىڭ بۇ سۆزى يولبويى قۇلىقىمدىن كەتمىدى. «بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بولسا كېرەك، بولمىسا ئۆزۈملا باقاي دەمدۇ». خىيال بىلەن يېرىم يولغا كەلگەندە، قوشنا مەهەللىگە ياتلىق قىلىنغان قىزى ئارزۇگۈل ئۇچراشتى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا يوغان بىر تۈگۈنچەك بار ئىدى.

— بىز خېلى تالاش قىلىدۇق، — دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — مەن باقاي دېسەممۇ، ئاكام بىلەن ئىنىم باقايلى دېسىمۇ «سىلەر ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، ئۆزۈم باقىمەن» دەپ دادام زادى ئۇنىمىدى. ئەسلىدە مېنىڭ بېقىشىم لازىم ئىدى، دادام ئۇنىمىغان بولسا ئانامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي هالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاتتىم. دادامنىڭ بۇ دېمەتلىك بولغان چېغىدا، ئاۋارىچىلىق تارتىپ يۈرمەيتتى. يا بىزگە ئىشەنمەمدىكىن — تاڭ، مەن تېزراق باراي. — ئۇ شۇنداق دېدە، ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەندە، شۇنچە يىل بىر مەهەللىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى چۈشەنمەپتىمەن ئەمەسمۇ. ئارىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، ئەلاخاچامنى دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. كېسەل دېگەن تاشنى سېزدىرىدۇ دەپ بىكار ئېيتىلمىغانىكەن. مەن ئەلاخاپامنىڭ رەڭگىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم، يۈزىدىن گۆش قېچىپ مەڭىز سۆڭەكلىرى دومبىيىپ چىقىپ قاپتۇ. ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى ئۆچەي دەپ قالغان جىن چىراغنى ئەسلىتەتتي. كۆڭلۈم—

بىدىن ئەنسىز خىياللار كەچتى.

— ئەلاخاچامدا ياخشىلىنىش بولمىغاندەك تۇرىدۇ سىدىقكا، يەنە بىر مەزگىل يېتىپ باققان بولسىمۇ...، — دېدىم مەن ئۆزىنىپ چىققان سىدىقكامغا بۇرۇلۇپ.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە ئۇكام، دوختۇر «ئايالىرى ساقايمايدۇ، ئېلىپ كەتسىلە» دەپ ھەيدىدى. خېلى دېيىشىپ قالدىم. بۇ بىچارىمۇ ئۆزىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ «نېمە بولسام ئۆيۈمدە بولاي» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىلاجىسىز قايتۇرۇپ كەلدىم. — دېدى سىدىقكام ئېغىر ئازاب بىلەن.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىتىمەن، قانچە چىقىپ كەتسە مەيلى، قاراپ تۇرۇپ ئۇنى شۇ ھالدا قويمايمەن. — سىدىقكام ناھايىتى قەتئىي ئىدى. ئۇ جىيەكلىرى قىمىرىپ، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلە بىلىلا ئۇكام، ئۇ مېنىڭ دىلكىشىم، ئۆيۈمنىڭ چىرىغى، ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ئولتۇرۇپلا بەرسە، ئايىغىغا قاچا تۇتۇپ بېقىشقا مىڭ رازى ئىدىم. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاراڭغۇلۇقتا تىنەپ يۈرگۈچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا كەتكىنىم تۈزۈك. سىدىقكام ئاخىرقى سۆزىنى دەۋاتقاندا ئاۋازى ئۆزگىرىپ، لىغىرلاپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ بۇرۇتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. مەن سىدىقكامنىڭ بۇ ئازابلىق ھالىتىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلغانلىقتىن چوڭ ـ كىچىك تىنىپ قالدىم ـ دە:

— ئۇنداق دېمىسىلە سىدىقكا، چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ شارائىتى، داۋالاش تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بىر مەزگىل داۋالاتساق ساقىيىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر پۇل ـ پۇچەكتىن قىسىلىپ قالغۇدەك بولسىلا تارتىنماي دېسىلە، — دېدىم مەن سىدىقكامنى ئازابتىن يېنىكلىتىشكە تىرىشىپ، — ئالدىلىرىدىكى ئۈچ بالا ناھايىتى ياخشى باللار، ئۇلار ئىككىڭلارغا تولىمۇ كۆيۈپ ـ پىشىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ... — نېمىشقىدۇر سىدىقكام گەپنىڭ ئاخىرىنى توختىتىۋالدى.

قايتىپ چىققاندىن كېيىن، سىدىقكامنىڭ يىغىسىنى ئويلاپ بىر كېچىچە كۆزۈم يۇمۇلمىدى. ئارزۇگۈلنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولدۇم. ياش دېگەن ئاسان يەردىن چىقمايدۇ. يەتمىش نەچچە ياشقا كىرگەن ئادەمنىڭ كىچىك بالىدەك ياش تۆكۈشى ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئويلا ـ ئويلا بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى: شۇ كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن باغدىكى كۆچەتلەرگە كۆز قويۇۋاتاتتىم، سىدىقكام بىلەن ئەلاخاچامنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— سىدىقاخۇن نەگە بارىسىلە؟

— باللارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا؟

— بۇغداينى قانداقراق ئورىدىكىن، ئېگىز ئوروپ قويمىسا بولاتتى.

— ئانداق بولسا چاي ئىچىۋېلىپ مېڭىڭلار.

— قايتىپ كېلىپ ئىچەي.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ھازىرلا نان چىلاپ بېرەي، ئىچىۋېلىپ مېڭىڭلار، — پاراڭ توختاپ قالدى. بىردەم تىڭشىۋىدىم، يەنە باشقا سۆزلەر بولمىدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەرگە كۆيىدىغان خوتۇن باشقا. ئەلاخاچام سىدىقكامنى خۇددى سەپەرگە ئۇزىتىدىغاندەك چاي ئىچۈرمىگۈچە ماڭغىلى قويمىدى، سىزمۇ ماڭا شۇنچىلىك كۆيمەيسىز، — دېدىم مەن يېنىمدا تۇرغان ئايالىمغا قاراپ.

— كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋەرمەڭ. مەنمۇ خېلى ئوبدان كۆيمەمەنمۇ؟

— شۇنداق، خېلى ئوبدان كۆيىسىز. كۈنبويى ئاچ ئولتۇرسامۇ، قورسىقىمنىڭ قانداق دېيىشىنى بىلمىگەن بىلەن.

— ۋاي ئوغرى مۈشۈك، ئاغزى - بۇرنىنى ئېيتمۇۋېتىپلا ھەممىنى يوققا چىقىرىدۇ، ھېلىمۇ...

— جىم، - ئايالىمنى گەپتىن توختاتتىم. ئۇلارنىڭ پارىڭى يەنە باشلىنىپ قالدى:

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ سىدىقاخۇن، ئۇلىمالارمۇ ئاۋۋال تاماق يە، ئاندىن قۇرئان ئوقۇ دېگەن.

— ئەقىللىق خان، جانغا جان قاتىدىغان كۆيۈملۈك خان.

— بەللى، - دېدىم مەن ئايالىمغا پەس ئاۋازدا، - ماۋۇ قېرىلارنىڭ چاقچىقىنى قارا، سىدىقكام ئەلاخاچامنى خۇددى بالا چوكاننى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلەتكىلى تۇردى.

— ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ بۇلارنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇركەن ئەمەسمۇ، ئەلاخاچامنى «خان» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيۋاتىدۇ.

— مۇھەببەت قانچە پاك بولسا، قېرىغاندىمۇ ئاشۇنداق يالقۇنجاپ تۇرىدىغاكەن، ساختىلىق ئارىلاشقان مۇھەببەت جىن چىراغدەك پىلىلداپ ئۇزۇنغا بارماي ئۆچۈپ قالىدۇ. ئەلاخاچامنىڭ ۋاپادارلىقىنى سىز كۆپرەك ئۆگىنىشىڭىز بولغۇدەك.

— سىزمۇ ئۆگىنىڭ، سىزغۇ مېنىڭ روھىمنى شۇنچىلىكمۇ كۆتۈرۈپ قويمايسىز.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، بىزمۇ قېرىغاندا ئاشۇلاردەك مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇرىمىدۇق، - ئىككىمىز پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتۇق. خېلىدىن كېيىن پاراڭ يەنە باشلىنىپ قالدى:

— ۋاي خان، چىرايلىق خان، ئۆيىنىڭ تۈزىماس گۈلى خان.

— يۈزى قېلىن ساراڭ، ئاغزىڭىزنى نېرى قىلىڭلار، بالىلار كىرىپ قالسا بىكار يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ.

— ئۇھ، - دەۋەتتىم مەن پەس ئاۋازدا سىدىقكامنىڭ مۇھەببىتى يەنە چوڭقۇرلاشقىلى تۇردىغۇ؟

— بولدى ئىشىڭىزنى قىلىڭ، گەپنىڭ يېپىدىن يىڭنىسىگىچە قولاق سالماي، - ئايالىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي پاراڭ يەنە ئاڭلاندى:

— چاي ئىچىۋالغىنىڭلار ئوبدان بولدى سىدىقاخۇن، قورسىقىڭلار توق تۇرسا، ئۆزۈڭلارمۇ جانلىق تۇرىسىلەر، پۇت-قولۇڭلار ماغدۇرلۇق بولىدۇ.

— ماغدۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەمسىڭلار خوتۇن؟

— سەتلىكىنى، قېرىغىنىنى تۈيمايدىغان يۈزى قېلىن ساراڭ، - قاپساپ كېلىۋاتقان كۈلكىنى بېسىش ئۈچۈن ئېغىزىمنى تۇتۇۋالغان بولسامۇ زادى بولمىدى. ئايالىم ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇرۇۋالدى...

ئويلاپ باقسام بۇ مۇھەببەتلىك سۆھبەتنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە نەچچە ئاي بولۇپ قاپتۇ. ئەلاخاچامنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ۋە سىدىقكامنىڭ ئېغىر غەمگە پېتىپ قېلىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەتىسى سىدىقكام ئەلاخاچامنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئەلاخاچامنىڭ پەرقلىق ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايتتىم. ساق ئوتتۇز ئىككى كۈن بولغاندا، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ قايتىپ كەلدى. بۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقىدەك پاراڭلارغا قىزىقىپ قېلىپ، ئىشىم بولمىسىمۇ باغقا پات - پات كىرىدىغان بولۇپ قالدىم. بۈگۈنمۇ باغقا چىقسام ئۇلار پاراڭلىشىۋېتىپتۇ:

— خۇداغا شۈكرى، ئوڭلىنىپ قالغىنىڭلار چوڭ بەخت بولدى خوتۇن.

— سىلىنىڭ ساق تۇرغىنىڭلار مېنىڭ بەختىم سىدىقاخۇن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن نىياز

www.uyghurkitap.com



ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان

# ئىككى ھېكايە

## سۆيگۈ كېچىسى

1

ئەمەت، تەلپىگە ماقۇل بولمىغان قىز ھەنپەمنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا، بىر ھەپتىنى قىزنىڭ يولىنى توساش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمما ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا رەت قىلىنىشقا ئۇچراۋەردى.

2

ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان ئەمەت، كوچا چىراغلىرىنىڭ سۇس نۇرى چۈشۈپ تۇرغان يولنىڭ ھەممە يېرىدە تەڭ مېڭىپ، خەلق مەيدانىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، ئۈچ لۈكچەكنىڭ بىر قىزنى تالىمەقتا سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئېتىلىپ بېرىپ، بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ لۈكچەكنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ھېلىقى قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. بۇ قىز ھەنپەم ئىدى.

3

— ياق ھەنپەم، مېنى ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ، مېنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ئىشىمغا رەھمەت ئېيتىمەن دەپلا تەلپىمگە ماقۇل بولسىڭىز، مېنى خىجىل قىلىپ قويىسىز.

— ئۇنداق دېمەڭ ئەمەت، مەن سىزنى دەسلەپتە بوشاڭ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سىز باتۇر ئىكەنسىز، قاراڭ، بۇ كېچە نېمە دېگەن گۈزەل!

4

— ھەنپەم، بىز ئارىلىشىپ ئۆتكىلى بىر ئاي بولدى، نېمىشقا ھازىرغىچە توي قىلىشقا تەلپىمگە ماقۇل دېمەيسىز؟

— ئالدىرىماڭ ئەمەت، كۈنلەر تېخى ئۇزۇن، بىر-بىرىمىزنى تولۇقراق چۈشىنىشەيلى، ئەتە مەن كەچلىك ئىسمەنىدا ئىشلەيمەن، مېنى ئالغىلى بارامسىز؟

— قاراڭ ھەنپەم، بۇ كېچە نېمە دېگەن گۈزەل، خۇددى سۆيگۈ ئۈچۈنلا يارالغاندەك. ئەتە تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، مەن چوقۇم بارىمەن.

5

ئەمەت ھاراقتىن ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، شېرىن خىيالغا ئەسىر بولغانچە مېڭىپ، خەلق مەيدانىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ۋاي ئەمەت، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!

ئەمەت قاتتىق چۆچۈپ كەتتى-دە، ئۈچ لۈكچەكنىڭ ھەنپەمنى تالىمەقتا سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىرىدى:

— ئۇنى قويۇۋەت لۈكچەكلەر، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن!

ئەمەت ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىشىغا بىر لۈكچەك قولىدىكى پىچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— ھەنپەم چىڭ تۇرۇڭ، مەن ساقچى چاقىراي، — ئەمەت شۇنداق دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈشىگە قاتتىق كۈلكە ياڭرىدى.

— ھا، ھا، ھا، — ھەنپەم كۈلۈۋاتاتتى، ھېلىقى ئۈچ لۈكچەك بولسا، باشلىرىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىپ، سومبۇل چاچلىرىنى دولىلىرىغا يايغانچە، غەزەپكە تولغان كۆزلىرىنى ئەمەتكە تىككەنىدى.

## قەلەم ھەققى

ئىشخانىدا كېزىت كۆرۈپ ئولتۇرسام، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى كىرىپ كەلدى.

— ھە، قەلەم ھەققى كەپتۇ، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — توختى دىۋانغا ئولتۇرۇپ سورىدى.

— شۇنداق بولدى، — مەن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇلغان ئىستاكاننى سۇنۇۋېتىپ جاۋاب بەردىم.

— يۈز كوي كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ يەنە، — ئېلىڭغا شۇ ھېكايىڭىزنى، مەن بىر كۆرەي.

مەن ژۇرنالنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم.

— نېمە، نېمە مۇشۇ ئالتە قۇر خەتكە شۇنچىۋالا جىق پۇل كەلدىمۇ؟ — توختى ماڭا گۇمان بىلەن قارىدى.

— مۇكاپاتقا ئېرىشىپتىكەن، — مەن ئەمدىلا چۈشەندۈرۈشىمگە ئۇ سۆزۈمنى تارتىۋالدى:

— توختىڭا ئۇكام، بۇ ھېلىقى مەن سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە شۇئىكەنغۇ؟ ھەي، بىز خەقنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر گەپ ئەسلىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىدىكەن-دە، ئۆتكەندە ئىدارىمىزغا بىر شېئىرچى كېلىۋىدى، ئۇزاققا قالماي بىزنىڭ دەپ بەرگەن ھېكايىلىرىمىزنىڭ بەرىكىتى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى سىز چىقىپسىز ئۇكا، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق شېئىر دېگەننى ئۆزۈملا يازاي، خوش، قەلەم ھەققىنىڭ زىياپىتى قاچان بولىدۇ؟

— ئۇنى باللار باغچىسىغا بېرىۋەتتىم، — دېدىم مەن قىسقىلا.

— نېمە؟ باغچىغا، — توختى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — سىزگە ھېكايە ئوقۇپ بەرگەن ئادەم بىز تۇرساق، پۇلنى نەدىكى سوپىلارغا بېرىۋەتكىنىڭىزنى قاراڭ، تېز بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىڭ.

باللار باغچىسىغا بېرىپ يېنىمدىكى پۇلنى راستىنلا ئىئانە قىلىۋەتتىم-دە، يېنىك تىنىپ، مېنى كۈتۈپ تۇرغان توختىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ يۆتكىلىش ئىلتىماسىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

---

(بېشى 17 - بەتتە)

ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى، زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى، قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى...

خۇمار بۈگۈنمۇ ئورمىلىققا تورغاي چۇچۇلىماستا چىقتى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى غەمكىن، روھسىز، يۇلۇپ تاشلىۋەتكەن گىياھدەك سولغۇن روھىي ھالىتىدىن بۈگۈن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. گەرچە ئۇ ناخشا ئېيتمىغان بولسىمۇ، بوغدايغا غەيرەت بىلەن ئورغاق سالاتتى، قۇياش كۆيدۈرەتتى، ئورغاق بېسى يالتىرايتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە قايغۇ تۇمانلىرى كۆرۈنمەيتتى.

چۈشكە يېقىن ئۇ ئۆيگە بېرىپ بىر تاۋاق ئۆرۈكنى شاختىن بىر بىرلەپ زېدە قىلماي پۈتاپ ئالدى-دە، بۇلاق سۈيىگە خېلى ئۇزاق چىلاپ، ئۈستىنى ئۆرۈك ياپراقلىرىدا چۈمكەپ ئورمىلىققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ مەخمۇتنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، مەخمۇت ئەڭ ئاخىرقى بىر سول بوغداينى باش كۆتۈرمەي ئورۇۋاتاتتى.

— ساڭا ئۆرۈك ئەكەلدىم، — دېدى خۇمار مەخمۇتنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ.

يىگىت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، قىزنىڭ جامالىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تەلمۈرۈپ قارىدى. غەمكىن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى بالقىدى.

— ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟ — دېدى قىز شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — ئۆرۈك يە، بۇلاق سۈيىدە چىلاپ ئەكەلدىم.

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى...

1992 - يىل ئىيۇل، يەكەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختەر ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت روزى

# ئەسنەك بارمىقىدىكى ئاققۇلار

(ئامرىكا دەپتىرىدىن)

## سۆيگۈ

جاراڭلىغان راۋابىمنىڭ تارىنى،
ئوخشىتىمەن سىنىڭ گۈزەل ئۈنۈڭگە.
خىيالىمدا سىردىشىمەن سەن بىلەن،
كۆيلەر قېتىپ سىنىڭ شېرىن كۈيۈڭگە.

پەرى سۈپەت سىنىڭ ئاشۇ سىياقىڭ،
كۆل ئەيلەشكە تاسلا قالدى يۈرەكنى.
تارتىۋېلىپ ئۈمىدسىزلىك قوينىدىن،
دىلغا سالدى يېڭى تۈيغۇ تىلەكنى.

تۈنلىرىڭدە سېنى پىنھان ئەيلىگەن،
دەيمەن نۇر بوپ تەنلىرىڭنى يورۇتسام.
ھۆل بوپ كەتسەڭ ساڭا زۇمرەت تۆكۈلۈپ،
ئوتنىڭ تەپتى بولۇپ سېنى قۇرۇتسام.

قۇتۇلدۇردۇڭ مېنى چۈشكۈن ئازابتىن،
بەردىڭ يەنە ئۈمىد، تۈيغۇ مۇھەببەت.
خۇدا يولى ۋاپا ـ ساۋاب ئەيلىدىڭ،
ئۈستەپ يۈرگەن پەرىشتىدەك قوت-شەپقەت.

بىپەرۋاسەن، شۇنچە غەمسىز، شادىمان،
قېنىمىسەن يۈرەك كۆيۈپ ئۆرتىنىپ.
ناتونۇشمەن ساڭا ئۆزۈڭ بىلمەيسەن،
ئۆتكىنىڭنى بۇرۇن ماڭا بىر كۈلۈپ.

قۇتۇلدۇردۇڭ مېنى كونا ئازابتىن،
لېكىن بۈگۈن يېڭى قايغۇ تۇغۇلدى.
ئازاد بولۇپ قىلمىچلاردىن يۈرىكىم،
ئاھ، سۆيگۈنىڭ ئارقىنىدا بوغۇلدى.

## ئاخىرقى چېچەك

كۆيدۈرمەكتە ھايات بېغىنى
قۇچىقىدا ئوراپ بىر لىچەك.
يۈرىكىمدە ياشارماقتىدۇر،
سەن ئۇزاتقان ئاخىرقى چېچەك.

ھەسرىتىمگە ئىزدەپ تەسەللى،
ئوراپ باقتىم رەڭدار گۈللەرنى.
ئەمما ھوزۇر بېرەلمەي ماڭا،
ئەزىز قىلدى ئۆتكەن كۈنلەرنى.

يۈرىكىمگە تېڭىلغان شۇ گۈل،
بېرەلمەيتتى بەختىمنى پۈتۈن.
شۇ گۈل ئۈچۈن سۆيدۇم ھاياتنى،
لېكىن ھايات مەن ئۈچۈن يوچۇن.

## قۇتلۇق كۈن

ئۇزاقلاردىن سىرداش بوپ ماڭا.
كەلگەنىدى قارا چىلان بىنام.
ئىپسىمىدىدۇر ھەممىسى تۈگەل،
لەيلىقازاق، كاككۇك گۈلى ھەم.

شۇ بىنامىنىڭ ياۋا گۈللىرى،
بىر مېنىڭلا ئىدىغۇ گويا.
شۇ گۈللەرنى ئاتاتتىم ساڭا،
كۈلەر ئىدى تورغايلار ئۇندا.

لەيلىقازاق تەرسەم بىر قۇچاق،
كۈلۈپ ئالماي رەنجىدىڭ مەندىن.
«لەيلىقازاق توزۇيدۇ بالدۇر،
چۈشەن دىلنى ئۇشبۇ مەندىن...»

دېپ، سەن جانان قىزاردىڭ ئوتلۇق،
ھاياجاندا تىندىڭ ھەم ئۇلۇغ.
ئاشۇ كۈندىن بېرى تۈيۈلدى،
سۆيگۈ ئۇلۇغ، مۇھەببەت ئۇلۇغ.

### سىرلىرىڭ پىنھان

كۆزلىرىڭنى ئىزدەپ كۆزلىرىم،
خىيال بىلەن ئۇچار، سەن تامان.
روشەن كۆلسەڭ گاھى بولاقتەك،
گاھ قەدىڭگە ئورىلار مانان.

لېكىن، كۆڭلۈم ئۇنتۇلماس سېنى،
خىياللىرىم چەكمەكتە پىنھان.
مەن مەقسەتنى قىلسامىمۇ جاكار،
ئاھ، يەنىلا سىرلىرىڭ پىنھان.

### مەن سېنى ئۇزاتتىم كونا ئۆتەڭدە

ئۆچكەن ئوت، كېرەكسىز كۆل، ئۆلگەن تە-
بەسسۇم،
ئازغان قۇش قانىتىغا ئېلىشىپ قاپتۇ.
مەن سېنى ئۇزاتسام ئاھ، كونا ئۆتەڭدە،
ئاسماننىڭ كەچمىشىنى بېرىدۇ ئاققۇ.

كەت بولدى، يەت بولدى، رەزىل ئېزىتقۇ،
ھەر نىگاھ سېھرىدە بوغۇلسۇن ئالەم.
سەلتەنەت يوقالدىمۇ سەنسىز قەلبىمدە،
ھەسرەتنىڭ بەزمىسىنى تۇغىدۇ خانەم.

ئازغان قۇش، كېرەكسىز كۆل، ئۆلگەن تە-
بەسسۇم،
ئاھ، تۇنجى تىلەكلەردە ئۆلگەن ئۇۋالسىز.
قۇياشنىڭ دىل كۆيىنى بەرگەن سۇنۇق ئاي،
قوينىغا ئېلىپ كەتتى ناخشامنى ئۇنسىز.

ئاھ، مەن سېنى ئۇزاتتىم كونا ئۆتەڭدە،
ئاھ، قۇياش ھەسرىتىمنى تۇتىمەن مەخپى.
ئۆتەڭلەر ئۆتمۈشۈمنى ئېلىپ قال پىنھان،
دۇنيانىڭ كىرپىكىدە بوپ قالماي قەبىھى

**ئادىل تۇنىياز**

### تارىسىز راۋاب

تۇرىمەن جىمجىتلىق سۆيگەن ۋادىدا،
قولۇمدا مۈگىدەر تارىسىز راۋاب.
كەچمىشىم قېتىنى ئاختۇرۇپ ئاڭا،
سىلكىنەر بوينۇمدا سەن بەرگەن تۇمار.

تۇرىمەن سۈكۈتتە قەبرەڭ ئالدىدا،
تۇپراقنى يۇيىدۇ ئاچچىق تامچىلار.
شۇ كۆلگەن چىرايىڭ، مۇڭلۇق ئاۋازىڭ،
چىن قەلبىم تۆرىدە يۇلتۇزدەك يانار.

قولۇمدا مۈگىدەر تارىسىز راۋاب،
ھىجراننىڭ ئىزلىرى ئۆچمەس جاھاندا.
ئەھدىمنىڭ گۇۋاھسى بولسۇن مېھرىبان،
سۆيگۈگە لىق تولغان بۇ گۈزەل ۋادا.

### تەلمۈرىمەن يىراقتىن ساڭا

ئاي ئۇزىدۇ بۇلۇتنى يېرىپ،
قىلار ھەزىل ماڭا يۇلتۇزلار.
ئۇنسىز ھۇۋلار قەلبىمدە سۆيگۈ،
خىيال قۇشۇم سەن تامان ئۇچار.

يېتىپ كەلسەم ئىشىكىڭگە جانان،
ئالا كۈچۈك قوغلايدۇ ھامان.
تەلمۈرىمەن يىراقتىن ساڭا،
پاك قەلبىمنى قاپلايدۇ تۇمان.

يۈرەك باغرىم ئۆرتىنەر جانان،
تىڭشىغاندا سېنىڭ كۈيۈڭنى.
باغلاپ قويغىن كۈچۈكىڭنى سەن،
كۆرۈپ ئالاي ئاي جامالىڭنى.

## شېئىرلار

### قەشقەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە

گەپ قىلالماي بىر بالا،
يىغلىۋەتتى قاراپ يۇلتۇزغا.

ئاي تۇغقان شەھەر
چەكسىز كەتكەن چۆش بوشلۇقىدەك
يۈرگىمىدە ئۇيقۇمدا لەيلەپ،
قۇيرۇقلىرى مەپە ئېتىنىڭ

مىسرا كەبى جىمجىت كۆچمەدىن
تاڭ سەھەرنى ئېپ كەلدى سۈرەپ.
(ئويغانمىغان ئۇ چاغدا تېخى،
تىزەكلەر ھەم گۈللەر يولدىكى).

مەن پارىژغا بېرىپ باقمىغان،
مەن مارسقا چىقىپ باقمىغان.

بىر شەھەرگە باردىم مەن،
كۆز گۈللىرى كۆمگەن ئەتراپىنى
ئېقىپ تۇرغان كۆز بۇلاقلىرى.
پەرىشتىلەر ياشايدۇ بۇندا
يۇلتۇزلاردەك ئەسلەپ سۈكۈتتە
يۇتتۇرۇۋەتكەن قاناتلىرىنى.
يىغلىمىسمۇ سىم - سىم يامغۇرلار،
يىغلىيالماس ئادەملەر ئۈنلۈك.
چۈنكى شۇنداق گۈزەل چۆچەك بار،
تۇرغۇن يۇلتۇز بولۇپ قالدۇ،
ئۈنلۈك يىغلاپ سالغان باللار...

قەشقەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە،
يۇلتۇز بوۋاي كىردى چۈشۈمگە.

## قۇش ئانا

چۈشلىرىمدە كۆرەمسەن مېنى،
يۇلتۇز كەبى يىراق شەھەردە.
جېنىم ئانا قانىتىڭ قېنى،
توزۇپ كەتتى پەيلىرىڭ نەگە؟

قارلىغاچلار كېلىپ باھاردا،
پېشايۋانغا ياسىسا ئۇۋا.
مېنى ئەسكە ئالدىڭمۇ ئانا؟
نىمە دېدىڭ بېكەتكە چىقىپ
ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسلارغا.
ئاۋازىمنى ساقلاپ كەلدىڭمۇ،
قۇلىقىڭدا ياساپ قەبرىگاھ.

چانىقىڭدا ياش يوقى دۇنيا،
يۆگەتمەكچى بولغان ئەمەسمۇ؟

كۈلۈپ تۇرۇپ ياشاشنى ماڭا،
بولۇپ قالدىم سىم - سىم يامغۇردەك
توزۇماقتا پەيلىرىم ئانا...

بېشىمدىكى كىرلەشكەن ياغلىق،
پۇتۇمدىكى ئۇپرىغان ئۆتۈك
چۈشلىرىمگە تىزىلار پات-پات.
نۇردىن كىيىم كىيگۈزمەك بولار،
ۋە ئالتۇن كەش ياسايدۇ تالاي،
ئېھ، مەندىكى نامرات ھېسسىيات!
ئوقۇغۇچى - گادايچىلىقتا
سېنى تېخى قىلالمىدىم شاد.

ئانىسى سەن ۋاقتىنىڭ،
چۈشنىڭ، گۈلنىڭ، نۇرنىڭ، ئويغۇرنىڭ.
ئانىسى سەن
كۆز يېشىدەك سۈزۈك دۇنيانىڭ،
بېلىقلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ.

توكۈپ كەتتىم قۇش ئانا
ئەللىمتىپ قوي قاناتلىرىڭدا!

## پىۋا ئىچىش

تاپالمىدۇق، تاپالمىدۇققۇ؟
كېلەلمىدۇق يەنە بۈگۈنمۇ.

لىق بىر قەدەھ ئاي نۇرى،
لىق بىر قەدەھ يۇلتۇزلۇق كېچە.
يەڭلىرىمىز چىلاشسا مەيلى،
مەيلى ساقىپ كەتسۇن شىرەگە.

پىۋا كۆپۈكى
ئۇ بىر قەلئە — نۇردىن ياسالغان،
ئۇ بىر قۇلۋاق گۈل قاچىلانغان.

يىراق، يىراق، يىراق بىر يەردە،
بۇلاقلاردەك ئاستا ئېسەدەش.
يىراق، يىراق، يىراق بىر يەردە،
سەن بىلمەيسەن بولۇپ قالدىم مەست.
ئۇنتۇپ قالدىم ئىسمىم نىمىدى؟
ئۇنتۇپ قالدىم دەپ بەرگىن بىر رەت.

ئاق توشقانلار ئوتلاقتا،
ئىچىلدۇرار گۈللەرنى پۈۋلەپ.

قەدەھ كۆلدى، كۆلەلىمىدۇقۇ؟
ھەممە قايغۇ بىزنىڭ ئەمەستۇ؟
يامغۇر ياغدى، نەمدەلگەن بۇلۇت—
قايسىمىزنىڭ قولياغلىقى ئۇ؟

يەرگە چۈشۈپ باققۇسى كېلەر،
قويۇپ بەرگىن پىيالىلەرنى.
ئۇچۇپ باقماق بولدى ئۇستەللەر،
ئىچىپ قويغىن دېرىزىلەرنى.
لىپمۇ لىق قوي سۆيۈملۈك دوستۇم،
بىز قەدەھتە قالايلى لەيلەپ.

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى چىرايلىق،
نۇر يىپلىرى ساڭگىلاپ قاپتۇ.
سەن تۇمانمۇ تىۋىشى يوق قىز
نۇر يىپلىرى ساڭگىلاپ قاپتۇ.
ئاغزىمىزغا قارا مەيپۇرۇش،
نۇر يىپلىرى... ساڭگىلاپ قاپتۇ.

خۇش، پىۋا،
خۇش، كېچە،
خۇش، دەل - دەرەخلەر.

بىز قەيەرگە بارماقچى بولغان،
تېخىچىلا......

## سەھرادىكى ئاي شولىسى

يىنىككىنە سەھەر
دەرەخلەردىن تۆكۈلدى يەرگە،
كەچكى قۇياش پاتتى شەھەرگە.

ماي قوڭغۇزى نۇرغا چىلىشىپ،
ئېگىزلىققا يازار تىزەككە
شەبنەم كەبى گۈزەل شېئىرنى.
ساڭا تەكرار ئوخشاتقۇم كېلەر
كۈلبەمدىكى جىن چىرىغىنى.

لەيلەپ يۈرەر ئويچان كۆزلىرىم،
ئاق تېرەكنىڭ مەملىكىتىدە.
چېكە تكۈدەك سۆزلىيەلمەيمەن،
بۇلاقلاردەك ئۇنلىيەلمەيمەن،
توپا باسقان ئۆزۈمدىن باشقا
ھېچنەرسە يوق مېنىڭ قەلبىمدە.

خىزىر سۈپەت ئۇخلايدۇ بوۋاي،
خامانىدىكى بۇغداي ئۈستىدە.
چۈشىدىكى بىر تال باشاقتىن
چېچىلىدۇ يۇلتۇزلار يەرگە.

كۆزلىرىنى يۇمدى جىن چىراغ،
سەن يېنىمدا، يېنىمدا بىراق.
قارا چېچىڭ كەلمەكتە يېقىن،
سەھەر يىراق ئىزلىرىڭ يىراق

قاناتلىرى كېچىنىڭ
ئاي نۇرىدا قىلماقتا پەرۋاز.

## كۆلدان

ھېچكىم كەلمىدى
بۇ شەھەرگە تۇماندىن باشقا.

ئاستا - ئاستا ئۇچماقتا بۇلۇت
كۆرۈنمەكتە ئۆچكەن يانار تاغ
كۆيۈۋاتقان قىزغۇچ دەرەخلەر،
كۆرۈنمەكتە بىر كىم يىراقتا...
پەم بىلەن كەل ئەي يات يولۇچى،
ئۇركۇمىسۇن كېيىك توپلىرى.
ئاۋايلىغىن بار بۇ يەرلەردە
تىرىك يۇلتۇز، تاش چېچەكلىرى.
كۆز يېشىنىڭ ئاچىز تەمىنقى
سۇرۇپ كېلەر توپ - توپ بۇلۇتنى.

تاماكا ئىسى —
رەڭسىز خىيال دۆۋىسى،
پەلپۈللىگەن ئات يايلى ئۇ ھەم.

www.uyghurkitap.com



كىشنەپ توختاپ قالدى مىڭلاپ ئات
ئاشۇ يەرگە كېلىشى بىلەن.
تاماكاڭنى قاقىن كۆلدانغا،
دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى
قاقىنىدەك ئاي نۇرى ئاستا،
ۋە بارماقسىز مېيىپ يامغۇرلار.
ئەي بۇرادەر بەر تاماكاڭنى،
بەر بىر يۆگەم قەغەزمۇ يەنە،
چېكىشۋالاي دەردىم چىققۇچە.

مەن ئۆزۈمنى ئويلايمەن شاھتەك،
ئىس ـ تۈتەككە تولسا بۇ قەلئە.
شولا تارتىپ تاماكا ئۇچى
بىر تال غەمكىن ئاقار يۇلتۇزدەك
چەكسىزلىكتىن ئېقىپ كەلمەكتە...
كۆرۈپ قالدى يولۇچى بىردىن
كۆلداندىكى قۇياشنى...

كۆلدان
قەشقەردەك بىر قەدىمىي شەھەر.

ئەركىن ئەبەيدۇللا

# تەمتىرىگەن مىسرالار

## ناۋادا

قايتىدىن
يىغلىماي، تەمتىرىمەي
كۆز ئاچسام گەر دۇنياغا.
كىملەر سوۋغا تۇتار بۆشۈك تويۇمغا،
كىملەر گۈللەر چاچار بويۇمغا،
كىملەر ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشەر،
كىملەر زورلاپ سۆيۈپ قويار مەڭزىمگە
ۋە كىملەر چىشلىرىنى بىلىشەر.
كىملەر جىگدە سالار يەنە دوپپامغا؛
دەسسەتمەكچى بولار كىملەر قاپقانغا؟
كىملەرنىڭ قورسىقى كۆپەر،
كىملەرنىڭ كۆزى چەكچىيەر،
كىملەر كۆڭلىگە شۇملۇق پۈكەر،
كىملەر كەينىمگە داجىپ كېتەر،
كىملەر ئىلەڭگۈچقا سالماقچى بولار،
كىملەر جەرىمانە ئالماقچى بولار،
كىملەر ئۆمىلىگىلى قويماي كۆتۈرۈپ ئالار،
كىملەر لەۋلىرىنى چىشلىشىپ قالار،
كىملەر سۆيۈشمەكچى بولار ياقتۇرۇپ،
كىملەر قورۇقداپ قويار
يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ؟
نۇرىنى سېپەرمۇ قۇياش بوۋاي
توڭمىسۇن،
يۈزى يورۇق يۈرسۇن دەپ.
كۆلچىكىمگە چۈشەرمۇ تولۇن ئاي
كۆڭلى توقراق تۇرسۇن، دەپ.

× ×

مەن يېڭىدىن تۇغۇلسامچۇ ناۋادا،
قاناتلىق بوپ ياشارمىدىم ھاۋادا؟

## قوزام

(ئۆزۈمگە ھەجۋى)

ئېزىلەڭگۈ مەرەيسەن قوزام،
ئاچ قويدىمۇ ئۇ بەڭباش بالا.
قوتانغا چىمىك سولاپتۇ تېخى،
كېزەتتىڭ ـ دە، سەن ئوتلاق ـ دالا.
دومسايمىغىن،
دۇئا قىلىنمىغان داستىخاندەك
يېيىلىپ يېتىپ.
باغلاپ ئالمىغان سېنى
يۈرەك رىشتىمنى ئارغامچا ئېتىپ.
قاچساڭ بولمامدۇ
تۇمشۇقىڭدا ئىشىكنى ئاچساڭ بولمامدۇ؟
سەن بىلمەيسەن
تالادا كۆپ تۈلكە، بۆرە بار،
ئادەملەرمۇ سېنىڭ كۆشەندەڭ.

مەنمۇ سېنى سەمرىسۇن دەيمەن،
باشقا نىيەت يوقتۇر چۈشەنسەڭ.
ئاچچىقىمدا دەپ قويدۇم بايا،

مەرھەرمەھ
ئۇيات ئەمەسمۇ،
قوشنىلار:
«ئاچ قويۇپتۇ، سۇسىز ئىكەن» دەپ
يۈرۈشسە، ئاھ... مېنىمۇ ئايا.
هامان
ئاناڭ بارغان يەرگە بارىسەن بىركۈن،
شۈڭلاشقىمۇ كۆڭلۈم خۇش، پۈتۈن!

### ئېھتىمال

ئۆكسۈپ تۇرغان ئوماق قىزچاقنىڭ
ئېھتىمال
بىز بىلمەيدىغان جىقلا دەردى بار.
تىمىسقىلاپ يۈرگەن مېيىپنىڭ
ئېھتىمال،
كۆزلىرىدە نېپىز پەردە بار.
باللار ئويناپ يۈرگەن شامدانىنىڭ
ئېھتىمال
توكسىز ئۆيدە بەكمۇ قەدرى بار.
ئېھتىمال
مەن تاپالماي ئىزدىگەن ئامەت،
تېپىۋالسام سەن ئۈچۈن ئاپەت.
بوشاپ كەتسە تۈگۈلگەن مۇشتۇڭ،
ئېھتىمال،
هالسىز بولۇپ، يۇلقۇنار پۇشتۇڭ.
ئېھتىمال
بوينۇڭدىكى پۈتمىگەن قەرز،
تۆيۈلىدۇ سەن ئۈچۈن ئەرز.
ئېھتىمال
سەندىكى كۈندەش
مەن ئۈچۈن ئۈندەش!
مۇشۇنداقمۇ «هايات» دېگىنىڭ؟!

### ئۆيۈمدىكى سۈرىتىم

رامكىدىكى تەلمۈرۈگۈلۈك قامىتىم
چاچراپ چىقىپ
قۇچاقلىسا ياستۇقۇڭنى گەر.
ئۆكسۈپ كېتەرمۇ گۈللۈك ياستۇقۇڭ
ياكى باتناپ
مۇكۇۋالارمۇ كۆرپە قېتىغا؟
ئۇخلاپ قالسام رامكا ئىچىدە
چۈشۈپ كەتسە دوپپا بېشىمدىن،
توپىسىنى قېقىپ
ئېلىپ قويارسەنمۇ كىيىم ئاسقۇغا؟
كۈلۈمسىرەپ قاتقان تۇرقۇمدىن
خۇدۇكسىرەپ
ئۆرۈپ قويساڭ ئارقىچە قىلىپ
تەستەكلىشىپ كېتەرمىزمۇ تۇيۇقسىز،
ۋە يا باشلارسەنمۇ كۆرپىگە ئاستا؟
سۆيۈپ ئالارسەنمۇ
مەن باخاشلىماستا؟

### تەلمۈرۈش

هەر قېتىم
شۇ رېتىم:
كۆزلىرىمىز سۆيۈشۈپ كېتەر،
لەۋلىرىمىز قۇچاقلاش كۈتەر،
تىنىقىمىز ئۇچراشماس ئەمما؛
كىرپىكلەرنىڭ تارتىنچاقلىقى
قۇلاقلارغا سىرلىق مۇئەمما.
سۈكۈتلەرگە چۆمكىلىپ قۇلاق
سۈمۈرۈشەر پەقەت جىمىلىقنى؛
بەزەن، قارىچۇق يۇيۇنۇپ ئالار
ئەسكە سېلىپ تەدان بېلىقنى.
قۇم ئۇستىگە چۈشكەن تامچىدەك،
تەبەسسۇمىڭ يوقىلار پات - پات.
كۆكرىكىمگە سېلىپ تىنچسىزلىق
غەملىرىمنى قىلىدۇ ئاۋات.

× ×

تىنىقلارنى دوستلاتساق دەيمەن،
مۇڭ ، يىغىدىن خۇشلاشساق دەيمەن.

### تەگەرقىغان سۆيگۈ

كۆزۈمچاچراپ چىقىپ تەگدى كۆكسۈڭگە
خىيالىم قونۇۋالدى زىبا ھۆسنۈڭگە
سورىساڭ:
سۆكۈلگەن — كۆڭۈل؛

× ×

سۇنغان ئەينەكتەك
كەپسىز بوپ كەتتىڭ ئەجەب
تارتىنچاق خىيال؟
قاقاقلاپ يۈرەرمىش تاشلاندۇق ئىلھام
سەكرەپ يۈرگۈسىدەك
ئانىسىز قوزام.
مورىسىز تۈتۈندەك كېلەڭسىز تېخى،
قارارسىز چۈشۈۋەرگەن يامغۇردەك سېخى.

× ×

قايتۇرۇپ ئالايمىكىن سەندىن كۆزۈمنى
ئاتايمىكىن قۇچاقىڭغا ياكى ئۆزۈمنى؟

### ئاداققى سۆيگۈ

1

قۇچاقلىدى يۈرىكىمنى،
سەندىن بالدۇركەلگەن ئاياغ تىۋىشىڭ.
يىقىلىپ چۈشتى
قېچىۋاتقان خىيالىم.

2

قاقاقلىدىڭ
غۇنچىگە ئايلىنىپ يولۇمدا،
ئۇزاتسام،
پەقەت،
سارغايغان ياپراق قاپتۇ قولۇمدا.

3

قاچتىم...
كۆزۈم بىلەن مېڭىپ دۇنيادىن.

4

تىلىمەيتتىم...
كۆزلىرىڭنى بۇلاق بولار، دەپ،
چاچلىرىڭنى قۇلاق بولار، دەپ.

### پارچە يۇلتۇز

كىرىپ كەتتىم يەر تۆشۈكىدىن
تۇتۇق بەرمەس جانانىنى ئىزدەپ.
چىقىۋاپتۇ ئاي بولۇپ كۆككە
پارچىلىنىپ كەتتىم مەن تۆتكە—
يۇلتۇز بولۇپ ئۆزۈمنى بەزلەپ؛
چۈشەلمەيمەن يا كېتەلمەيمەن،
ئۈمىدىمنى شۇ ئۈچۈن خەجلەپ.

### ھۆرگۈل

شامال بولۇپ يۈگەرمەمدىم،
يولۇڭنى بىلسەم.
توزغاق بولۇپ پۈركەلمەمدىم،
ۋىسالىڭىز ئۆلسەم.
چىش، ساقىلىم تۆكۈلسۇن ۋاھ،
سەنسىز گەر كۈلسەم.
كۆز گۆھىرىم چاچراپ كەتسۇن،
ئۆزگىنى كۆرسەم!

### ۋىسال

ۋاپاسىز كۆكتەك:
يا يىراقكەتمەيسەن، يا يېقىنكەلمەيسەن.
مەن قۇياشتەك،
باغرىڭنى سۆيۈپ ئۆتەرمەن.
بىر كۈنى،
ئازغىشىپ بولسىمۇ كېلەر... دەپ
تەلمۈرۈپ،
كۈتەرمەن، كۈتەرمەن.

### سەبىيلىك

تېلېۋىزور بوپ قوبۇل قىلىمەن،
بوشلۇقلاردىن سۈرەتلىرىڭني.

قۇشقاچ بولۇپ ئۆكتەلمەيمەن،
بايان قىلسام سۈپەتلىرىڭنى.
سەبىيلىك:
سەن — قۇياش نۇرى تەگمىگەن شەبنەم،
پۇراق چاچماي تۇرغان قىزىلگۈل.
سەن — پۈتمىگەن شېئىر؛
قىزىرالمىغان ئۇپۇق،
قانات يېيىۋاتقان كەپتەر،
ئېغىزلاردىن چىقمىغان پىكىر،
يۈرەكلەرگە سىغمىغان مېھىر.
سەن...
سەن ئەمەسسەن، پەقەت دەرد ـ ئەلەم!

**پۇل**

پۇل
كۈل قىلماقنى ئىستەرسەن دائىم،
قۇل قىلماقنى ئىستەرسەن دائىم،
تۇل قىلماقنى كۆزلەرسەن دائىم،
سەن ئەزەلدىن قولنىڭ كىرى ـ دە،
ئەقىدەمگە يېمەيمەن ۋايىم.
قەددىم ئېگىپ خار قىلغۇڭ بارغۇ؟
يوللىرىمنى تار قىلغۇڭ بارغۇ؟
ئىڭرىندۇرۇپ زار قىلغۇڭ بارغۇ؟
دەرد ـ ئەلەمگە يار قىلغۇڭ بارغۇ؟
تىلىكىمنى بەرمەس، ئىلاھىم!

**ئەگەر**

ھايات دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسە گەر،
بەخت سەكرەپ، ئۇچۇپ كەتسە گەر،
ئامەت سەندىن كۆچۈپ كەتسە گەر،
مېھنەت بىلەن
سەن بەختنى يەنە كۈتۈۋەر.
گۈل بەرگىگە تىكەن تولغاندەك،
ئاپتاپ ئىچرە سوغۇق بولغاندەك،
( تومۇزدىمۇ گۈللەر سولغاندەك )،
ئىزدەيدۇ ئۇ ھامان بىر كۈنى،
«سىز ...» دەيدۇ ئۇ ھامان بىر كۈنى.

1993 - يىل، قەشقەر

ساداقەتجان ھاجى

# بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان

## بىز ـ شائىرلار

(جەمشىت روزاخۇنغا تەقلىد)

شېئىر يېزىپ شائىر بولۇپ يۈرگەن بىز،
بېشىڭلاردىن بۇلۇتلارنى سۈرگەن بىز.
بەختىڭلارنى كىمكى پايخان ئەيلىسە،
ھەممىڭلاردىن ئاۋۋال قاپاق تۈرگەن بىز.

قاراڭغۇدا ئەگەر تېنەپ قالساڭلار،
يۇلتۇز بولۇپ نۇرىمىزنى بەرگەن بىز.
مېڭىش ئۈچۈن يولغا مۇھتاج بولساڭلار،
ئىستىقباللىق يولىمىزنى بەرگەن بىز.

مۇشكۇلچىلىك قەددىڭلارنى ئەگكەندە،
ھەدەل تەلەپ قىلماي يۆلەپ قويغان بىز.
جېنىڭلارغا بىرەر خەتەر يەتكەندە،
سىلەر ئۈچۈن جاننى تۆلەپ قويغان بىز.

بىز ـ شائىرلار بەختىڭلارنىڭ قورغىنى،
يۈرىكىمىز سىلەر ئۈچۈن سوقىدۇ.
غەنىمەتتۇر شائىرلارنىڭ بولغىنى،
دۈشمەنىڭلار شائىرلاردىن قورقىدۇ.

× ×

## بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان

كۈل بولار كۆيۈپ ئاخىر كۆمۈر دېگەن،
چىرىيدۇ دات بېسىپ ھەم تۆمۈر دېگەن،
تۈگەيدۇ ياشاپ بولسا ئۆمۈر دېگەن،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

www.uyghurkitap.com

گۈزەللىك باقى ئەمەس گۈلگە دېگەن،
ھەمىشە ياراشمايدۇ كۈلكە دېگەن،
ئىلىنار تومشۇقىدىن تۈلكە دېگەن،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

يول دېگەن كەڭمۇ بولار، تارمۇ بولار،
بەزىدە يوقمۇ بولار، بارمۇ بولار،
ئالدىڭدا گۈلمۇ بولار، دارمۇ بولار،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

شامالدەك ئۇچۇپ تۇرار ئاتاق دېگەن،
ساڭمۇ كېلىپ قالار تاۋاق دېگەن،
ئىزدىسەڭ تېپىلىدۇ ساۋاق دېگەن،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

ھەر كويغا كۆڭۈل سېنى باشلاپ تۇرار،
ئاپىرىپ چۆلگە ھەتتا تاشلاپ تۇرار،
ئۈمىدۋار كۆزلىرىڭنى ياشلاپ تۇرار،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

ئانچىلا يىراق ئەمەس ئاسمان دېگەن،
ياخشىدۇر ئالغا قەدەم باسقان دېگەن،
قاناتسىز بولۇۋەرمەس ئارمان دېگەن،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

مەڭگۈلۈك ئەمەس ھەرگىز تۆرە بولۇش،
ئۆمىلەپ مېڭىش ياكى ئۆرە بولۇش،
خۇيۇڭدىن قوي بولۇش يا بۆرە بولۇش،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

بۈگۈنگە ئوخشىمايدۇ ئەتە دېگەن،
يۆتكىلىپ تۇرار سازدا پەدە دېگەن،
ئالدىڭدا پەيدا بولار، ... نەدە دېگەن،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

يامانلار ياخشىلارنى قەستلەپ تۇرار،
قىممەت ئۇ، ئۆرلەپ تۇرار، پەسلەپ تۇرار،
ئەۋلادلار ياخشىلارنى ئەسلەپ تۇرار،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

ھەر ۋاقىت نېسىپ بولماس نەپمۇ ماڭا،
ئېيتسامىلا شېئىر بولماس گەپمۇ ماڭا،
جاي بېرەر ئەل قاتارى سەپمۇ ماڭا،
بۇ جاھان — ئۇزۇن جاھان، ئۇزۇن جاھان.

**ھاتەمجان سايىم**

# شېئىرلار

1

ئېگىز قاشىڭنى يا ئەيلەپ ماڭا كىرپىكىنى ئوق قىلدىڭ،
ئېتىپ شۇ ئوقنى كۆكسۈمگە، جېنىمنى بارۇ يوق قىلدىڭ.

نىگاھىڭنىڭ پىچاقىدا ئۈزۈپ كاللامنى جىسمىمدىن،
سۆيۈپ ھەتتاكى تېرەمنى تىرىك، دەججاللىغا لوق قىلدىڭ.

چۈشۈمدە سەن قۇياش يەڭلىغ قىلىپ كۈلكەڭنى بەخشەندە،
جەننەتتە لەۋنى ئۆمەللەپ، كۆڭۈل باغرىمنى توق قىلدىڭ.

يىراق ئوڭۇمدا مەن چاڭقاپ شارابىڭغا قولۇم سۇنسام،
سۆزۈك رومكاڭنى پارە ئەيلەپ ماڭا نەپرەتتە دوق قىلدىڭ.

ياراتقانىمىش ئۇلۇغ تەڭرىم جىمى مەخلۇقنى جۈپ - جۈپتىن،
ئەجەب ئۆزۈڭگە جۈپ بولغان پېقىر بەندەڭنى چوق قىلدىڭ.

2

بۇ تەڭرىم ئۆز ھوزۇرىدا تالاي ئىنسانىنى بار ئەتمىش،
ئاڭا كۆرمەككە كۆرۈم ھەم ئۆلۈم شاھىنى يار ئەتمىش.

بۇ دۇنيادا كۆرۈم بىرلە ئۆلۈم ئىنسانىنى ئوۋ قىلغاچ ،
ھايات ئىزدەپ ھامان ئىنسان ئۇلار ئالدىدا كار ئەتمىش.

كۆرۈم دەۋرىنى سۈرگەندە ئۆلۈم ئوخلاپ تۇرۇپ ياندا،
قاچان ئويغانسا، مەھشەرنى ھايات توپىغا كار ئەتمىش.

ئۆلۈم بىر يانغا دومىلاتسا، كۆرۈممۇ ھەم قاراپ تۇرماي،
ئۇمۇ ھەردەمدە ئىنسانىنى پەلەك چارقىغا شار ئەتمىش.

ۋە بەزى ئول پەلەك شاھى بۇراپ تەتۈرگە چاقىنى،
يەنە ئىنسانىنى دەرقەمدە ئەجەل ئالدىدا زار ئەتمىش.

تۇتۇپ بىر كۈن ئۆلۈم شاھى ئەجەل ئاتلىق گۇلابىنى،
ئاڭا ئۆلمەككە مال، شۆھرەت، ئىشق دەردىنى دار ئەتمىش.

يېتەلمەي ھېچكىمشى ئاخىر بۇ دۇنيادا مۇرادىغا،
ئەجەل كەلگەن ھامان ھەر كىم، تىلىپ باغرىنى پارە ئەتمىش.

## مۇھتەملاتۇ مۇساۋىياتلار①

### كارۋانغا

قالما ئارتتا      توسسا سىنى      ئىگىز داۋان      قاپتال، تىك يار،
توسسا سىنى      شۇ داۋاندا      تۈلكە ـ قاۋان      كۆكسىنى يار.
ئىگىز داۋان      تۈلكە ـ قاۋان      يول بېرىدۇ      ساڭا شۇئان،
قاپتال، تىك يار      كۆكسىنى يار      ساڭا شۇئان      چىن بەخت يار.

### ئادەملەرگە

ھايات ئۈچۈن      كەڭ بىر سەھنە      پايانى يوق      بۇ دالا ـ تۈز،
كەڭ بىر سەھنە      بولسىمۇ گەر      ئۈستى ئۈنىڭ      ئەمەس تۈپتۈز.
پايانى يوق      ئۈستى ئۈنىڭ      تارلىق قىلار      بىز چامداشقا،
بۇ دالا ـ تۈز      ئەمەس تۈپتۈز      بىر چامداشقا      ئۇن پىلان تۈز.

① «مۇھتەملاتۇ مۇساۋىيات» — ئۇيغۇر ئەنئەنەۋى شېئىرلىرى ئىچىدىكى مۇھتەملات (تۈيۈق) شەكلى بىلەن مۇساۋىيات تەرەپەيىن شەكلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، بۇ خىل يېڭى شېئىر شەكلىنى كۆپ تەرەپلىمە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

### رەڭۋازلارغا

| | | | |
|---|---|---|---|
| سوكسوك ئېتىك | يورغا بولماس | مەيلى ئاتا | قاقىش تاقا، |
| يورغا بولماس | گەزچە ياساپ | قوڭغۇراق ئاس | پوپۇك تاقا. |
| مەيلى ئاتا | قوڭغۇراق ئاس | ئېتىك شۇنداق | ماڭار يەنە، |
| قاقىش تاقا | پوپۇك تاقا | ماڭار يەنە | «تۇققا - تاقا». |

### كۆكلەمنىڭ خىتابى

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەلدىم يەنە | ئەي دېھقىنىم | تۇر ئورنۇڭدىن | يەرگە قوش تاپ، |
| ئەي دېھقىنىم | چاڭ كەلتۈرۈپ | ئېتىزىڭدا | دېگىن «ئوش-تاپ» |
| تۇر ئورنۇڭدىن | ئېتىزىڭدا | ئىشلە، مىشچان | بولۇپ قالما، |
| يەرگە قوش تاپ | دېگىن«ئوش-تاپ» | بولۇپ قالما | بېلى بوش، تاپ. |

### باغۋەن خىسلىتى

| | | | |
|---|---|---|---|
| باغۋەن قەلبى | شادلىناركەن | مېۋە بەرسە | بېدىشتا تال، |
| شادلىناركەن | ياپراق ئارا | ياقۇت ئۈزۈم | تۇرسا تال - تال. |
| مېۋە بەرسە | ياقۇت ئۈزۈم | جاپا - ئەجرى | ئۇنتۇلاركەن، |
| بېدىشتا تال | تۇرسا تال-تال | ئۇنتۇلاركەن | ھەممە ھار - تال. |

ئوسمانجان ئىسمايىل

# شېئىرلار

### ئاشىق ناخشىسى

ئېيتقىن قۇياش—
سەن ئاسماننىڭ تاماكىشىمۇ؟
كۆك ئاسماننىڭ رەڭگى،
پارىشىمۇ سەندىكى ئىسسىنىڭ؟
ئاسماننىڭ ھېچ بولمىسا دەردى،
بولۇۋالدى نېمىشقا بەڭگى؟!
ئاسمان چېكىپ بولغاندا سېنى،
تاشلىغانمۇ زېمىن كۆلدانغا،
كېچە قىلىپ قارا كۆلۈڭنى.

بەزەن ئۆچۈپ قالسا چوغلىرىڭ،
شامال ياشلاپ كەلگەن بۇلۇتتىن.
ياش تۆكىدۇ نېمىشقا ئاسمان،
قايسى گۈزەل ئۈنى يىغلاتقان؟
ئېيتقىنا
كىمگە ئاشىق بىچارە ئاسمان!

### ئۆتمەس «مال»

سودىگەر — ئىلاھ،
يەشكىگە قاچىلاپ مېنى
ئېلىپ كەلگەن سەھەردە
پانى ئالەم بازىرىغا.
تېخى كۆپكە سىر،
تاۋار ئىدىم مەنمۇ ئەسلىدە
«ئادەم» ماركىلىق
بىلەلمىدىم ھېچ
خېرىدارسىز بازارمۇ بۇ، يا
سېتىلمايلا بېسىلىپ قالدىم...
قىستاپ كەلدى زاۋاللىق،

تۆن دېۋىسىدەك دېۋەيلەپ.
ئۈمىدسىزلەنگەن سودىگەر،
يەشكىمگە قاچلاپ يەنە،
كېتىپ قالدى خېرىدار ئىزلەپ...

**بىز**

بىز قۇملۇققا نەپرەت ئوقۇدۇق،
غەزەپلەندۇق، كايىپ كەتتۇق ھەم.
بىھېساب بەدەل تۆلەپ
بەرپا قىلغان بېغىمىزنى،
ئاچقان مۇنبەت يېرىمىزنى،
نابۇت قىلدى دەپ.
ئەمما
زورلىغان قۇملۇقنى شۇنداق قىلىشقا
زالىم بورانغا
قىلالمىدۇق گەپ...

**رەنجىش**

قىستاۋاتقان مېنى ياشاشقا،
قارغىشلىرى رەقىبلىرىمىنىڭ.

تارتىۋاتقان پۈتۈمنى گۆرگە،
بولماسلىقى كارى ھېچكىمنىڭ.

**شائىر ۋە شېئىر**

قاراڭغۇ كېچىگە ئۆيلەنگەن شائىر،
بەختلىك ھېس قىلار ھامان ئۆزىنى.
جىلۋىگەر سەھەرگە ئېرىشكەن شېئىر،
بالقىغان قۇياشتا يۇيار يۈزىنى.

**مەڭگۈلۈك ناخشا**

قۇمغا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ يۇلتۇزلار،
تۈن لەشكىرىنى قوغلىيالماي ئاۋارە،
بىلمىۋېلىپ كېچە ئۈنىڭ سىرىنى،
ئەتراپىدا كېزىپ يۈرەر سەييارە.

**شېئىر**

ئەبەدىيساقايماس بىر جاراھەتسەن،
مەي قىلىپ ئىچسەم سېنى،ساقىيمەن.

ئايگۈل ھەمدۇللا

## شېئىرلار

**بەزلەش**

بۆشۈكىدە مەسۇم بوۋاقنى
تەۋرىتىدۇ ياندا ئانىسى،
بوش ئىرغىتىپ ئىككى تەرەپكە.
تەۋرىنىشى توختىغان ھامان،
ئاڭلىنىدۇ بوۋاق نالىسى،
تەمشىلىدۇ ئېغىزى گەپكە.
كىم نەزەر سالار ئۈنىڭغا شۇ چاغ،
بەزلەش يەنە ئاستا تەۋرىنىش،
يول بېرىدۇ تىلمۇ ئەسنەككە.

**قېيىداش**

سەنمۇ كۆڭۈلدە ئۆزۈڭگە ئاق،
مەن قالامتىم سەندىن —
ياق!
ئويلىرىڭ نېمە بىلمىكىم مۈشكۈل،
دىلىمدا بار يۈزمىڭ ئازاب.
سەنمۇ بەلكىم،
سەزگۈدە شۇنداق.

**قەلب**

كۆرۈشكە ئىنتىزاردۇر، ئاغرىنىدۇ،
سۆيۈشكە تەلپۈنىدۇ، يىرگىنىدۇ.
مۇھەببەت ئىزھارىدىن قايغۇرىدۇ،
ئالدامچى ئەقىدىدىن زارلىنىدۇ.

ئەخمەتجان سادىق

# شېئىرلار

### قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ

قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ،
ئاقمايدۇ، ئاقمايدۇ، چاقنايدۇ پەقەت.
سۆيگۈنىڭ سىرلىرى سۆزۈگدە تۇرسا،
قانداقمۇ بوپ قالۇر كۆزلىرىم غەلەت.

قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ،
كۆزۈمچە ئۆتسىمۇ مىڭلىغان سۈرەت.
تىلەكلەپ چاپچىدى ئۇچقۇر تۇلپارىم،
جىغانلار يولۇمنى توسسىمۇ ھەر رەت.

قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ،
ياشلىرىم ئاستىدا ئەكسى بار ھەيۋەت.
يۈرەكنىڭ غەلىيانى چىرىتىدۇ دىل،
قۇللارنىڭ ئىسيانى غۇلىتار قامەت.

قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ،
ياشلىقنىڭ كۆزىدىن يامرىدى قىيان.
تۇن بولۇپ كۆرۈندى، چېچىڭ قۇندۇزۇڭ،
پەقەتلا چېھرىڭنىڭ ئاقلىقى ئايان.

### بىر سىقىم تۇپراق

بىلمىدىم يۈرىكىم ئاقمۇ يە قارا،
سىڭدىغۇ تۇپراققا قىيانىدەك يېشىم.
ئاجايىپ خىسلەتكە تولدۇم ئاشكارا،
تىنچ-ئامان بولغاچقا، بۇ مىسكىن بېشىم.

يارقىنلىق تالاشتى مەندىن نۇر-ئاپتاپ،
بەستى بوي تالاشتى پېقىردىن چىنار.
دوستلارغا بايرام بۇ، دۈشمەنلەر بىتاپ،
تەبىئەت مىجەزىڭ نېمانچە ئاشكار.

بۇرادەر سېنىماي قويغىن پېقىرنى،
«ۋەتەن» دەپ ياشىدىم، باشقىسىغا «ياق».
جەزمەنكى قەپەزدە قىسسا ئىگەمنى
چاچرايدۇ ئالدىڭغا بىر سىقىم تۇپراق…

### چۇش ھەققىدە

ئەي مېنىڭ سەرگەردان بولغان چۈشلىرىم،
تېرەرمەن سىلەرنى چۆلدىن — شەھەردىن.
ۋە يەنە تېرىيمەن چۆلگە — شەھەرگە،
چۈش بىلەن تۈنىمۇ باشلاي سەھەردىن.

بۇ پانىي ئالەمدە تەڭ ئۆسكەن دوستلار،
پاختىنىڭ قېتىدا ساقلاڭ چوقۇم چوغ.
مەن ئەسلى چۈشلەرنى ماختىماس ئىدىم،
يامان چۈش قەلبىمگە سېلىپ قويغان سوغ.

### سۆيگۈنىمگە

«مارسقا كېتەيلى» دېدىڭ ئۇندا قىتا —
ئۇ يەردە تارتمايلى ھىجران دېغىنى.
مەن ئالاي يەلكەمگە تەگرىستېغىنى،
سەن ئالغىن ئېتەككە تارىم بېغىنى.

1991 - يىل، ئاقتۇ.

قۇربانجان تاش

# پەندىيات

(ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

شېھىت بوپتۇ ئۆمۈر يازىم چېكىپ بەك، ئىچكىنىمگە مەي،
بىنگا پاندۇر ھايات تەختىم، يېتىپ كەلگەچ ئۇلىغا زەي.

قۇلاق سال، ئاڭلا ئەي دوستۇم بۇ ئىشلارنى ساڭا مەن دەي:
بولۇپتۇ ئىككى ئون ئۈچ يىل تاماكا چەككىنىمگە ھەي...
ئىست، ئەپسۇس بىلەن ئەمدى نادامەت چەككىنىمگە ھەي...

ئاۋۋال بىرسى دېدى تەڭلەپ: چېكە «داخېك»① نى ئال راھەت،
ئەگەر چەكسەڭ بىرەر تال سەن كېتەر كاللاڭدىكى ئاپەت...
كۆنۈپ قالدىم شۇنىڭ بىرلە، بۇنى ئويلاپ يېڭى ئامەت،
ئۇنى باشتا دوراپ چەكتىم، كېيىنچە بولدى بىر ئادەت،
نە ئادەتكى زەھەر ئىسنى خۇمارلىق ئەتكىنىمگە ھەي...!

ئەگەر كۆرسەم يېڭى سورتنى بولۇپ قالغاچ ئاڭا ماھىل،
تىلەپ چەكتىم بىرەر تالنى بولۇپ مەن ئۇ ئۈچۈن ساھىل،
خىيال قىلسام نېمە ئىشتى شۇنى قىلغان ئۆزۈم جاھىل،
نەسىھەت ئەيلىسە: «ئاسرا، تېنىڭنى...» بولمىدىم قايىل،
ئۇنىڭ ئەكسىچە چالۋاقاپ، جېدەللەپ كەتكىنىمگە ھەي...

يېنىمدا بولمىسا «بوغدا» تېنىم تىترەپ يېڭىم تۇردۇم،
قىلىپ شۇئان تېنىمنى پەش، كىشىگە بىرنى تۇكۇردۇم،
خۇمار چىقماي، سېتىپ مالنى ئاماللاپ توپنى يەشتۇردۇم،
پۇلۇمنىڭ بارىدا سېخى بولۇپ ئۆزگىگە چەكتۇردۇم،
بولۇپ بەزەن «گاداي بەڭگى» يۈزۈمنى تۆككىنىمگە ھەي...

چىرايلىق يۆگىگەننى مەن بىلىپ ئۆزۈم ئۈچۈن دۆلەت،
قىلىپ بۇيرۇق كىشىگە ھەم سەرەڭگە ياق، بۇنى گۈللەت،
خۇدانىڭ ئىشقى بۇ چەككەن ئادا دەپ بۇ تېخى سۈننەت،
كۈنىگە نەچچە ۋاخ ئىسنى شوراشنى مەن بىلىپ «سۆلەت»،
تاماكا چەكمىگەنلەرنى «بېخىل» دەپ سۆككىنىمكە ھەي...

چېكىپ مەن ئىككى ئون ئۈچ يىل، ئىچىم تولدى قارا ئىسقا،
بىلىنمەكتە تېنىم ساقسىز بولۇپ ئۆمرۈم كۈنى قىسقا،
كېتىپ بارماقتا ئۈچ پۇتلاپ، ئۆمۈر يازىم پەسىل قىشقا،
ئەجەب بىلمەپتىمەن، ئىنسان ئۈچۈن ساقلىق ئىكەن ئەلا،
ئۆزۈم ئىزدەپ تېپىپ غەمنىڭ لېيىغا چۆككىنىمگە ھەي...

يۆتەلسەم بىردە ئويلايمەن، ھېسامنىڭ چاقچىقى ـ قانچىق،
قېقىلسا ھەر قېتىم ئۆپكەم دېدىم: سەن قىينىما جان، چىق،

① «داخېك» ماركىلىق تاماكا كۆزدە تۇتۇلدۇ.

داۋاملىق بار شۇ مەيدەمدە مېنىڭ ئەزرائىلىم ـ ئاچچىق،
قەدەمدە بىر يۆتەل، بەلغەم، يەنە كۆكسۇمدە مىڭ سانجىق،
كېچە يوق ئۇيقۇ، كۈندۈزدە خىرىلداپ ئۆتكىنىمگە ھەي...

چېكىپ بۇ «بەڭ»نى ئىس تارتىپ، تىقىپ ئۆپكەڭگە ھەم «قىنستاپ»،
بولۇپ قۇربانى بۇ بەڭنىڭ كېتەمسەن، باشقىچە يول تاپ!
تاماكا تەڭلىگەنلەرنىڭ قىلىچ ئال شۇ قولىغا چاپ!
ئەھەدى، ياشلىقىڭ كەتتى، ئۇزاتتىڭ سەن ئۇنى «ئىسلاپ»،
نىتەيكى ئويلىماي باشتا بۇ ھالغا يەتكىنىمگە ھەي...!

ئابلىكىم رەھەت

## ئىككى شېئىر

### مۇھەببەت

قىز ـ يىگىت قارىشار تەلمۈرۈپ تويماي،
سۆيگۈگە ئىنتىزار كۆزلىرى ئوتقاش.
دەقىقە چېھرىنى ئۈزەلمەس زىنھار،
نە ئۇندا تارتىنىش، يوقتۇر ھېتىرقاش.

قىز ئېيتار يىگىتكە تەبەسسۇم بىلەن:
«كۈنۈ ـ تۈن سېزىنىلا قىلىمەن خىيال.
مۇھەببەت غۇنچىمىز بولمىسۇن غازاڭ،
چىڭ ئىشەنچ بولسىلا تاپقايمىز ۋىسال.»

يىگىتمۇ ئېيتماقچى بولۇپ سۆزىنى،
ئوت بولۇپ تىكىلدى قىزنىڭ يۈزىگە.
ۋە لېكىن يىگىتنىڭ يۈرەك سۆزلىرى،
سىڭگەنتى ئەسلىدە قىزنىڭ كۆزىگە.

### ۋەتەن

ياشايمەن بەھوزۇر ۋەتەن سەندە مەن،
تىگىرقاش يوق زىنھار، يۈرسەم تاغدامەن.
باغرىڭ ـــ ئۆز باغرىمدۇر جانىجان ئانا،
قالىمەن ئايرىلسام مەڭگۈ داغدىمەن.
سەن بىر گۈل، مەن بۇلبۇل گۈلزار بېغىڭدا،
سايرىسام ئارمان يوق، ئىشقىڭدا سېنىڭ.
سەن ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، سەن ئۈچۈن ئىشلەش،
بىر ئۆمۈر شان-شەرەپ، بەختىمدۇر مېنىڭ.

ئابدۇرىشىت سابىر

## پارچىلار

ھەممىمىز ئىنسانغۇ، ياشايلى ئىناق،
تەڭسىزلىك زۇلمەتتۇر، گوياكى دوزاق.
بىرلىكتىن، ئۆملۈكتىن يارالغان دۇنيا،
كۆيمەيدۇ پىلىكسىز ھەتتا جىن چىراق.

× ×

تىلەيسەن خۇدادىن ھەر كۈن تاڭ سەھەر،
«يەتمىسە ماڭا دەپ، بالايۇ خەتەر»
ئەجەبا، ئۆزگىنىڭ بەختىنى كۆرسەڭ،
قاينايدۇ، ئىچىڭدە بولدۇقلاپ زەھەر.

ياخشى نام قالدۇرۇش ـــ ياخشىنىڭ ئىشى،
ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆلمەس ئۇ كىشى.
يامان نام، ئاتاقنى ئېرىشمەك ئاسان،
كۆپايە ئۇنىڭغا مىنۇتنىڭ ئىشى.

× ×

تەڭ بولسا، ھەممىگە خوشلۇق ۋەخۇۋلۇق،
دۇنيادا بولماستى بەلكى تۈز كورلۇق.
ياخشىنى يامانغا قوشتۇڭ سەن نېچۈن؟
كەچۈرگىن خۇدايا، بولسا كۆپۈرلۇق.

ئۆچقۇنجان ئۆمەر،
ئەركىن ئەبەيدۇللا

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۆچقۇنجان ئۆمەر، ئەركىن ئەبەيدۇللا




مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ياشلىق — بەخت

لېرمېنتوف: «بەخت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا «بەخت — قانائەتلەنگەن مەغرۇرلۇق» دەپ تەبىر بەرگەنىدى. دېمىسىمۇ، ئىنساننىڭ ماددىي تەلەپلىرى، روھىي ئېستەكلىرى قانائەت تاپسا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلايدۇ. ھاياتىدىن چوڭقۇر مەنا، شادخۇراملىق، رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ. كەلگۈسى تۇرمۇشىغىمۇ ئۈمۈر قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمىدە تەلەپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۈندىلىك تۇرمۇشى ئاچزارلىقتا، غۇربەتتە ئۆتكەن كىشى ئۆزىنى بەختلىك چاغلىيالمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. يەنە كېلىپ، بەخت دېگەن ھاجىتى چۈشكەندە بالا - چاقام مەن ئۆلگەندە تەسەررۇپ قىلار دەپ، ئاتا - ئانىلار مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن تەييار مال - دۇنيامۇ ئەمەس. ئۇ گويا غەۋۋاس ئۆلۈم خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىپ چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىن ئۈمىد، سەۋر - تاقەت، چىدام بىلەن بىر - بىرلەپ سۈزگەن ئۈنچە-مارجان توپىغا ئوخشايدۇ.

ھايات ساھەلىدىكى تىرىكچىلىك مۇشەققەتى، تۈرلۈك مۈشكۈلاتلار، جاننى قاقشاتقان رەقىبلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ شۇ يولدا يىقىلىپ-قوپۇپ، گاھىدا جاننى بەدەل قىلىپ قازانغان زەپەرلىرىنىڭ ئەقىل ۋە ھالاللىق بىلەن ھاياتىڭدا خاتىرجەم، ئاسايىشتا ئۆتكۈزگەن چاغلىرىڭ، ئەل-يۇرت غېمىدە قىلغان ئىزگۈ ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغلار ۋە ئاتا - ئاناڭ، دوست - يارەنلىرىڭ تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان ئالقىش-رەھمەتلەر، چىن سۆيگەن يارىڭ بىلەن ۋىسال تاپقان مىنۇتلار... ئۇزۇن مۈشكۈل سەپەردىن كېيىن مەنزىلگە يەتكەندە ئالغان دەم لەززىتى، رېئاللىققا ئايلانغان ئارزۇ ئارمان شادلىقى، قىسقىسى، ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا جاۋابقا بەرگەن يۈز نومۇرىنىڭ شەربىتى... قاتارلىق جۈزئىي نەتىجىلەر قوشۇلۇپ ئىنسان بەختىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەن ھايات سەپىرىمدە بەخت ۋە بەختسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ ئوڭ - تەتۈر قىسمەتنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ھەمراھ بولغان، بەختىيارلىقتىن تېلىقىپ كۈلگەن، خۇشاللىقتىن ئېرەمگە سىغماي سۈتلۈك قويىنىڭ قوزىسىدەك قىيغىتىپ سەكرىگەن چاغلىرىم بولغان. لېكىن مېنىڭ پانىي ئالەمدە ئېرىشكەن بۇ كىچىككىنە بەختىممۇ خۇددى قەلەندەرنىڭ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تاپقان پارچە - پۇرات نېنىدەك ناھايىتى تەس قولغا كەلدى. ئاشۇ لەنىتى تۇرمۇش يولىدىكى سىراتەل مۇستەقىمدىن بىخەتەر ئۆتىمەن دەپ تەمتىرىگەن، ئازغۇنلۇققا ئۇچراپ ھەسرەت چەككەن، مۇھەببەت كۆكىنىڭ راھەت - پاراغەتخانىسىدىن تەھتى سىراغا بىراقلا دوللاق ئېتىپ مەھكۇملۇقتا ئازابلانغان، دەۋر ئەلگىكىدە ئۇيان - بۇيان تاسقىلىپ خورلانغان، دەرد - ئەلەمدىن تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم سىنەمدە مەڭگۈ يۇيۇلماس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



داغ بولۇپ قالغان چاغلىرىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقان. مېنىڭ بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالىم ئېھتىمال بەخت بىلەن بەختسىزلىك، ۋىسال بىلەن ھىجران، پايدا بىلەن زىيان... دېگەنلەرنىڭ ئەزەلدىن ئىنسانلار تەقدىرىدە نۆۋەتلىشىپ رول ئويناپ ئويدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ خۇددى قايسىبىر ئارتىسنىڭ سەھنىدە ھاياجان بىلەن ئېيتقان:

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ،
ئەزەلدىنلا ئىكەن قوشماق.
ئۈمىدنى دىلغا يار قىلماي،
ئەجەب مۇشكۈل داۋان ئاشماق.

دېگەن ناخشىسىدا ئېيتىلغىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق ئىكەن. مېنىڭ ھاياتىمكى ئامەت-بەختىم بىلەن مەغلۇبىيەت-تەلەيسىزلىكىم خۇددى يول ماڭغان چېغىمدا ئىككى پۇتۇم ئالمىشىپ تۇرغاندەكلا توختاۋسىز يەڭگۈشلىنىپ تۇردى، ھاياتىمدا بىرەردەم قۇياش بەھرىدىن تىنىم ئەللىسلا ئارقىدىنلا ھەسەت-كۆرەلمەسلىكنىڭ جۇت-شىۋىرغانلىرىدا مۈزلىدىم: قاچانكى ھالال ئەجرىم بەدىلىگە كەلگەن قۇت، غەلىبىدىن شادلانسام ئازدىن كېيىن تۆھمەتنىڭ تاش بورانلىرىدا ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ زار-زار يىغلىدىم. ساداقەت، پاك سۆيگۈ ۋەجىدىن كۆڭۈل ئەسىرلىكىگە چۈشكەن ماھى تابان بىلەن بىر دەقىقە ۋىسال تاپسام ئارقىدىن ئەسىرلەپ ھىجران چۆلىدە تەشنالىقتا قىينالدىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا تەقدىرىمدىن زارلاپ يازغان بىر كۇبلېت نەزمە ھېلىمۇ يادىمدا قاپتۇ.

كۇتۇپ بەختىمنى ئاي-يىللاپ، بولۇپتۇرمەن دىلىم خەستە،
رەقىبىم رىيا بىرلە تۇرار كۆكتە، مەن ئۆزۈم پەستە.
زەررىچە كۆرمىدىم خوشلۇق-رىيا دوستىتىن، زامانداشتىن،
ئادالەتكە خېرىدار ئاز دىبان بۇنى ساقلىغىن ئەستە.

ئەمما، بۇ چاغقا كەلگەندە — قېرىغاندا «خۇشاللىق ئۇنتۇلار، ھەسرەت ھېچقاچان» دېگەندەك ھايات مۇساپەمدىكى ئاشۇ ئىزگۈ يالدامىلار، ئەل ئارا شاد-خۇراملىقتا يار بولغان قىممەتلىك مىنۇتلار، يار تەقدىم قىلغان ئانىنىڭ مېھرىدەك ئىسسىق ۋە تاتلىق تەبەسسۇملار، نەۋ باھارنىڭ جەلپكار ھۆسنى ھەدىيە قىلغان گۈزەل تەسىراتلار سېخى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتىغان ھەممە مەئىشەت شىرنىلىكلىرىدىن كەلگەن لەززەتلەر... ھەممىسى... ھەممىسى ئۇنتۇلدى. ھەتتا ھايات يولۇمدا ماڭا نېسىپ بولغان جىمى بەخت، خوشلۇقلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان جاپا-مۇشەققەتلەر، قارغىش-لەنەتلەر، دەرد-ئەلەم، ھەسرەتلەرمۇ خۇددى ئاي شولىسىنىڭ تىنچ سۇدىكى جىلۋىسىدەك ئاستا-يوقاپ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەقەت ئىككىلا ئىش ئۇنتۇلمىدى. يەنى، ئاشۇ جۇشقۇن نۆۋەر ياشلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قۇتلۇق پەيتىدە قولغا كەلتۈرگەن، ئۆتكەن ئۆمۈر خاتىرىلىرىمنى گۈزەل نەقىشتەك بېزەپ تۇرغان ئىككى قىممەتلىك غەلىبە. يەنى رەقىب

بىلەن ئېلىشىپ قوچقان زەپەر زادى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي كەلدى.

ئۇنىڭ بىرى: ئون سەككىز ياش چاغلىرىمدا زۆرۈر بىر ئىش ۋەجىدىن يىراق سەپەرگە
ئاتلاندىم. يولنىڭ كۆپى چۆللۈك ئىدى. تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا، كېچىسى يۈرەي
دەپ ئېزىپ قالدىم. چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىدە نەگە ماڭارىمنى، نەدىن كەلگەن-
لىكىمنى پەرق قىلالمايتتىم. مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان قۇياشنىڭ قاياقتىن چىقىپ،
قاياققا پېتىشىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. تىنىشا ئىسىز ھالدا يىقىلىپ - مۈدۈرۈپ مىنۇتىغا
ئاران بىرەر قەدەم ئېلىپ سەپەرنى داۋام قىلاتتىم. ئۇسسۇزلۇق بارغانسېرى دەرما-
نىمنى قۇرۇتۇپ باراتتى. شۇ تاپ يىقىلسا ملا مۇگىدەك بېسىپ مەڭگۈ ئۇيقۇغا كېتىشىم
چوقۇم ئىدى. ئەزرائىل يېنىمدىلا ئەگىپ يۈرەتتى. گاھى ئالدىمدىن كەسلەنچۈك،
سىرتلان، يىلانلار سىرىلىپ ئۆتۈپ، يىراقتا جىمىرلىغان ئالۋۇنلار كۆزۈمگە يامراپ
كەلگەن كەلكۈن سۈيىدەك كۆرۈنۈپ كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ، ئەنسىزلىكنى كۈچەيتەتتى.
ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئاخىر كۈچىنى كۆرسەتتى. يىقىلدىم، ئەمدى تەندە ئىككىنچىلەپ
ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالنىڭ يوقلۇقىغا تەن بېرىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتتىم. لېكىن
ئەزرائىل يېنىمغا كەلگۈچە بولغان ئەسنادا خىيالىمغا «چىن ئىنسان
ھەققىدە قىسسە» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى ئالېكسىي مىرسىيۇنىڭ پۇت - قوللىرى
سوغۇقتىن ئۈششۈگەن، ئايروپىلاندىن سەكرەپ تېنى زەخمە يېگەن، نەچچە كېچە-كۈندۈز
ھېچنەرسە يېمەي-ئىچمىگەن ئەھۋالدىمۇ ياشلىق، كەلگۈسى غايە، گۈزەل كېلەچەككە بول-
غان ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن ئۆمىلەپ، دوملاپ دېگەن-
دەك ئەھۋالدا مەنزىلگە يېتىپ ھايات قالغانلىقىدەك كارتىنىلار كەلدى - دە، شۇئان
ئەزرائىلنىمۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقنىمۇ ئۇنتۇدۇم. ئورنۇمدىن قانداق تۇرۇپ كەتكەن-
لىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. يېگى ماڭغان بالىدەك تەمتۇم-تەمتۇم مېڭىپ مەنزىل، ھايات-
لىق ئىزلەپ مېڭىپ كەتتىم. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈمنى سۆگەت بوستانلىق بىر كۆل بو-
يىدا، كىشىلەر ماڭا سۇ ئىچۈرۈۋاتقان ھالدا كۆردۈم. دېمەك، مەن ھايات قاپتىمەن.
ياشلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ھايات زەۋقى مېنى ئەزرائىل
بىلەن بولغان جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئەگەر شۇ چاغدا يېشى توختىغان بىرچال
بولغىنىمدا ئەسلا ھايات قالمىغان بولاتتىم.

يەنە بىرى: ياش چاغلىرىمدا ئاشىق بولۇپ قالغان بىر گۈزەل رەنانىڭ مەيلى-
نى ئۆزۈمگە قارىتىش يولىدا قازانغان غەلىبەم. قىز يېقىملىق، ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ
ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. نەچچىلىگەن يىگىتلەرنىڭ قارىغا ئېلىش نىشانى ئىدى.
قىزنىڭ پەيلىدە يۈرگەنلەر ئىچىدە يېشى قىرىق بەشتىن ھالقىغان ئەمەلى، پۇلى بار
بىر قېرى يىگىتمۇ بار ئىدى. ئەگەر بەيگىدە چىلىك تۇرمىسام ئۇنىڭ قىزنى ئىمتىياز-
غا تايىنىپ ھەر ۋاقىت قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. قېرى يىگىت قىزنى
شەھۋانىي ھەۋەستىنىلا ئارزۇ قىلاتتى ھەم پۇل - ئابرويىنى ۋاسىتە قىلىپ قولغا كەلتۈ-
رۈشكە ئۇرۇناتتى. مەن بولسام قىزنىڭ زىبالىقىنى، گۈزەللىك ۋە ئىلىم - مەرىپەتنى،
ياشلىقنى سۆيىدىغان روھىنى، ھايالىق، پاكلىق سۈپىتىنى ياخشى كۆرەتتىم، شۇنداقلا
ھەم ئۇنى چىن مۇھەببىتىم، ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىم بىلەن قايىل قىلىپ قولغا كەل-

تۇرۇشنى ئويلايتتىم. قېرى يىگىت بىلەن ئىككىمىز بىر ۋاقىتتا ھەرىكەتكە ئۆتتۇق. ئۇ قىممەت باھالىق تويلۇق، ياخشى خىزمەت، ئورۇن ۋەدە قىلىپ ئۈزۈلدۈرمەي قىز ئائىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. مەن ئۇستىلىق بىلەن پۇرسەت تېپىپ قىز كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭ پۇل، زىبۇ زىننەت، كىيىم - كېچەكنى ئەمەس، گۈزەل ياشلىقنى، پاك مۇھەببەتنى، تۆھپە-ئىقتىدارنى، ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدىغانلىقىنى بايقىدىم ھەم مۇشۇ جەھەتلەردە كۆزۈر كۆرسىتىشكە باشلىدىم. مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇپ ھەمساۋاقداشلىرىم قاتارىدا ئالدىدا تۇردۇم. خىزمەتكە چىققاندا جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلەپ شەرەپ قۇچتۇم. جانان نېمىنى ئارزۇلىسا، شۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلدىم. ھەر قانداق ئىشتا لىللا ھەق تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئىسپات قىلدىم... ئاخىر قېرى يىگىت بىلەن بولغان بەيگىدە ئۇتتۇم. بۇ جەرياندا ئۇنتۇلغۇسىز رىيازەتلەرنى چەكتىم. تۆلىگەن بەدىلىممۇ ناھايىتى كۆپ. ئەمما، قىز مېنىڭ بولدى. دېمەك، ياشلىق پۇرسەت، تەندە قۇۋۋەت، جۇشقۇنلۇق بىلەن ئۈمىد، ئىرادە بولسىلا قىيىنچىلىقنى قولايلىققا، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە، بەختسىزلىكنى بەختكە... ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن. بۇ خۇددى چىڭگىزخاننىڭ ئۆلەر چېغىدا ھەسرەتلىنىپ: «غەلىبە مۇقەررەرلىشىپ قالغاندا، بوينۇمغا شال چۈشكەندىمۇ ياشلىق ياخشى» دېگەن سۆزىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، چىڭگىزخانمۇ بۇ سۆزنى قىلغىنىدا ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتى ئوتتۇكەندە رەقىبلىرىنىڭ تورمىسىگە چۈشۈپ قېلىپ بوينىغا شال سالغان ھالەتتىمۇ ياش ۋە ئۈمىدۋار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردىن قېچىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

... مەن بۇ خىيال، بۇ كەچمىشلەرنى بېغىمدىكى ئاپئاق پورەك ئاچقان ئۆرۈك چېچىكىگە، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا ئەمدىلا مايسا بولۇشقا باشلىغان چىمقىياقلارغا، باش ئەتىيازدا تۇخۇمدىن چىقىپ ئەمدى ئانىسىنىڭ كەينىدىن چۇ-چۇلاپ دان تېرىپ يۈرگەن چۆجىلەرگە قاراپ ئەسلەپ قالدىم. ياشلىق چېغىمنى يادىمغا ئالدىم. ئەگەر تەڭرى ماڭا يەنە بىر قېتىم ياشلىق پۇرسىتى بەرگەن بولسا، مۇشۇ ئىمكانىيەتلىك كەڭرى زاماندا نى - نى ئىشلارنى، نى - نى مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بىر گۈزەللىككە ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ، مىڭلىغان جانان - رەنالارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان بولار ئىدىم.

ئەپسۇس، مېنىڭ ئەمدى ئۆمەر ھەييام:

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى يەتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى قىش كېلىپ يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ سۈيۈنچ قۇش،
بىلمىدىم قاچاندۇر كەلدىيۇ كەتتى.

دېگىنىدەك ئىمكان پۇرسەتلىرىمنىڭ كۆپى ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئىنككى ئىش، يەنى ياشلىقنىڭ زورى بىلەن ئەزرائىلى ھەم قېرى يىگىتنى يەڭگەن تارىخ

ئۆمرۈم ئاسمىنىدىكى چولپان يۇلتۇزدەك پارلاپ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى يورۇتۇپ، ماڭسىمۇ گاھى - گاھىدا بەختىنىڭ يار بولغانلىقىنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا تەنگە قېرىدىلىق يەتكەنلىك سەۋەبتىن يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەر يارىتىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئەمدىكى ياشلارغا مۇنۇ مەسلىھەتنى بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار، دەپ قارايمەن. بەختلىك بولاي دېسىڭىز ژۇلى ۋېرىننىڭ مۇنۇ سۆزىنى — «ئەمگەك قىلىش ھاياتنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى بالىلىق چېغىدىلا ياخشى چۈشەنگەن ئادەم، پەقەت پېشانە تەرىنى تۆكۈپ نان تېپىپ يېيىش مۇمكىنلىكىنى ياشلىقىدىلا چۈشەنگەن ئادەم قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ»① دېگەن سۆزىنى خۇددى سۈرى ياسىنىنى ئوقۇغاندەك تەكرار - تەكرار ئوقۇڭ ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ.

— 1993- يىل، خوتەن

توختاش بەكرى

# ئۆلمەيدىغان سەنئەت پېشۋاسى

(نەسرىي شېئىر)

يىللاردىن يىللارغا ئۆتكەندە كىشى، ئۆلۈك - تىرىكلەرنىڭ سېغىنىشلىرى يامراپ كېلەركەن كەلكۈندەك، گۈركىرەپ كېلەركەن بوراندەك... تىرىكلەرغۇ بىر نۆۋرى، ئۆلگەنلەرنىڭ ھەسرىتى قىيقىياركەن ئادەمنى تونۇردا لاۋۇلداپ كۆيگەندەك...

مانا، يىل ئاخىرى ۋە يېڭى يىل بوسۇغىسىدا، چوڭقۇر ئويلارغا چۆكمەكتىمەن، تولغانماقتىمەن، كۆيمەكتىمەن بىر قەدىردان توغرىسىدا... شۇ تۇرقى خىيالەن چىقىپ كەتتىم ساماغا، تەسەۋۋۇر ئېتىغا مىنىپ. قولۇمغا قامچا ئەمەس، ئوتلۇق سېغىنىشنىڭ پارلاق مەشئىلىنى ئېلىپ! زەن سالماقتىمەن: تاغلارغا، دەريالارغا، ۋادىلارغا، باغلارغا!... كۆز تاشلىماقتىمەن: ئۆزۈمدەك جۇنۇنلارغا، باغرى قان - يارىلارغا...

ئەنە، ئابرال! ھەر كۈنى تاڭ سەھەر قۇياشنى دۇربۇن قىلىپ باقماقتا يىراق بىر قەبرىگە... ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئىسسىق ياشلار قۇيۇلماقتا قاش سۇيىگە... ئەنە: پامىر، كوئېنلۇن، خانتەڭرى، ئالتاينىڭ ئالتۇن تاغلىرى، يۇلتۇزلارنى كۆز قىلىپ باقماقتا بىر ھەيكەلگە سۈكۈتتە... ئانا تاغلار ئېگىپ بېشىنى، بۇلۇت بىلەن سۈرتۈپ يېشىنى؛ ئايىنى ئاپپارات، ھەسەن - ھۈسەننى لىنتا قىلىپ، ئۇ قەبرىنى - ھەيكەلنى تارتىشماقتا سۈرەتكە! سېخى تەبىئەتنىڭ ياز يامغۇرلىرى — زەمزەملىرى ئۇ ھەيكەلنى يۇيماقتا پات - پات! ئالما، رەيھان - گۈل پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇرار ئاشۇ ھەيكەلگە ھەم سابالار ھەر كۈنى قېقىپ قانات!

— «كىمنىڭ قەبرىسى؟ نېمە ھەيكەل؟» ، دېدىڭىزما، كىتابخان؟! كەچۈرۈڭ مېنى! ئېيتماپتىمەن شۇنى، كۆڭلۈم بولغاچ پەرىشان... تىڭشاڭ، قۇلاق سېلىڭ! ئىلى باغلىرىدىن ئۆكسىمەي ياڭراۋاتقان ناخشىغا! بىلىۋالىسىز ئاسانلا، زەن سېلىڭا: بۇلبۇللار

① ژۇلى ۋېرىننىڭ «15 ياشلىق كاپىتان» رومانىدىن.

ناۋاسىغا، كاككۇكلار زارىغا: «ئورما ئورىسەنكۈندە، تالىمادۇ بىلەكلىرىڭ؟! مەن ياندىڭغا يەتكەندە، كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ؟!»، «باغلار ئارا شامال ئۈچۈپ، يارنى ئەسلەتتى، گۈللەر ئارا بۇلبۇل سايراپ، سېنى كۆرسەتتى!»...

دوستۇم، بىلەمسىزغۇ؟ ئاشۇ ناخشىلارنى كىملەرنىڭ ئېيتقانلىقىنى! «غۇنچەم نۇرۇم»، — دەمسىز؟! بارىكاللا، خاتىرىڭىزگە! كۈيلەيمەن يۈرەكتىن سىزنىڭ سەمىمىي ئېتىقادىڭىزنى... ئۇ، دىلى يارا، باغرى خۇن ئاشىق — مەشۇقلارنى تونۇمايدىغانلار يوق، بىلىمىز، ئۇنۇتقايمۇ ئۆتمۈشنىڭ ئاشۇ قۇربانلىرىنى، سەنئەت خۇمار خەلقىمىز؟! ئاشۇ ئۆچمەس ناخشىلارنى، ئۆلمەس ئوبرازلارنى ئۇنۇتمايمىز، ئەلۋەتتە! ئۇنى ياراتقان سەنئەتكارنىمۇ ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز، ياد ئېتىمىز ئەبەدكە...

— «نېمە — نېمە؟!»، «ئۇ، سەنئەتكار ئۇستاز — زۇنۇن قادىرى!» دەمسىز؟! — يارايسىز دوستۇم-يارايسىز! ئاغزىڭىزغا ناۋات!...ھە، شۇ — سەنئەت پەرىشتىسى، ئىجادخامىنىنىڭ خىزىرى، روھىنىڭ ئىنژېنېرى — ئېسىل زات!... ئۇ باشتىلا كۆيۈنگەن ماغدۇرى كەتكەن باقى① بۈگۈن تەدبىرلىك باي دېھقان! ئۇ، ھېسسىداشلىق قىلغان مەتنىياز② جۈرئەتلىك كارخانىچىدۇر، «مىليونېر» دەپ داڭقى چىققان!...

ئەپسۇس...ئۇ، سەنئەتكارنىڭ قەھرىمانلىرى، ئاشۇنداق ئۇتۇقلارنى قىلغاندا كۆرەلمەي، ئەپسۇس...توختاپ قالدى سوقۇشتىن ئىجادكاردىكى ئوتلۇق يۈرەك... مەرھۇم، نۇرغۇن ئارمانلارنى ھاپاشلاپ، ئارىمىزدىن جىمجىتلا كېتىپ قالدى...بىزنى قالدۇرۇپ داغدا، يېقىنلا بىر جايدا — قېرىنداش ئەلدە يېتىپ ئالدى...③ يازغۇچىنىڭ ئۇندا قاتۇرۇلدى قەبرىسى، تىكلەندى يارقىن ھەيكىلى! سۆيۈندۈرەر ئادەمنى، مەرھۇمنىڭ ھېلىمۇ ھاياتتەك چېھرىسى! دېمەك، ياخشىنىڭ ئۆزى تۇگۇل ئۆلۈممۇ، قەيەردىلا بولمىسۇن، قەدىرلىك ئىكەن — گۈل ئىكەن! روھىمۇ مەيلى قىش، مەيلى يازدا پارلاپ تۇرىدىغان ئاپتاپ ئىكەن — نۇر ئىكەن!...

ئەنە: تەڭرىتاغ، بوغدا، تىكىلىخان قارا تۇتۇقلۇق تېخىلا، يەشكىنى يوق ئاق ياغلىقنى... ئېرىتىش، ئېلىدەرياسى، تارىم مەرسىيە ئوقۇيدۇ دائىملا، ئۇلۇغلاپ مەرھۇم پاكلىقىنى!...بۇ تاسادىپ جۇدالىق ماتەملەرگە ئۇلاپ ماتەم، چوڭقايىتتى ئەجەب جاراھەتلەرنى...يېقىنقى تارىخ يازدى بىر — بىر، زىكرىكامىدىن — زۇنۇنكامغىچە، زور يوقىتىش — نادامەتلەرنى...

ئەي، پەلەك، تەتۈر پەلەك — شۇم پەلەك، تېڭشاپ قويمىدىڭ ئاھىمىزنى، قايسىبىر ئوتلىرىڭنى ئۆچۈرگەندىمىز، بىزگىلا قىلاسەن قاتىللىقىڭنى؟! ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ پېشىۋالىرىنى — باھادىرلىرىنى، ئېلىپ كەتتىڭ كەينى — كەينىدىن④ بىزنى

① ② «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» ھېكايىلىرىنىڭ باش قەھرىمانلىرى.

③ يازغۇچى زۇنۇن قادىرى 1989 — يىلى قازاقىستانغا تۇغقان يوقلاپ چىققىش سەپىرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. سابىق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى زاراۋاستلىك دېگەن يەردە مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇپ ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى.

④ زىكرى ئەلپەتتا، ئابلىزخان ماخۇت، داۋۇتجان ناسىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، زۇنۇن قادىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تۆگەشـسـۈن، دەمسەن؟ ھىجران، كۆلپەت زەربىلىرىدىن... يـاق، يـاق، ئـۇنداقلا ئەـ مەس؛ بەرداشلىق خەلق بىز، قايغۇنى كۆچكە ئۆرەلەيمىز!...بىرىمىز ئـۆلسەك، مىڭـ مىز دەرھال سەپلەر تۈزەلەيمىز!... ئـەنە، سـەھنىمىزدە ناخشا ـ ئـۇسسۇل چولپانلىـ رى، چاقنا تماقتا كۆزلەرنى! يازغۇچى، شائىر، رەسساملار، ئىجاد ئەمگىكىدىن تۇتماقـ تا ۋەتەن ـ ئەلگە گۈللەرنى!... ئـاماننىسا روھى يەنىمۇ ئالەمشۇمۇل نۇرلاندى، جاي ئېلىپ ھەر بىر يۈرەكتىن! ئۇن ئىككى مۇقام، شەرەپ ـ ئىپتىخار ئېلىپ كەلدى، جۇڭـ خۇاغا ـ مىللەتكە، ئالەم ئارا ھەر بىر كۆرەكتىن!...④

شۇڭا، ئەي، پەلەك! بىلەۋەرمە ئارتۇق چىشىڭنى!... سەنئىتـىمىزگە ـسېپىمىزگە خىرىس قىلىپ بولما ھەلەك؛ يىغىشتۇر قاباھەتلىك ئىشىڭنى!...ئەي، ئـابرال سەنمۇ ئۈنسىز تۆكۈۋەرمە يېشىڭنى! كۆتەر ئېگىز بېشىڭنى!...ئىلى دەرياسى ئۆركەشلە!

ئىلىۋادىسى ياسان ـ تارا سۇمبۇل چېچىڭنى!...مۇڭلىنىش دەملىرى ئەمەس، ئۆلمىـ دى زۇنۇن قادىرى؛ ئۆلمەيدۇ سەنئەت پېشىۋاسى!...ياد ئېتەر ئـوغلۇڭنى، ئۇيغۇر نەسـ لى، ئەلنىڭ بارچىسى ـ ھەر بىر سەنئەت شەيداسى!

1992 - يىل 31 - دېكابىر، غۇلجا ـ جىلىيۈزى.

ئەزىم ناسىر

# دانكونىڭ قىز نەۋرىسى

ئۇ سۆلەتلىك گۈزەل قىز ئىدى.

ئۇ ئۆز قەدرىنى بىلىدىغان ئەقىللىق قىز ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان نۇقسانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھـاكاۋۇر، مەنمەنچى، مەغرۇر ئىدى. ئۆز بوۋىسىنى پەش قىلىپ باشقىلاردىن ئۈستـۈن تۇرۇشنى تەلەپ قىـ لاتتى.

ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىز ئىدى. باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى چۆمۈلىدەك كۆپ ئىدى، ئۇلار بـۇ مەغـرۇر قىزنى پەرىشتىدەك كۆرۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىشەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلىرىمۇ ساناقسىز ئىدى. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە بۇ قەدەر چوقۇنىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، خۇشاللىقىـدىن بېشى ئاسمانغا يېتەتتى. بىراق خۇشاللىقىنى قىلچىمۇ چاندۇرمايتتى، مەغرۇر كېرىلىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ چوقۇنـ غۇچىلىرى ئۇنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈـ رەتتى، ئۇنى ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ بىلىشەتتى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئەڭ مۇقـەددەس ئىش ھېسابلىشاتتى.

قىز ئۇلارنىڭ سادىقلىقىنى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى ئـا چىدە ئۈسىمۈر باللارمۇ، قورامىغا يەتكەن يىگىتلەرمۇ، ئوتتۇرا ياشقا قـەدەم قويغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇ ئۆزىگە ئەڭ پىداكار، دەپ ئىشەنگەن يىگىتلـەرنى تاللىدى.

ئۇ ئۆز چوقۇنغۇچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئورمانغا يېتىپ كەلدى. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ ئۆچۈپ ئالەمنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، بۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا ھېچقانداق نەرسىنى ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى يول تاپالماي تۇرۇپ قېلىشتى، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئېچىرقىغان بۆرىلەرنىڭ ئوزۇق ئىزلەپ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى كۈچىيىشكە، بۆرىلەر ۋەھىمىلىك ھۇۋلاپ تۆت ئەتراپتىن قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ئادەملەر توپى بىردىنلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى. قىيا - چىيا، ئوپۇر - دۇپۇرلار ئورماننى بىر ئالدى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى كېزەتتى، ئۇلار ئالاقزادىلىك بىلەن بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاچ بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كېتىشنى خالىمايتتى. ۋۇجۇدىدا ھايات قېلىش ئىستىكى غالىبلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرەتتى، ئۆزلىرى چوقۇنغان مەبۇتنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى، ئۇلاردىن بىردىنلا يىرگەندى، غەزەپ بىلەن ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— تىنچلىنىڭلار!!!

ئۇلار بىردىنلا تىنچلاندى، قىز ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئوتۇن دۆۋىلەپ گۈلخان يېقىڭلار.

ئۇلار ئوتۇن دۆۋىلەشتى، لېكىن ئوت يېقىشقا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا سەرەڭگە يوق ئىدى، قىز يەنە ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— بىرىڭلا، يۈرىكىڭلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئوتۇنغا ئوت يېقىڭلار.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن زۇۋان چىقمىدى، قىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى بىر - بىرلەپ سۇغۇرۇپ ئېلىشقا باشلىدى. ھەر بىر يۈرەكنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتەردى، يۈرەكلەردىن سۈس بىر ئۇچقۇن كۆتۈرۈلۈپ شۇئان غايىب بولاتتى، ئۇ يۈرەكلەرنى غەزەپ بىلەن بىر - بىرلەپ يەرگە ئېتىشقا باشلىدى. يۈرەكنىڭ ئىگىلىرى ئۆز يۈرىكى ئۈستىگە ھەدەپ تاشلىناتتى. ئۇ ئاخىردا ئۆز يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، ئالقىنىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتەردى، يۈرەكتىن لاۋۇلداپ ئوت يېنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن چىققان يالقۇن ئورمانلىقنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتتى، ئوت يالقۇنىدىن ئۈركىگەن بۆرىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. قىز ئادەملەرگە قارىدى، ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە تۇرۇشاتتى. ئۇ لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇرغان يۈرىكىنى غەزەپ بىلەن ئادەملەر توپى ئوتتۇرىسىغا چۆرۈپ تاشلىدى.

1993- يىل، يېزاۋات - كوللارك.

گۇلباھار سىدىق

# نەسرلەر

## پۇل بىلەن سۆھبەت

— ھەي، پۇل نېمانچە گىدىيىسەن؟

— مەن گىدەيمەي كىم گىدەيسۇن؟ مەن ئۆز قىممىتىم بىلەن بىرسىنى ھالاكەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرسام، يەنە بىرسىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋېتەلەيمەن. دۇشمەننى دوستقا، دوستنى دۇشمەنگە، ياخشىنى يامانغا، ياماننى ياخشىغا، ئاقنى قارىغا، قارىنى ئاققا ئۆزگەرتەلەيمەن. مەن يەنە...

— بولدى بەس، سەن ئاشۇ قىممەتكە ئېرىشەلەيسەن. لېكىن ئېيتىپ باققىنا: زادى سەن قانداق قەغەزدە ياسالغان ؟

— بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، بۇنى مەندىن كۆرمە. مېنى ياسىغان ئاشۇ كىشىلەردىن سوراپ كۆر!

## نادانلىق

مەن يۈزۈمدىكى قارىنى سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇپ ئەينەككە قارىدىم، بىراق ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. سىنچىلاپ قاراپ باقسام، ئەينەكنىڭ يۈزىمۇ قاپقارا ئىكەن. ئەسلىدە مەن يۈزۈمدىكى قارىنى سۈرتۈشنىلا ئويلاپ، ئەينەك يۈزىدىكى قارىنى سۈرتۈشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

## ئۆزگىرىش

ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى تۇپراقتىكى گۈلگە ئاشىق ئىدى. ئەمدى ئۇ تەشتەكتىكى گۈلگە ئاشىق بولدى.

مەن تەبىئەتتىن سورىدىم:

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— بۇ، ئىنسان كۆزىنىڭ گىرىمى ئەن شولىلار ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغىنى.

## ئۆزگىرىش

ئۇ تونۇگۈنلا بىر بۇردا ناننىغا زار ئىدى، بۈگۈن مانا ئەمدى تەكلەناننى ئەخلەت ئازگىلىغا تاشلىۋەتتى.

مەن ھەيران قالدىم: ئۇنى زار قىلغان بۇردا نان پۈتۈن نانغا ئۆزگىرىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەئىپ جىسمى تېخىمۇ ئازلاپ كېتىپتۇ.

## پەرۋانە قىسمىتى

مەن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە پۈتلىرىم كالۋالىشىپ، يۈرىكىم ئىختىيارسىز ھالدا تېز سوقۇپ كېتىدۇ. مەن ھەر دائىم بۇ ئەھۋالدىن خالىي بولالماي، بىر كۈنى يۈرىكىمنى پىنھان بىر جايغا تارتىپ ئەكىلىپ :

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز سوقۇپ قەدىمىمنى كالۋالاشتۇرىسەن؟! — دەپ سورىدىم.

— سەن پەرۋانىگە قارا. ئۇ يورۇقلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن قاراڭغۇكېچىدە ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ يورۇقلۇق سۆيگۈسى تۈپەيلىدىن بىھۇدە قۇربان بولىدۇ. مەن ۋىسال سۆيگۈسىگە ئاشۇ پەرۋانىدەك ئىنتىلىمەن، شۇڭلاشقا...

## ئەسىرلەرنىڭ خىيال

مەن خىيال سۈرۈپ ياشاپ توقسان توقـ

قۇز يېشىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيۈمدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، ئەزرائىل كىرىپ كەلدى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

— سەن بىر كۈن كەم يۈز يىل ياشايدىكەنسەن. بۈگۈن ئەجىلىڭ توشتى. مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى.

مەن قورقۇپ كېتىپ يالۋۇردۇم:

— ماڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بەر، مەن بىر كۈن بولسىمۇ خىيالدىن ئايرىلىپ ياشاپ باقاي.

ئۇ مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدى. مەن خۇشال بولۇپ بۇ بىر كۈندە «نېمە ئىش قىلسام بولار» دەپ خىيالغا كەتتىم. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئۇ كېلىپ:

— سەن خىيالدىن بوشىنىپ ياشىيالمىدىڭ، سېنىڭ يەنە ئۈچ سائەتلىك ئۆمرۈڭ قالغانىدى، ئۇنى بەرسەممۇ ساڭا بەرىبىر ئىكەن. بولدى جېنىڭنى ئېلىۋېرەي، — دېدى.

مەن يالۋۇرۇپ بولغۇچە ئۇ جېنىمنى ئالدى.

مەن «جېنىمنى تېنىمدىن ئايرىپ قەيەرگە ئاپىرىدىغاندۇ» دېگىنىمچە يەنە خىيالغا كەتتىم.

### چېچەك ۋە پەسىل

— سەن پەسىل، مەن چېچەك، سەن بىر ئۆزگەرسەڭ مەن گۈل شېخى ئەتراپىدا خۇشپۇراق ھىدىمنى تارقىتىمەن، تەبىئەتنى ئۆز ھۆسنۈم بىلەن بېزەيمەن. لېكىن سەن، يەنە بىر ئۆزگەرسەڭ، بەرگىمنى تۆكۈپ ئازابلىنىپ تۇرۇپ قالىمەن. شۇنداق، سەن ئاشۇنداق دەۋرى ئايلىنىپ مېنى بىردە خۇش قىلىپ، بىردە يىغلىتىپ بىپەرۋا ھالدا كېتىپ قالىسەن. بىراق بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق. سەن ئاشۇنداق ئۆزگىرىشچان، ناۋادا مەندە غايەت زور بىر كۈچ بولغىنىدا ئىدى، مەن سېنى مەۋجۇتسىزلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن بولار ئىدىم.

### ئۇنتۇلغان يۈرەك

بىز سۆيگۈ تاغلىرىدا كائىناتنى سەيلە قىلىپ كېتىپ باراتتۇق. تۇيۇقسىز ئۇ ساداقەت يولىدىن ئېزىپ، ۋاپاسىزلىق ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەن مىڭبىر تەسلىكتە ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقتىم. بىز يەنە قولنى قولغا تۇتۇشۇپ كېتىپ باراتتۇق. بىردىنلا ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇقلۇقىنى سېزىپ قالدىم — دە، ئۇنىڭدىن:

— قولۇڭ نېمانداق سوغۇق؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ئۈن–تىنسىز بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەيىبكارلارچە بېشىنى ئېگىپ:

— مېنىڭ ئۇنتۇلغانلىقىمنى كەچۈرگىن. يۈرىكىمنى ئابىيامقى ھاڭدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن... — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مېنىڭ بەدىنىمگىمۇ سوغۇق بىر خىل تىترەك ئولاشتى. مەنمۇ يۈرىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمەن؟!!

1993 - يىل، قەشقەر

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## شولىلار

### زېرىكىش

كەچمىشىمدە، جاڭگالدىكى كەپىمىزدە بوۋام بىلەن ئىككىمىز ياشايتتۇق. مەن ياز كېچىلىرىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ ئۆتكۈزسەم، ئۇزۇن قىش كېچىلىرى بوۋامدىن چۆچەك سورايتتىم.

ئۇ بىر چۆچەكنى زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيتتى. قاچانلا چۆچەك سورىسام، يەنە شۇ بىرلا چۆچەكنى ئاڭلايتتىم... مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئاستا - ئاستا چۈشلىرىمنى كۆرۈپ يېتىۋەردىم، بوۋام چۆچەكنى سۆزلەۋەردى.

ھەي بىچارە بوۋام!...

### مۈمكىنسىز ئارزۇ

يىگانە قىزىلگۈل، بېغىمدا مەۋجۇتلۇق ناخشىسىنى توۋلىغىنىڭدا سېنى بىلمەيتتىم، كۈنلەر قوچاقلىشىۋەردى. بۇلبۇل بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالغانىدىن كېيىنلا قەدرىڭگە يەتتىم ۋە باغلاردىن سېنى ئىزدىدىم. لېكىن سېنىڭ سۆيگۈ ناخشاڭنى ئاللىبۇرۇن باش كۈزنىڭ بەئباش شامالى قەيەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. مەنمۇ قاخشال بولۇپ قالدىم. سەن قاچانمۇ ئاشۇ ناخشاڭنى يەنە ئېيتارسەن؟ مەن ئاشۇ دەملەرنىڭ پەيزىنى سۈرەلەرمەنمۇ؟

### سېغىنىش

ئامرىقىم، مەن سېنىڭ بۇلاق مىسال كۆزلىرىڭگە تويماي قارىدىم، بارماقلىرىم بىلەن يېپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىڭنى سىلىدىم، سېنى ئۆزۈمگە تارتىپ گىلاس ئوخشاش لەۋلىرىڭگە لېۋىمنى باسماقچى بولدۇم... بىراق سەن تۇيۇقسىزلا غايىپ بولدۇڭ، ياستۇقۇمدا شەبنەملەر قونۇپ قاپتۇ.

### مۇھەببەت تەسۋىرى

مەن دانىشمەندىن سورىدىم:

— ئېيتىڭا، مۇھەببەتنىڭ تەسۋىرى قانداق بولۇر؟

ئۇ جاۋاب بەردى:

— مۇھەببەت ئۇ بىر قولىدا شاراب، بىر قولىدا زەھەر تەڭلەپ تۇرغان گۈزەل نازىنىن.

1993 - يىل، تۇرپان.

ئۆمەر يۇسۇپ ئەخمىدى

# سۆيگۈ تۇزانلىرى

1

كېچە - كېچىلەردە كېلىپ مەندىن ۋىسال تىلەيسەن. ئىزلىرىڭدىن كۈلبەمگە تۇتاشقان يەنە بىر چىغىر يول كۆپەيدى. بىراق سەن ھېسلىرىمنىڭ كۈيلىرىڭگە ئېسىلغان ھالدا مۈگدىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيسەن. سەن كېلىسەن، مەن ئۆزۈمنى كۈلبەم كەينىدىكى دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا ئالىمەن. سەن كېتىسەن، ھېسلىرىم كۈيلىرىڭگە ئىلتىجالىق قوللىرىنى سوزىدۇ. قايرىلىپ - قايرىلىپ قاراشلىرىڭدىن كۆزلىرىمدە ياشلار پەيدا بولىدۇ.

تۈن نىسپىدە ئۆگزىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ، كۆكتىكى سۈت جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمچە سېنى ئەسلەپ ياتىمەن. ئۇيقۇ ئىلاھىنىڭ قاچان، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھەم قاچان قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالىمەن. ئىسيانكار چۈشلىرىمنىڭ ماڭا قويغان سوئاللىرى ساڭا بولغان ئىشقىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بىراق، سەھەر ئويغانغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ يەنىلا تەنھا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ، خۇرسىنىپ - خۇرسىنىپ تۇرۇپ قالىمەن.

2

شۇنچە قىزغىن مۇھەببىتىڭنىڭ ئېيتى-

بارغا ئېلىنمىغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتامسەن؟ سوئاللارغا تولغان كۆزلىرىڭ بۇنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ.

سەن ئېۋەنسىز، ئەمما، ئېتىقادسىز پولات شارچىغا ئوخشايسەن. بىر ئىزدا ئايلىنىسەن، توختىماي چۆگىلەيسەن. ئەمما، چەكلەنگەن رايوندىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيسەن، ئاقىۋەت ئۆزۈڭ ئېزىلىپ تۈگەيسەن.

ھەي، بىر ئۆمۈر ئېتىقادسىز مۇھەببەت ئىچىدە ياشاش نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە؟!

3

كۆلنىڭ تىنىق سۇلىرى ئۈستىدە بىر جۈپ ئاققۇ قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىغا چۆمۈلگىنىچە كۆلنى ئاستا ئايلانماقتا.

كەچ كىردى. كۆلنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن — ئورمان جىمجىتلىقى ئىچىدىن كىشى قەلبىنى ئەللەيلەتكۈچى ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق، ئەمما لەرزان كۈيى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق كېچىلەردە ھاياتنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە باشلاپ كىرگەن ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئەسلەش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە؟!

4

پۈتۈن كائىناتنى جىگدىنىڭ خۇشبۇي ھىدى قاپلىغان كۈنلەرنىڭ ھەر سەھەرلىكى ناخشاڭنى يېتىلىگىنىڭچە چىقىپ كېلىسەن. كۈيلىرىڭنى جىگدە شېخىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، جىگدە چېچەكلىرىنى تويماي ھىدلايسەن. ئاناڭ سېنى چاقىرغاندا بولسا، جىگدە چېچەكلىرىنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ، ناخشاڭ بىلەن قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئېغىر جىمجىتلىقى ئىچىدىكى ئۇلۇغ سۈكۈتلىرىڭنى ماڭا قالدۇرۇپ، خۇشال كېتىپ قالىسەن.

5

كۆز قارىچۇقۇمدا قامالغان سۈرىتىڭ ماڭا سېنى، ئاسمان ئىلاھىنىڭ كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان گۇڭگا گىرىمسەنلىك ئىچىدە تۇرغاندەك قىلىپ ئەسلىتىدۇ. ئاۋازىڭ تاغنىڭ ئەكس سادىسىغا قوشۇلۇپ، يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بولدى، سەن مېنى ئۆز تىنچلىقىم ئىچىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇلۇغ سۈكۈتلىرىڭ ئىچىگە باشلاپ ئەكىرگىن. تەنھالىقىم شۇ يەردە كۆڭلىگە بەردەم تاپسۇن. ئەمما، ئۆزۈڭنىڭ ئۇۋالچىلىق تارتقىنىڭنى زىنھار ئاشكارىلاپ قويما.

1992 ـ يىل، پىچان ـ دالانكارىز.

ئەخمەتجان مەتقۇربان

# ئۇچۇرما بولغان ناخشىلار

## خەير، ياپراقلار

بۇلاق بالىلىرى يۇمشاق قولىنى ياۋا گۈللەرنىڭ بويىنىدىن ئاستا تارتىۋېلىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. قۇشلار قارامتۇل شاخ باغرىدا ساناقسىز ئىزلارنى قالدۇرۇپ، رەڭگى بۇزۇلغان بۇلۇتلار قاينىمى ئىچىدە جىمىدە غايىپ بولدى. تاش ئورۇندۇقنى ئېغىر بىر قەۋەت توپا باستى. چىغىر يول كۆكسىدىكى بەختسىزلىقلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئەتراپ تۇغۇلغىنىغا مىليون ئەسىر بولغان تاشنىڭ خىيالى بىلەن تولدى. ئېگىز دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشكەن قۇياش نۇرىغا ئۇخ-

شايدىغان بىر نەچچە تال يوپۇرماق قۇ-
رىغان تومۇرلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى سۆيگۈچۈ-
قانلىرىنى يوشۇرۇپ، يىلتىزلاردىن رىۋايەت
ئاڭلاش ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ قۇش ئىزى
يېنىدىن سوغۇق، قېلىن مۇز ئۈستىگە
ئاستا ئۈچۈپ چۈشۈشتى. بۇ كۆكۈم ۋاقتى
ئىدى.

ئەتىسى بۇ مۇقەددەس دەرەخ تۈۋىدە-
قېلىن قار ئۈستىدە قىزىلگۈل رەسىمى
تۇراتتى، رەسىم يېنىدا مۇشۇ دەرەخنىڭ
شېخى تاشلىغىلىق تۇراتتى.

خەير، ياپراقلار!!!...

### ئىشىك ناخشىسى

ئاسمان دەرىخىنىڭ ئالتۇن چېچەكلىرى
توزىدى. ئاي تۈگۈلۈكلەردىن، سۇزۇك كۆز-
نەكلەردىن تاشلاپ قويغان ئالتۇن باغاق-
چىلىرىنى تۈيدۇرماي سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېگىز
دۆڭ ئۈستىدىكى كەكلىك يولىنى بويلاپ
كېتىپ قالدى. باغاقچىلار ئىرماش-چىر-
ماش نوتىلار بىلەن تولغانىدى. ئۇ قار-
لارنى تۈرتىۋېتىپ ئولتۇرۇپ بۇ سانسىز
كۈيلەرنى ئىڭششىقا باشلىدى.

تۈگاۋكلەرنىڭ، پەنجىرىلەرنىڭ لەۋ-
لىرى ئاستاغىنا قىزىرىپ، قېنىق رەڭگە
كىرىپ ئىشىكلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. مانا،
ئىشىكلەر، ھەر خىل ئىشىكلەر ئېچىلماقتا.
مانا، پۈتكۈل جاھان ئۇيقۇلۇق ئەسنەش-
لەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىشىكلەرنىڭ
غىچىرلاشلىرى بىلەن تولدى.

ئىشىكلەردىن ھەر خىل كۆزلەر كۆرۈن-
دى. بۇ كۆزلەرنىڭ بەزىسىدە قۇياش يۇ-
يۇنۇۋاتاتتى، بەزىسىدە بولسا قويۇق تۇ-
مان يېيىلىپ ياتاتتى.

ئىشىكلەر ئېچىلماقتا! بىر كۈنلۈك،
بىر يىللىق، بىر ئەسىرلىك ھاياتنىڭ
مۇقەددىمىسى ياڭرىماقتا. ئەپسۇس، ئاي
مانا مۇشۇ چاغدا، مۇشۇ كۈيلەرنىڭ نوتى-
سىنى سىقىمدىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەت-
كەنىدى.

### ئادەم

مۇھەببەت، ئۇنىڭ بېشىغا ئوت ياقتى.
ئىبلىس ھەۋەس ئۇنى قاتتىق - قاتتىق شو-
راشقا باشلىدى. چاچراپ چىققان ئۇچ-
قۇنلار يۇلتۇزلار تۈپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.
ئوت ئۆچتى، كۈل بىر قاچىغا دۆۋىلەندى.
ئۇ - كۈلدان، ئۇ - قەبرە.

1993 - يىل، خوتەن - چىرىيە.

**مۇھەممەتجان مەردان**

## قارا تاشتىكى چۈش كۆلەڭگۈسى

1

سەن نۇرلاندىڭ...!

— سەن دېڭىز يۈزىدىكى سۆلەتۋازدول-
قۇن بۇدۇرلەردىمۇ ياكى يالتىراق بېلىق
قاسراقلىرىدىمۇ ئەمەسسەن.

سەن پەرىشتىلەرنىڭ تاتلىق ئازابلى-
رىغا ئوخشامسەن؟ سەن چۈش دەريالىرى-
نىڭ تاقىر يېرىدىكى مۇھەببەت سۆيگە
چىلانغان چىرايلىق كۆز پەرلىرىگە تۇغ-
قانمۇ...؟! سەن سۆيۈشلەردىن كۆكەرگەن
لەۋمۇ ۋە ياكى قاپارغان ئازابمۇ؟ سەن
جىنايەتنىڭ تاش ھەيكەللىرىگە سالام
بەرگەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

2

چۈش زەنجىرلىرى ئۈستىدە كۆلۈمسى-
رەپ تۇرغان كىچىككىنە ئاسلان كۆزىدىكى
رەڭلەر كۆرۈنۈشى، تاڭغا يۈگىشىپ قالغان
قاراڭغۇ تۈن قۇيرۇقلىرى، دوزاخقا چىلان-
غان تاغنىڭ چوغلانغان جىسمى ئۈستىدە
ھىجىيىپ تۇرغان شاللاق قۇياش، سىلەر
سۆزلەڭلار ئەي كۆزلەر. ئۇلارنىڭ ھەمـ
مىسى ئۆز ئۆلۈملىرىنى قوغلاپ يۈرەمدۇ؟!

3

مۇھەببەت...
سالجىدۇر قىز كۆلكىسىگە چاپلاشقان،
ۋە ئۆلۈك ئەقىلدۇر يولدىن ئاداشقان.
سەن دېسەڭ دەۋەرگىن ئۇنى بىرتال گۈل،
مەن دەيمەن جۇپلەۋدۇر چىشلەپ قاناشقان.

مەن ئازابقا مىنىۋېلىپ تاغلارنى بەزلەۋاتقان ئاغرىق شامالارغا ھەيران، مەن چۆمۈلە ئىزلىرىدا مۇدۇرەمەي كېتىۋاتقان پىللارنى كۆرگەنمەن. مەن قۇرۇق گەندە ئۈستىدىكى سۆسۈن رەڭلىك چىمۋىننىڭ ئۆز خاقانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. يەنە ھەر سەھەردە بىر قۇشقاچىنىڭ دېرىزەمدىن ماراپ مەن بىلەن سۆزلىشىشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىمىزگە تەللىرىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويالماي يىرىلغان ئەينەكلەرنىمۇ بىلىمەن. مەن قاقاس تاغلارنىڭ سىرغىۋاتقان كۆز ياشلىرىدا ئازابلىرىمنى پاكلاندۇرۇپ بولالار كۆزىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم - دە، ئۇنىڭ ئالبۇملىرىنى تارتىۋالدىم.

زېمىن يېنىكلا سىلكىنىپ ئەرۋاھ ھەيكەللىرىنى غۇلىتىۋەتتى، قۇشلارنىڭ ئاۋازى يىراقلاشتى. مەن ياستۇقۇمدىكى كۆز ياشلىرىمنىڭ داغلىرىنى قاپلاشقا ئازلا قالغىنىنى بىلدىم. ھېلى بېلىقلار قىراۋ قاپلاپ كەتكەن مۇز ئەمچەكلىرىنى شورىشىدۇ.

4

بىر كۈنى، ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۆلى سەھەردە تۇرىمەندە، ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق كۆلگەنلىكىمدىن تانىمەن، تانىمەن سەندىن، تانىمەن ئۆزۈمدىن... تانىمەن يوللاردىن... مەن چاسا قەغەز يۈزىگە ھەرپلەر بىلەن مىخلاپ ئۆزۈمنى، باغلام - باغلام سۆيۈشلەرنى تىقىپ كىتابقا، يىغىمەن يامغۇردىكى خاتىرەمنى، چىلىق - چىلىق تاشلاردىن ئاقار رەڭلىك تەر، سەن قانداق ساقلاندى، مەن قانداق مەرمەر!

— ئەي پىيالىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان شام...! ئەي ئەزرائىللار! ئەي گۈگۈم ئىنجىقى! ئەي كۆمتۈرۈلگەن قېيىقلاردىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان پالاقلار...!

بىز ئۇچراشتۇق كۆزلىرىدە رەقىبنىڭ، سەن سېغىنغان تەبەسسۇم دۆۋىسىدە لۆمۈلدىگەن لەنەت قۇرتلىرىنى كۆرسەن، سەن بەختىڭنىڭ جان ھەلقۇملىرىدا دەۋراننىڭ پەيزىنى سۈرسەن، سەن تولغىنىشنى ئۆگەندىڭ، سەن مەدھىيىلەر سەھنىسىدە يالىڭاچلاندىڭ، چىشلار كالپۇكلەرنى قايرىپ باشلىرىنى چىقاردى، سەن قۇياشنىڭ قانغانلىقىنى كۆردۈڭ! شامالار كۆك بايتاللارغا مىنىپ ئۆز پادىلىرىنى ھەيدەپ ئورمانغا يول ئالدى. ئىتلار ھاۋشۇپ سۆكۈتلەرنىڭ خىيالىرىنى بۆلدى.

— ئەي ۋاقىت، سەن تاشلارنىڭ قوپۇپ گۈگۈمگە قادىلىپ قالغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ سەن دەزماللانغان قىرلىق ئىنسابىنى كۆرگەنمۇ؟!

— ئەي گاچا بارماقلىرىدىن ئۈنگەن تىللار...!

— ئەما ھاسىلىرىغا چاپلاشقان كۆزلەر...!

5

ئەي رەڭ تۇمانلىرى ئىچىدىكى كۆكۈم رەسۋالىقى! شېئىرغا ھامىلدار يامغۇر تۇۋشى، ئەسنەك باسقان ئېقىن يۈزىدىكى نۇر يوپۇرماقلىرى پۆچەك كۈلكىلەر ئىچرە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئەخمەق غالىبلار! ئادەم باشلىق تۈلكە قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىۋاتقان نەيرەڭ چېچەكلىرى، شوم ئېغىزلار جاۋغىيىدا باراقلىغان ئازغان گۈللىرى قاپقارا كېپىنەكلەر، بىر پۇتلۇق ئەرۋاھلار... قەبرىستاندىكى ئۈستىخان نەزمىلىرىگە تەڭكەش ساپايىسىنىڭ. يوم-يوم يىغىسى پۈتكەن ئادرېسلارغا يوللانغان ماركىسىز شېئىرلار، پوچتالىيون فورمىسىغا يۆگىنىپ ياتقان پور كۆتەكلەر تىكىلىشمىنى يوللاڭلار قۇياشقا تام كاۋاكلىرىدا چىرىگەن يىرتىلغان نالىلەر! مەن چاڭقاپ يېرىلغان چاك-چاك خىيالىم كۆكسىگە سىلەرنىڭ ئادرېسىڭلارنى يېزىپ قويىمەن. سىلەر ئۆچكە سۈرەتلىك شەيتان مايىقلىرىدا ئېسىرىق سىلىنسا ئەۋلىيالار نەزىرلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىسىلەر، سىلەرشەيتان، سىلەر قورساق كۆپتۈرگۈچى تابلېتكا. يامغۇر ئاستىدىكى تەشنالىققا ئوخشايسىلەر.

6

ياشلىق!

سەن ئازاب دېڭىزلىرىنىڭ بوز رەڭلىك كۆكسىدە چوقچايغان تەنھا ئارالغا ئوخشايسەن. مەن ساڭا كېچىدە— كىشىلەر ئۇيقۇدىكى ۋاقىتتا لەيلەپ بارسام! ئەي مېنىڭ سۈكۈتلەر ئىچىدىكى ئۈندەشلىرىم!

ئەي بالىلىقىم، رەڭلىك لەگلەكلەر ئىزتىراپىنى قوي سېنىڭ ئەتراپىڭ ئۆتمۈشنىڭ قارارا چېچەكلىرى بىلەن قورشالدى!

مەن بۈگۈن مەھەردىلا ساڭا باشلاپ بارىدىغان يول ئېغىزىدىكى خەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى بىلدىم.

مەن سېنىڭ رامىزاندا ئوقۇيدىغان زاكات قوشاقلىرىنى ئارىيەتكە ئالماقچىدىم.

7

مەن تۈن قاراڭغۇسىدا پەقەت ۋاقىتنىڭلا ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، سەل تۇرۇپ سۈبھى كۈندۈزنىڭ قوپقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىزمىلىگەن سۈكۈتكە قاچىلانغان غەۋغالار بەك ئالدىرىشىدۇ. لېكىن ھېچكىممۇ ئۇلۇغ ئېچىلغان ئىشىكلەرگە دىققەت قىلمىدى، خورازنىڭ بىر نەچچە رەت چىللىغىنى غىل-پال ئېسىمدە، چىرايلىق يالغانلارنىڭ يېرىلىشىغا ئاز قالدى— بارلىق سۆزلەرنىڭ چىرىگەنلىكى، ھېچنېمەنىڭ رىئاللىقنى ئالداشقا قادىر ئەمەسلىكى... قۇياشنىڭ ئەتىگەنلىك قوپال تەبەسسۇملىرى تاقەتلىرىمگە سانجىلدى. مەن سادالارنىڭ يېلىنىشلىرى ئىچىدە ئاخىرى ئۇۋلىۋالدىم، ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق چېچىلغانلىقىم ئايان، ياپراق يۈزىدە پەيدا بولغان يالىڭاچ نومۇسلىرىم.

ئەتىكى كۆكۈمگە تىلخەت:

مەن ھامان بۇ زېرىكىشلىك مىنۇتلار چەمبىرىكىدىن ئۇچۇپ چىقىمەن!

8

مەن پەقەت يالغۇز قالغىنىمدىلا لەۋلىرىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ كۈلگۈنچەك جاراھەتلەرنى خىيال قىلىمەن.

9

ئەقلىم مېنى ھاپاشلىۋالغان ئاشۇ ئەخمەق ھەرپلەر ئۈستىدىن ئۇزاق كۈلۈپتۇ.

ھەر قېتىم ئىسمىمنى چاقىرغىنىمدا، ماڭا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىرسىنىڭ ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

سىلەر پۇتۇڭلار! مەن پەقەت ئۆزۈمبىلەن ئۇچراشقاندىلا ئۆزۈمنىڭ ھېچكىمنىمۇ ئەمەسلىكىمگە ئىقرار قىلىمەن.

10

مەن ئەتىكى بىر شېئىرىمنى مۇنداق باشلايمەن: مەن يىغلىمىدىم، ئاخشام قۇياش يىغلىغان يەرگە؛ ئۇ يىغلىدى سەنمۇ يىغلىغان مېنىڭ ئىزىمغا...! لېكىن بۇلار سىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىڭلارغا سەۋەب ئەمەس.

1993 - يىل، يوپۇرغا.

**ئوبۇل ئىمىت** (شاۋقۇن)

# ھايات سىمفونىيىسى

### غېرىبلىق كۈيى

سەن ۋۇجۇدۇمدىكى نەپرەت ئوقيالىرىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغىنىڭدا، ماڭا ئېتىلغان نەپرەت ئوقيالىرىنىڭ داۋامىساغا سانجىلىشقا باشلىدى. مەن نىمجان بولغاچقا، سېنى قوتقۇزۇپ قالالمىدىم. باشقىلار بولسا ساڭا يېقىنلىشىشنى يامان ئاقىۋەت بىلىپ، سېنى تونۇپ قېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلمىدى.

### ئېيتىلماس ناخشا

مەن بۇ ناخشىنى ھەر كۈنلۈكى ئەسكە ئالىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا زەئىپلىك ئېلىپ كەلگەن بۇ ناخشىنى نېمە ئۈچۈن سۆيۈنگەن ھالدا ئەسكە ئالىدىغانلىقىمنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. گاھى چاغلاردا ئىدرىكىمنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۇ ناخشىنى ئېيتماقچى بولىمەن. ئەلۋەتتە مېنىڭدەك قانچىلىغان مەۋجۇدلار ئېيتىمەن، دەپ ئېيتىپ بولالمايدۇ؛ بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كېلەچەكتە بىزدىن ئۇدۇم قالغان بۇ ناخشىنى ئېيتقۇچىلار يەر ۋە ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ تەك ئېيتىدۇ.

### «خامىلىيون»

مەن ئۆزۈمنى چىنار، دەپ ئاتىماقچى بولۇۋىدىم، سەن ئۆز قامىتىڭنى گىگانت تاغقا ئوخشاتتىڭ. مەن ماھىيىتىمنى يوشۇرماستىنلا ئۆزۈمنى بەئەينى بىر قاقاس چۆلگە ئوخشاتتىم. ئەمەدىلىكتە سەن ئۆز ماھىيىتىڭنى يامغۇر سۈيى دەپ ئاتىۋالدىڭ. مېنىڭ كۆلگۈم كەلدى، بىراق كۆلەلمىدىم. چۈنكى، مەن سېنىڭ ساختا تەبەسسۇم قىلىپ يۈرۈشۈڭنى خالىمايمەن - دە.

### تېپىلماس ئۈمىد

مەن ناتونۇش بىر ئىشىكنى چەكتىم، ئۇ مۇشۇ ئۆي ئىچىدە ئىدى. بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئۆي ئىچىگە كىردىم، ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆينىڭ سىرتىدا تۇراتتى. مەن سىرتقا نىگاھ تاشلىغىنىمدا، ئۇ مەن ئىز باسمىغان خىلۋەت بىر ماكانغا مۆكۈنگەنىدى.

### يوقالغان قۇياش

مەن قانداقسىگە مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ قالدىم؟ ئەتراپىمدىكى ھەممە مەۋجۇداد قۇياشنىڭ چاچقان نۇرلىرىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

مەن پۈتكۈل ئالەمنى تەكشى كۆزىتىپ قۇياشنى تاپالمىغىنىمدىن قارىغاندا، جەزمەن ساراڭ بولغان ئوخشايمەن. توۋا، قۇ-

ياش بولمىسا بۇ نۇرلار قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ئەنە، شەكلى چوڭ ـ كىچىك بولغان توققۇز دانە شارچە مېنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. قايسىدۇر بىر شارچىدىن ماڭا تونۇش بولغان سادالار ئاڭلانماقتا:

— قۇياش، قۇياش...

ۋاھ، ئەسلىدە قۇياش مەن ئىكەنمەنغۇ؟!

1993 - يىل ئاپرېل، ماralبېشى 53 - تۈن

غوجىمۇھەممەت مەھەممەت

# ھاياتىمدىن تەرمىلەر

1

ئۇ، مېنىڭ ھاياتىمدا بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان ساددا چاغلىرىم ئىدى. بىرسى مەندىن سورىدى:

— سەن سەمىمىيەت دېگەننى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، — دېدىم مان، ئۇ ماڭا قارىتىپ تۈكۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئەمدى ھېس قىلدىمكى، بەزىدە سەمىمىلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ سەمىمىيەتسىزلىك كېرەك بولىدىكەن.

2

— گۆرنى ھېس قىلالامسەن؟ — سورىدى بىراۋ.

— قىلالايمەن، — دېدىم مەن، — ئۇ قەلبىمگە تەققاس. ئۇنىڭغا مېنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىم دەپىن قىلىنغان.

3

ئاق كۆڭۈللۈكىمدىن ھايات زۇلمىتىگە مەھكۇم بولدۇم، سەمىمىلىكىمدىن توقا ـ تۆھمەتلەردە گۇم بولدۇم، ئاخىرى بەڭ تۈتۈنلىرى ھەم قاڭسىق ھاراق ھىدى ئىچىدە ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم. يالغانچىلىق ـ ياۋۇزلۇقتا مەھشەت تاڭلىرى يورىدى.

بىراق، شۇ دەملەر قەلب ئاسمىنىمغا كۈن قاراڭغۇلۇقى يېپىلىۋاتاتتى.

4

— پۈتۈن بىر كېچە ئىشىكنىڭ ئالدىدا سېنى ساقلىدىم، — دېدىم جانانىمغا.

— مەن تورۇكلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم.

— سەن مېنىڭ بوسۇغاڭغا تامچىلاۋاتقان ياشلىرىمنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپسەن.

— كۈن بويى بوران توختىمىدى.

— ئۇ، مېنىڭ تىنىقلىرىم ئىدى.

— ناگان ـ ناگاندا دەھشەتلىك چاقماق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇ، مېنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرىم.

— كېيىن قاتتىق يەر تەۋرەپ بوران ۋە يامغۇر بىراقلا توختىدى.

— ئۇ، مېنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆلبەمگە يول ئالغان ۋاقتىم.

5

مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— تەخىر قىل، — دېدى ئۇ، — ئەتە ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق، ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

— ئۆتكەندە ئەتە ئۆلۈپ كېتىمەن دېگەنىدىڭ، يەنىلا تىرىكقۇ سەن؟

— ئەتە ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ يەنە ئىشەنچ بىلەن، — ھايات — بۈگۈنگە تەئەللۇق. ئەتە ـ ئۆلۈمنىڭ دەل ئۆزى.

1993 - يىل مارت، خوتەن.

تۇرسۇنگۈل ئۇيلى

# گۈللەرگە چىرماشقان خىياللار

باھار كېچىسى...

قولۇمدا بىر دەستە گۈل. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق، ئۈن - تىنسىز، شۇنداقلا ھېچ مەقسەتسىز كېتىپ بارىمەن. گۈلنى مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمگە مىڭ يىللارچە بولغاندۇ، ئۇ پەسىل تاللىماي تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئېچىلىپلا تۇرىدۇ، بەلكىم سۆيگۈنىمنىڭ سوۋغىتى بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنداقتۇر.

بىر گۈلزارلىققا كىرىپ قالدىم، تۇيۇقسىز چاقماق چاقتى، گۈللەر كۆيۈشكە باشلىدى. پەقەت مېنىڭ گۈلۈملا ئۆز پېتى قالدى. گۈلۈمگە تەھسىن ئېيتىپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. يەنە بىر باغقا دۈچ كەلدىم. ئاھ، گۈللەر... ھاياجىنىم جۇدۇندا قالدى، ھەممە گۈللەر تۆكۈلدى، مېنىڭ گۈلۈملا قولۇمدا ساق - سالامەت قالدى.

باھار كېچىسى...

گۈلۈمنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىن بۇيان ئەتراپىمدا ھامان باھار مەۋجۇت ئىدى. بەلكىم گۈلۈمنىڭ سولمىغانلىقى مەندە شۇنداق تەسىرات پەيدا قىلغاندۇ، يەنە مىڭ يىللارچە يول يۈرگەندىمەن، قاقاس دەشتتە جان تالىشىپ ياتقان بىر بۇلبۇلغا دۈچ كەلدىم. ئۇ «گۈل ... قىزىلگۈلۈم ...» دەپ ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قولۇمدىكى گۈلگە چۈشۈشى بىلەنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى رەشك ئوتلىرى قاپلىدى. لېكىن ئۇ دەقىق ئىچىدە قولۇمغا قوندى (بەلكىم بۇ، سۆيگۈنىڭ سېھرى كۈچىدىن بولسا كېرەك) -دە، گۈلۈمنى بىر پۇراپلا ئۆلۈپ قالدى.

بۇ نېمە ھېكمەت؟ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى گۈلۈمنى زادى پۇراپ باقمىغانىدىم. جاندىن كېچىپ بولسىمۇ بىر پۇراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. تېنىم ھاياجاندىن لاغ - لاغ تىترەيتتى، ئەسەبلىرىم ھەريان چېچىلدى. باھار... باھار كېچىسى ماڭا مەدەت بەرگەيسەن، ئۇنى پۇرىدىم، لېكىن مەن ئۆلمىدىم، ئاھ، قەدىرلىك ئۆلۈم! ئۆلگەن بولسام گۈل ماڭا مەنسۇپ بولاتتى.

بىراق ئەمدى...

گۈلنى بۇلبۇلنىڭ قەبرىگاھى يېنىدا قويۇپ كېتىپ قالدىم. مىڭ يىللارچە ئۆتكەندە، قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە تۇرغان نۇرغۇن گۈللەرنى كۆردۈم. قارىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قەبرىگە گۈل قويغاندەك قىلاتتى. يەنە مېنىڭ گۈلۈملا ساق ئىدى. باشقا گۈللەر سولۇپ تۈگەشكەن. ئىنتىزارلىق ئىچىدە گۈلگە يېقىنلاشتىم. ئەتراپ ئاجايىپ بىر خىل خۇشپۇراق بىلەن قاپلانغانىدى. قەبرىدىن شادىيانە ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر قارا قۇيۇن چىقىپ قۇرۇغان گۈللەرنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. مېنىڭ گۈلۈملا قالدى، خۇشپۇراقلارمۇ يوقالدى...

ھەممىنى چۈشەندىم، ئەسلىدە مېنىڭ گۈلۈم... گۈلنى يىراقتا ئېتىۋەتتىم.

باھار كېچىسى، ئەتراپ جاڭ - جاڭ سوغۇق، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى...

1993 - يىلى، خوتەن

مۇئەددەس توخسۇن

# ئىككى نەسر

1

## كۆتۈش

سەپەر قىلدىڭ ، يۈرىكىمنى ھەمراھ
قىلىپ ئۈزۈڭگە ، يالغۇزلۇقتا يېتىمسىراپ
مەن ، بۇندا قالدىم ھەسرەت بىلەن مۇڭ-
لىنىپ . كۈنلەر ئاۋۋالقىدەك قوغلاشماس-
تىن بىر - بىرىنى قەدىمىنى توختىتار ،
يۇغىلانمىسى ھەپتىلەرمۇ ئۆتمەس، توش-
ماس بۇ ۋاقىت.

يولىرىڭغا تەلمۈرۈپ مەن، سېغىنىشتا
كۈتتۈم سېنى زارىقىپ.

تۈتۈق كۈنلەر، ھەممە نەرسە توپارەڭ-
دە؛ كۆرۈمسىزدۇر ھەممە نەرسە كۆزۈمگە.
كۆڭۈل غەشتۇر، دىل تارىمنى باغلاپ تۇرغان
يار قېشىمدا سەن يوق . سېنى سۆيگەن
خىياللار ئەسىر قىلغان جىسمىمنى.

كۆز چاناقلىرىمدا ئۈنچىلەر، خىيالىم-
دا : ياشلىرىمدىن تۆكۈلسە يامغۇر، تام-
چىلىرى ئەندىكتۇرسە ئۆزۈڭنى ، ئاچچىق
ھىدى ئۇرۇلسا دىماقلىرىڭغا؛ كۆنلۈك كۆ-
تۈرۈپ يۈگۈرۈيسەن ئالدىمغا.

شاخلىرىدىن تۆكۈلىدۇ ياپراقلار ، كۆ-
رۈمسىزدۇر قاخشال بولغان دەرەخلەر ،
كۆرۈمسىزدۇر ھەممە نەرسە كۆزۈمگە، كۆ-
ڭۈل غەشتۇر . يۈرىكىمنى ئوغرىلىغان يار
قېشىمدا سەن يوق . ئىنتىزارلىق چۇلغى-
غان جىسمىمنى.

كۆز چاناقلىرىمدا ئۈنچىلەر، خىيالىمدا:
ياشلىرىمدىن بەرپا بولسا چىملىقلار، شا-
ماللار يەلپۈسە چاچلىرىمنى، ئۇچۇرسا، تې-
نىقلىرىم ئۇرۇلسا دىماقلىرىڭغا ، ئات چاپ-
تۇرۇپ كېلىسەن ئالدىمغا.

كۈندە - كۈندە كۈچىيىدۇ سوغۇقلار ،
نەشتەرلىرى ۋۇجۇدۇمنى مۇزلىتار. كۆڭۈل-
سىزدۇر ھەممە ئىشلار ئۆزۈمگە ، كۆڭۈل
غەشتۇر . يۈرىكىمنىڭ ئوتى يار قېشىمدا
سەن يوق ، سەزگۈلىرىم ئىزدەر ئوتتەك
تەپتىڭنى.

كۆز چاناقلىرىمدا ئۈنچىلەر، خىيالىم-
دا : ياشلىرىمدىن تېرىلسا گۈللەر ، ئۇنى
تېرىپ گۈلدەستە قىلسام، مۇھەببىتىم سىم-
ۋولى دەپ ساڭا تۇتسام ، گۈل پۇرىقى
ئۇرۇلسا دىماقلىرىڭغا؛ ئەسلەپ مېنى كې-
لىسەن يار قېشىمغا.

يۈرىكىمنى باغلىۋالغان يىپلىرىڭ
دىل تارىسى بولسا، ئۇنى چالسام، ئاڭلاتسا
ساڭا مۇڭلۇق كۈيىمنى، مۇڭلىرىمغا دىلكەش،
كۈيلىرىمگە تەڭكەش بولۇپ كېلىسەن
قېشىمغا.

يولىرىڭغا تەلمۈرىدۇ كۆزلىرىم، يۈرىكىڭ-
گە تەلپۈنىدۇ يۈرىكىم. بولدى بەس
يار، سەۋرىنىڭمۇ چېكى بار، كەلگىن
ئەمدى كۈتۈشلەرگە بېرىپ خاتىمە.

## تەنھالىق ئىزتىراپلىرى

چىملىق بىلەن تولغان يېشىل يايلاق-
لاردا جۈپ- جۈپلەر، ئاڭلىنار ئەتراپنى
بىر ئالغان چۇقانلىرى.

ئېگىز چوققىدا مەن سوزۇلۇپ ياتىمەن،
ئاستىمدا ئېگىز- پەس كەتكەن داللار،
ئۈستۈمدە كۆزۈمنى چاقنىتىپ قۇياش پارلاپ
تۇرغان سۈزۈك كۆك ئاسمان، يېنىمدىلا ھې-
يىقماستىن ئوتلاپ يۈرگەن بىر جۈپ ئات؛
پەقەت مەنلا تەنھادۇرمەن: تەنھا، تەنھا!

كۆكرىكىمدە بىر ئاۋاز چاقىرار - توۋ-

لار سېنى؛ تەبىئەت سىڭدۈرۈپ يۇتۇپ كېتەر ئاۋازىمنى، قايتۇرالماس ئەكس سادا، ئاڭلاتماس ھېچ ئاۋازىڭنى. ئەي يار، سېنى سۆيگەن خىيالىمغا مىنگەشسەن، زۇمرەت كەبى چوققىلارغا ئىلگىرىلەۋاتقان قەدىمىمدە سەن كېزىسەن. قىرىق بۇلاق سۇلىرىدىن مەن بىلەن تەڭ ئىچىسەن.

يالتىراپ تۇرغان ياشلىرىمدا ساڭا بار سۆيگۈ، ۋۇجۇدۇمدا ساڭا بار ئالەمچە قۇدرەت. سېنى دەپ تومۇرلىرىمدا كۆۋەجەيدۇ قان، سېنى ئويلاپ چىڭقىلىدۇ چېكە تومۇرلار.

ئاھ، پەقەتلا يىگانىمەن، چوققىدا تەنھالىق ئىزدەپ سوزۇلغان شۇ ئىمجان جىسمىم: تەنھا، تەنھا!

ئالقىنىڭدا يۈرىكىم، ھاياتلىق نىشانىسىدا ئىلغىرلايدۇ. مۇھەببەت سۇپىتىدە گۈپ - گۈپ قىلىپ سوقىدۇ.

ئاھ، شۇ تاپتا يۈرىكىمدىن ئېچىلسا بىر كۆز، يار سەن ئۇنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭنىڭ يېغىنى يەر ئىدى، جېنىڭنى ئېلىپ جاڭگالدا قويار ئىدى. ساڭا بار ۋۇجۇدۇمدا ئاتەش سۆيگۈ.

كۆكرىكىمدە بىر ناخشا ياڭرار، كۈيلەر پەقەت سېنىلا. خىيالىمداسەن، يۈرىكىمدە سەن، تۇرىمەن ئۆزۈم يىگانىلىقىمدا: تەنھا، تەنھا!

1992- يىل دېكابىر، قەشقەر.

يۈسۈپئېلى قۇربانى

# جام سىرتىغا قويۇلغان مەيلەر

1

روھىم قۇياش نۇرىدا «يالت - يۇلت» قىلىپ شولا چېچىپ، كۆزلەرنى چاقناتقان چاغدا مەن ئەبەدىي ئۆلمەيمەن. ئەپسۇسكى، ھاۋا بۇلۇتلىنىپ يامغۇر ياغقان چاغلاردا، ئۆز روھىمنىڭ داتلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسام، ئەبەدىي خورلۇق ھېس قىلىمەن.

2

— ئېھ ئەزرائىل، سۈرىتىڭنى سىزىپ پۈتتۈرۈپ قويدۇم.

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئەجىلىڭ توشۇشتىن ئون كۈن بۇرۇن كېلىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمگە ئايلىنىپ قالدىڭ!

3

مەن رەزىللىككە تولغان بۇ ئالەمدىن بەزدىم، ئىككىنچى بىر ئالەمگە — پاك ئالەمگە كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. كېتىۋېتىپ ئارقامغا قارىدىم، ئەپسۇس، ھەر بىر قەدەم ئىزىم چۈشكەن بۇ پاك يولدىمۇ رەزىللىك گۈللىرى ئۈنۈپ چىقىپتۇ.

مەن كەينىمگە قايتتىم، قايتىپ كەلگىنىمدە بۇ ئالەمنىڭمۇ پاكلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

4

ئېھ ئانا، سەن مېنى نېمە ئۈچۈن تۇغقان؟

بەخت دېڭىزىدا چۆمۈلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ياكى ئازاب گۈلخانىدا كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايسەن ئانا؟ بوپتىلا، سەن مېنى قايتا تۇغقىن،

بەراق يەرگە ئەمەس ، سوئال ، ئۇندەشـ
لەردىن خالى ئىككىنچى بىر ئالەمگە.

5

مەن سېنى « تاش يۈرەك » دەپ تىلـ
لىدىم . بىراق ، تاشنى يېرىپ چىقىدىغان
يۇمران ئۆسۈملۈكنىڭمۇ بارلىقى ئېسىمگە
كەلمەپتۇ . مەن ھەقىقەتەن خىجىل
بولدۇم .

6

ھېسسىيات ــ ھەقىقىي زېرەك قىزلارنى
يىگىتلەرگە ، يىگىتلەرنى بولسا قىزلارغا
ئايلاندۇرالايدۇ . يەنە بەزى قىزلارنى
بولسا كەچ بازاردىن قۇرۇق قول قايتقان
سېخى گۈلچى بوۋايغا ئوخشىتىپ قويىدۇ .

7

بەندىلەر ــ تەڭرىلەر ، تەڭرى بولسا
بەندىدۇر . بىراق ، تەڭرىلەرنىڭ كۆپلۈ-
كىدىن تەڭرىلەر بەندىلەرگە ، بەندە بولـ
سا تەڭرىگە ئايلىنىپ قالغان .

8

مەۋجۇتسىزلىق مەۋجۇتلۇققا قاراپ :
« سەن ئاخىرى مەن بىلەن توي قىلىپ ،
مەن بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىـ
سەن » دېدى ، مەۋجۇتلۇق بولسا ئۇنىڭـ
غا : « ئالدىرىما ، سەن تېخى تۇغۇلمىـ
دىڭ ، سەن مېنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلمىـ
غان نەۋرەمدىنلا ئىبارەتسەن ، سېنىڭ تۇـ
غۇت ئاناڭ بولغان ئىنسانلار ھازىر سەن
توغرۇلۇق ئويلانماقتا » دېدى .

9

تۈن ، بىرى دېرىزەمدىن ئۆيگە سەكرەپ
كىردى .

ــ كىمسەن ؟

ــ مەن .

ــ ئىسمىڭنى ئېيت !

ــ مەن ــ يۈرەك ئوغرىسى .

ــ يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە نېمە دەپ
كەلدىڭ ؟

ــ مەن سېنىڭ يۈرىكىڭنى ...

ــ نېمە ؟ ! يۈرىكىمنى ئوغۇرلىماقچىـ
مىدىڭ ، ئەبلەخ ... !

ــ يا ... يا ... ياق . مەن سېنىڭ يۈـ
رىكىڭنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىم . كەـ
چۈر ، يۈرىكىڭنى بۇرۇنلا ئوغرىلاپ كەتـ
كەنىدىم . مەن ئۇ ئارقىلىق ناھايىتى
زور نەرسىلەرنى بايقىۋالدىم . ھازىر ئۇـ
نى ساڭا ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بەرمەكـ
چىمەن . مانا ، يۈرىكىڭ .

ئۇنىڭ قولىدا راستىنلا ئۆز يۈرىكىم
تۇراتتى . مەن ئۇنى تۇتۇپ كۆردۈم .
بىراق ، ئۇ ئىلگىرىكى پارقىراقلىقىنى ،
جەزبىدارلىقىنى يوقىتىپ ئادەتتىكى بىر
پارچە گۆشكىلا ئايلىنىپ قالغانىدى .

1993 - يىل فېۋرال ، مارالبېشى - ئاۋات .

رۇقىيە مامۇت

# سۆكۈتتىكى بوغۇق نىدالار

### كۆمۈلگەن روھ

مەن روھىمنى چوڭ بىر قورام تاش
ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇم ۋە تاش ئۈپچۈرـ
سىدە كىچىككىنىمۇ يوچۇق قالدۇرماي تو-
پا تاشلاپ ئېتىۋەتتىم . ئىشىنىمەنكى ،
تاش ئەتراپىدا يىڭنە تۆشۈكچىلىكمۇ
يوچۇق قالمىدى .

كىم بىلىسۇن ؟ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن
كېيىن روھىمنىڭ قورام تاش چۆرىسىدىـ

...كى يۇمشاق توپا ئارىسىدىن ئەمەس، بەلكى قورام تاشنى يېرىپ بىخ سۈرۈپ ئۈنۈپ چىققىنىنى ...

### سۈكۈتتىكى سەيياھ

مېنىڭ جىمجىتلىقىم سېنىڭ ياڭراق ئاۋازىڭ. ئۇ شۇ جىمجىتلىقىم ئىچىدە گاھى سېنىڭ ياڭراق ئاۋازىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. گاھى ئاشۇ ياڭراق ئاۋازىڭ مېنىڭ جىمجىتلىقىم بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مەن بۇ چاغلاردا ئۆزۈمنى سۈكۈتلەر دۇنياسىنىڭ ساياھەتچىسى ھېس قىلىپ، پۈتۈن ئالەمنى كېزىپ چىققان بولىمەن.

### خىيالدىكى چىنلىق

خىلۋەت جايلاردا تەنھا سېنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ۋاقتىم، دەل قۇياش تاغنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ئالەمگە قان قۇسقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا مەن قىزغۇچ رەڭ سىڭىشىپ كەتكەن كۆكۈم قوينىدا ئەللەيلىنىپ سېنى خىيالىي سۆيىمەن. سېنى خىيال قىلىپ ئاشۇ خىلۋەت جايدا تەنھا ئولتۇرسامۇ، بىراق سەن يەنىلا كەلمەيسەن. شۇ چاغدا پەقەت ماڭا كۆرۈنىدىغىنى مۇئەللەقتىكى تولۇن ئاينىڭ يېقىمسىز چىرايى ۋە ماڭا كۆز قىسىپ قاراۋاتقان تۈركۈم-تۈركۈم يۇلتۇزلار بولىدۇ.

### ئىسكەنجىدىكى سۆيگۈ

ئىسكەنجە ئىچىدىكى سۆيگۈم خۇددى قەپەزدىكى قۇشتەك تىپىرلىماقتا، ئاھ ئۇرۇپ تولغانماقتا. ئاشۇ قۇشنىڭ قەپەزدىن قۇتۇلۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە؟

سۈكۈت ئىچىدىكى بىچارە سۆيگۈم ئىشق كۈيىنى ياڭرىتىشقا ئىنتىلىدۇ، مەن ئاشۇ بىچارە سۆيگۈمنىڭ پۈتۈن ئۈن سەككىز مىڭ ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىشق كۈيى ياڭرىتىشىغا تولىمۇ ئىنتىزارمەن.

روھىي شادلىقتىن مەھرۇم بولغان ئاۋازسىز، بوغۇق سۆيگۈم مەن بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن چىن مۇھەببىتىمگە قۇچاق ئېچىشقا تەلپۈنىدۇ.

مەن ئاشۇ سۆيگۈمنىڭ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە قۇچاق ئېچىپ، ۋىسال دەقىقىلىرىدە ئۆزۈمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈشنى كۈتىمەن.

1993 - يىل يانۋار، قاغىلىق - تۆكچى.

ئەلاگۈل سەمەت

## تەنھالىق تۇغقان تۇيغۇلار

1

كىشىلەر يالغۇز يۈرگىنىمگە قاراپ مېنى «تەنھا» دېيىشىدۇ. يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، كۆز قارىچۇقۇمدا بىر نۇرلۇق سىمانىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر تاۋۇشۇمدا، ھەتتا تىنىقىمدىمۇ بىر بۈيۈك نامىنىڭ ھەر دەقىقە يادلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن ئۆزلۈكسىز ھالدا مەڭگۈلۈك يىگانىلىقتىن قۇتۇلغۇچى!...

2

ئەزەلدىن ئاقىللارنىڭ ھېكمىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولماسمىش. لېكىن مەن قايسىبىر دانىشمەن ئېيتقان «ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان يالقۇنلۇق ساداسى بىلەن ئەبەدىي ئىنكار قىلىمەن.

3

مەن سۆيگۈ سەپىرىگە تۇنجى قەدەمنى بېسىشىم بىلەنلا تەكلىماكانغا بېرىپ قالدىم. مېنىڭ قۇياش ھارارىتىدەك سۆيگۈ تەپتى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈردى. گاللىرىم قۇرىدى، لەۋلىرىم يېرىلدى. ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقىنىمدا، ئۈمىد قاراۋۇلى مېنى توسۇۋالدى. شۇئان ئەڭ ئاخىرقى جاسارىتىمنى يىغىپ، مۇھەببەت ئىلاھىدىن بىر ئىلاھىي تىنىق تىلىدىم. ئاخىر سۆيگۈ ئالەملىرىگە كەلدى! ئاھ، ئەمدى مەندىن كۈچلۈك ئادەم يوق. ئەڭ يۇقىرى تېزلىك بىلەن مەھبۇبەمگە قاراپ ئېتىلدىم.

4

ئايدىن سورىدىم:

— يۈزۈڭدىكى داغنىڭ تارىخىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

ئاي دېدى:

— تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىيالايمەن: بۇ داغلار ۋىسال يولىدا چەككەن رىيازىتىمنىڭ ئىزلىرى.

— ئۇنداقتا، ۋىسالىڭغا يەتتىڭمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم.

— ياق، يۈزۈمدىكى داغلار ئەڭ ئاخىرقى ۋىسال بېكىتىگە يەتكۈزمىدى، — دېدى ئاي خۇرسىنىپ.

5

— قۇياش، ئېيتقىنا! ئاي نېمىشقا ساڭا قارىمايدۇ؟

— چۈنكى، ھەممىگە تەڭ كۆيۈپ، تەڭ نۇر چاچىمەن ئەمەسمۇ.

6

مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئاجايىپ بىر ئېسىل بىنا ئىدى. بىنانىڭ خىشلىرى قەلبىمدىكى مۇھەببەت تۇپرىقى بىلەن ئاتەش سۆيگۈ ئوتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھەر خىل نەققاشلار ساداقەت يىڭنىسى بىلەن چېكىلگەن گۈللەر ئىدى. بىنانى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈك، ساڭا بولغان ئەڭ چوڭقۇر ئىشەنچىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. تويۇقسىز چىققان گۇمان شامىلى تۈۋرۈكنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاھ! ئەمدى بىنانىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!...

1992 – يىل، قەشقەر.

ئىبراھىمجان تاش (ئىپتىخار)

# سەرسان ھېسلار

1

مېنىڭ ئۆلگەن روھىم كېلىۋاتقان بۇ تار چىغىر يول، ئانامنىڭ ئۈمىدسىز دىلىدىكى غۇۋا يورۇقلۇققا ئىنتىزار بەلىپ كۆيىمدەك ئۆتمۈشۈمدىكى ئۇنتۇلغان دوزاخ ئىشىكىدىن تەنھا باشلىنىپ، شورلاشقان، ئەمما قەبرىسىز زاراتگاھلىققا شەكىلسىز تۇتىشىپ كېتەتتى.

2

ئەي، ھاماقەت ئۈمىدلىرىم، ھالاكەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنزىلگاھىغا ئۇدۇللانغان دەلتە قەدەملىرىڭلارنى دەرھال توختىتىۋېلىڭلار! ناۋادا چۈشلىرىڭلاردىكى بەڭباشلىق ئىسكەنجىسىدە چامداۋېرىدىغان بولساڭلار سىلەرگە تەشنا، زارىققان غەمكىن ئارال ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

3

مەن بىر كۈچۈك باققانىدىم، ئۇ مېنىڭچە تولىمۇ دۆت ۋە ھاماقەتتەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى، بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ قاسماقلىشىپ كەتكەن غېرىب يالىقىغا بىر نەچچە پارچە گۆش تاشلاپ بەرسەم، قاراپمۇ قويماي ئوغلۇم ئويناپ يۈرگەن، يىرتىلىپ ۋاراقلىرى جەندىدەك سالپايغان كىتابىنى چىشلەپ قوزۇقسىز سۆڭگۈچ بىلەن سىرتقا قاچقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم.

4

مېنىڭ سەككىز ياشلارغا كىرگەن چېغىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈم قەسىرىدە، ئۆزۈم ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان، دەردىدە سۇ بولۇپ ئاققان، ۋەسلى ئۈچۈن سەۋدايى بولۇپ جاھان كېزىپ ئالغان ساھىبجامال ئايالىمنى راسا دۇمبالاپ، ئارقىدىنلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتكۈدەكمىشمەن. ئۇ مىسكىن كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— ئىككى بالىمىزنى تىرىك يېتىم ئەتمەڭ. مەن... ئۆتۈنۈپ قالاي...— دەپ يېلىنىۋاتىمىش. مېنىڭ ھاياتلىقىم ھېسابلانغان ئىككى يۈرەك پارەم كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ «بىچارە...» دېگەندەك ھالەتتە ئۈنسىز ئۆكسۈۋاتقۇدەك. بۇ ئاچچىق يىغا مېنىڭ مۇدھىش چۈشلىرىمنى قانغۇچە پەشۋالاپ، مېنى رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ ئەپكەلدى. ئويغانسام، بۇ، مېنىڭ ئاچماق ئىشتان كېيىپ يۈرگەن سەبىي سەككىز ياش چاغلىرىم ئىكەن.

5

بوۋام ھەر كۈنى كەچتە مەھەللىدىكى مەسچىت قۇببىسىغا چىقىۋېلىپ ئەزان توۋلاشقا باشلىغان چاغدا، مەن كىملەرنىڭدۇر ئىشىكىدە «تۆگىمەس ناخشا»منى توۋلاپ پەيدا بولىمەن.

6

ئەي قاناتسىز قۇشلار! مەنمۇ سىلەردەك ئۇچۇشقا تەمشىلەيمەن. مېنىمۇ سېپىڭلارغا قوشۇۋېلىڭلار! مەنمۇ ياڭراق ناخشاڭلاردىن ھاياتلىق ئاچىلىدىكى مەۋجۇتلۇقىمنى يوقىتاي. مەندىمۇ يۈرەك بار...!

7

ئىشىكىم چېكىلدى، مەن ئىشىكنى ئاچتىم. ھېچقانداق دەسمايىسىز بىر ساھىل قولىنى تەڭلەپ تۇراتتى. مەن ئۆيدىن نان ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ باش چايقاپ ئالغىلى ئۇنىمىدى. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى، يېقىندىلا توي قىلغان يىگىتىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ جاپالىق ئىشلەپ تاپقان، قان-تەر بەدىلى ئىكەنلىكىدە خاتالىق يوقمۇ؟ ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— مەن نان قەلەندەرى ئەمەس، ئاچ قالمىدىم. پەقەت ئالتە يېرىم يىللىق ياشلىق باھارىم بەدىلى بولغان ساپ ئەقىدەمنى تىلىگىلى كەلدىم...

كۆزۈم ئۇنىڭ ياشسىرىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى-دە، يۈرىكىم پۇلاڭگىدە ئاغدى.

8

نېمىشقا ماڭا بۇنچىلىك تىكىلىپ قارايسەن؟ سەن ياكى مېنىڭ كۆزلىرىمگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆزلەرنى يۇتتۇرۇپ قويغانمۇ؟

1993 - يىل، قەشقەر - قوغاپ

نۇر مۆمىن

# ھاياتتىكى قىسىق ئۈنچىلەر

**مەھبۇدە**

ئېھ قۇياش، سەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ باقمىغان. بىراق، بىز دائىم سېنىڭ ئەۋەتكەن سۆيۈنچەڭنى ئېلىپ تۇرىمىز.

**سادا**

كۆرۈنمىگەن يۇلتۇزلار كۆرۈنۈۋاتىدۇ، سۈكۈت ئىچىدە ياتقان ئارمانلار تەشنا ئىستەكلىرىنى بېشىغا كىيىپ، بار ئاۋازى بىلەن «مەن يۇلتۇزلارغا ئەگىشىمەن!» دەپ ۋارقىرىماقتا.

قويۇق تۇمانلارمۇ يۇلتۇزلارنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، گۆلدۈرمامىلارمۇ ئارمانلار ساداسىنى بېسىپ چۈشەلمىدى. ھايات چاۋاك چېلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. سۈكۈتتە ياتقان ئەرشتىكى تىلەك پەرىشتىكە چۈشكەن ھامان ھايات سەيناسى تەۋرەپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا مەنمۇ، قۇشلارمۇ، ياپراقلارمۇ چاۋاك چالىمىز. يەلەك چاۋاك ساداسى ئۈستىدە لەيلەپ ئۈزىدۇ.

**ئۆزىنى بىلىش**

مەن تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەندىم، ھەممە ئادەمگە: «مەن ھەر قانداق نەرسىنى بازغانلاپ شەكىلگە كەلتۈرەلەيمەن» دەپ ماختاندىم. ئۇلار ئاغزىمغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىشتى، شۇ چاغدا بىر كىشى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ:«ئۇنداقتا، سەن ئۆزۈڭنى بازغانلاپ بۆرىگە ئايلاندۇرالامسەن؟» دەپ سوراپ قالدى. كاللام پىررىدە قېيىپ، پېشانەمدىن غۇژژىدە تەر چىقتى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ تېخى ۋايىغا يەتكەن ئۇستىكا ئەمەسلىكىمنى تونۇپ يەتتىم.

1993 - يىل، مارتنىڭ 52 - تۈنى.

ئابدۇللا تۇردى

# سەۋدايى چۈشلىرى

1

تاك ئاتتى.

تۈن بويى ئارام بەرمىگەن خىيالنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، سېنى ئىزدەپ باردىم، سېنى تېپىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتىم.

چۈشمۇ بولدى، سېنى ھېچيەردىن تاپالمىدىم، سەن گويا يەر شارىدىن غايىب بولۇپ كەتكەندەك.

قەدىمىم تالدى، ماغدۇرۇم قاچتى، ئەمما ئۈمىدىم كۆكلەپ تۇرۇپتۇ. سېنى تېپىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتىم، ئىزدەشنى داۋام قىلدىم.

كەچمۇ بولدى، سېنى تېپىۋالىدىغاندەكلا تۇراتتىم، ئەپسۇس، تاپالمىدىم.

قاراڭغۇ چۈشتى. سېنى تېپىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتىم، ئاخىرى كېچە قوينىدىن تېپىۋالدىم. سەن مەست ئىدىڭ...

— مەن سېنى تاپتىم!

— مەن ساڭا مەنسۇپ ئەمەس!

مەن كەتتىم. يەنە كەلدىم،سېنى كۆتۈ-

روپ ئېلىپ كەتتىم.

سېنى تېپىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتىم، تېپىۋالدىم. بۇ، مەڭگۈلۈك بولسا — ھە؟!

2

لەپىلدەپ قار يېغىۋاتىدۇ. ئەينەكسىز دېرىزىدىن قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن بىرگە ئاق كەپتەر ھوجرامغا ئۇچۇپ كىردى.

— كەپتەر؟ ئۇ كەپتەر ئەمەس، پەرىشتە!

مەن يېرىم ئۇيقۇلۇق، يېرىم ئويغاق ھالەتتە ياتىمەن. ئۇ بىر بولاق نەرسىنى قويۇپ، قاردەك ئاق قاناتلىرىنى قاققىنىچە ئۇچۇپ كەتتى.

بىلىمەن، ئۇنىڭ باقىي دۇنيادىن ئېلىپ كەلگىنى — مېنىڭ تەرجىمھالىم...

3

بىز تونۇشمايمىز. مەن سېنى تونۇمايمەن، ئەمما سېنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى خالىمايمەن.

سېنىڭ نېمىگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن، ھەتتا ئىسمىڭنىمۇ بىلمىسەم، باشقىسىنى قانداق بىلەي؟! پەقەت بىر ئىشنىلا بىلىمەن: سېنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.

تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ بىلمىدىم، بىز دائىم دوقۇرۇشۇپ قالىمىز. شۇ چاغدا باشقا بىر تۇيغۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلىمەن. سېنىڭ كەيپىياتىڭدا ھەم ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. ئەمما، سېنى قايتا ئۇچرىتىپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئەپسۇس، يەنىلا شۇنداق بولىدۇ. تۇۋا...

1992- يىل مارت، پەيزاۋات-شېكەركۆل.

ئابدۇرېشىت ھېمىت

## ئۆزۈك نەپەسلەر

1

شەمشەر بېسىمىنىڭ ئۇپرىغانلىقى، ئۇنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىدىن دېرەك بەرسە، بېسىمىنىڭ يانغانلىقى، ئۇنىڭ كېرەكتىن چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، سۇنۇپ كەتكەنلىكى بولسا، ئۆتكۈرلۈكىنىڭ ئىپادىسى.

2

دەرەخ ئەمدىلا يېتىلگەن يۇمران بىخلىرىنىڭ كېيىن پالتىغا ساپ بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىسا كېرەك.

3

ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئېغىزى ئارىلىقىدا چەكسىز بىر بوشلۇق مەۋجۇت، ئەگەر بۇ بوشلۇق بولمىغاندا، بىزنىڭ مېڭىگە ئېھتىياجىمىز چۈشمىگەن بولاتتى.

4

دەرەخ شاخلىرى شامالغا قاراپ ئېگىلىشتىن قەۋەتلا خۇرسەن بولىدۇ. ئەمما ئۇ، ئانا شاختىن ئايرىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز ئىشىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ.

1991- يىل، يەكەن – ئېلىشقۇ.

مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

## ھالسىرىغان ئاۋازلار

1

ئى دىلبەر، مەن ئۈچۈن يەر شارىنى پىيادە ئايلىنىپ چىققاندىن، كۆز ئالدىمدا داۋالغۇپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ بولاقتەك ئاھۇ كۆزلىرىڭنىڭ تېنىمسىز ئېقىنلىرىنىڭ ئۇ قىرىدىن بۇ قىرىغا

ئۈزۈپ چىقماق نېمە دېگەن بەسى مۇشكۈل-ھە؟!

2

ئامرىقىم، مېنى ئارمانسىز كەتسۇن دېسەڭ، ئۆلۈمىمدە سۈكۈت قوينىغا بۆلۈنمىگىن، ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىلمىغىن. كۈلگىن! قاقاقلاپ كۈلگىن! ياڭراق كۈلكەڭ بىلەن ئۆزگىلەرنى ۋە ھازىدار بولغانلارنى ھەيران قالدۇرغىن ۋە ئاشۇ كۈلكەڭ بىلەن قەبرە تېشىمغا يارقىن مىسرالىرىمنى يېزىپ قويغىن. شۇندىلا كىشىلەر مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمنى ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەنلىكىمنى ھېس قىلىشىپ قالسۇن.

3

قۇياشنى تاشلاپ قېچىپ كەلگەن بىر قارا كۆلەڭگە بوسۇغامغا دىۋەيلەپ كەلگىنىدە، سەن ئۇنىڭغا سەدىقە بەرمەستىن قۇياشنى كۆرسىتىپ قوي. بۇ چاغ قۇياش كۆك ئاسماندا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولىدۇ.

4

مەن يەر شارىنى ئاستىمغا سېلىپ، ئۈپۈق قىرغىقىنى ياستۇق قىلىپ ياتتىم. تەنىقىم بار، مادارىم يوق. ئىچىمدە: «پۈتكۈل دۇنيانى مەن ئۆزۈمگە بويسۇندۇردۇم» دەپ چەكسىز شادلاندىم، مەغرۇرلاندىم. بىر چاغدا پۇت-قوللىرىم ئۇيۇشۇپ، يۈرىكىم مۇزلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ھەر قانچە كۈچىسەممۇ كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. قۇلاق تۈۋىمدە ئاللىقانداق شاۋقۇن-سۈرەنلەر، جەڭ مارشى ۋە غالىب قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. ئەسلىدە ئۇلار ئۈستۈمگە يول سېلىپ ماڭغانىكەن.

1993 - يىل يانۋار، مارالبېشى 52 - تۈەن

**نەزەرجان ياقۇپ**

# نەسرلەر

### مۇھەببەت كۈچى

مەن بىمار ئىدىم، سەن ماڭا مېھرىڭدىن ئابى زەمزەم ئىچكۈزۈپ، مېنى ساقايتتىڭ.

مەن تىلسىز گاچا ئىدىم، سەن ماڭا تىل بېرىپ، مېنى بۇلبۇلدەك يېقىملىق، كاككۇكتەك جاراڭلىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتالايدىغان خۇش ئاۋازغا ئايلاندۇردۇڭ.

مەن قارىغۇ ئىدىم، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى مېھىر ئاپتىپى بىلەن ئېچىپ، پۈتۈن كائىناتقا نەزەر تاشلىيالايدىغان، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا قادىر قىلدىڭ.

يۈرىكىم ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان بىر پارچە گۆش ئىدى، سەن ئۇنى ئۆزۈڭ ياسىغان شىپالىق سۆيگۈ مەلھىمى بىلەن ساقايتىپ، ئىشق لاۋاسى يېغىپ تۇرغان ھەقىقىي بىر ئاتەشدانغا ئايلاندۇردۇڭ. ئاھ، بۇ نېمە دېگەن زور تىرىشچانلىق! نېمە دېگەن زور بەدەل! نېمە دېگەن چوڭ كەشپىيات - ھە!؟

### بەختسىز ئاشىق

مېڭىۋاتىمەن، ئالدىمدا يېيىلىپ ياتقان چەكسىز چىمەنلىككە قاراپ ئالدىراپ مېڭىۋاتىمەن، ھەر قانچە تېز ماڭساممۇ يولۇم پەقەت ئاۋۇمايدۇ.

يۈگرەۋاتىمەن، رەڭمۇ رەڭ گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىۋاتقان، بۇلبۇللار يېقىملىق سايرىشىۋاتقان گۈلباغ-

قا قاراپ يۈگرەۋاتىمەن . ھەر قانچە تېز يۈگۈرسەممۇ يېتىپ بارالمايمەن.

ئۇچۇۋاتىمەن، خۇددى لاچىن كەبى تېز شۇڭغۇپ، ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئۇپۇققا قاراپ ئۇچۇۋاتىمەن . لېكىن مەن قانچە ئۇچقانسېرى، رەڭدار ئۇپۇق مەندىن شۇنچە يىراقلىشىۋاتىدۇ .

كۈتۈۋاتىمەن ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاتىسى بولغان نۇرلۇق سېخى قۇياشنىڭ تېز راق كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتۈۋاتىمەن. بىراق ئۇ كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى بۇلۇتلار توسۇۋالدى.

ئاھ، بەختسىزلىك...!

**تەشنالىق**

مەن سېنى سۆيىمەن. مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن. لېكىن سەن مېنى ھەسرەتتە قويۇپ تويۇقسىز غايىب بولدۇڭ.

مەن پۈتۈن يەر شارىنى ئىزدەپ ، سېنى ھېچ قەيەردىن تاپالمىدىم . مەن ئاخىرى سېنى ئىزدەپ مارسقا چىقتىم . لېكىن ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى . مەن يەنە مېڭىپ ۋېنېراغا باردىم. بۇ يەردىمۇ ھېچقانداق جانلىق يوق ئىدى . بۇ يەردە قاغجىرىغان چۆللۈك، سۇسىز قالغان دەريالار بار ئىدى.

مەن سېنى ئىزدەپ نېپتۇنغا باردىم. بۇ يەردىمۇ ھېچقانداق جانلىق يوق ئىدى . لېكىن قىزغۇچ تۇپراق ئۈستىدە بىر ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخان پىلىلداپ تۇراتتى . مەن بۇ يەردىمۇ سېنى تاپالماي يولۇمغا راۋان بولدۇم . مەن مېڭىۋېرىپ پىلاتونغا چىقىپ قالدىم. لېكىن ھالىمدىن كېتىپ ، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدىم.

بىر چاغدا ئاستا - ئاستا ھوشۇمغا كەلدىم، لېۋىمگە قىزىق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى ، شۇئان كۆزۈمنى ئاچتىم، ئاھ، بۇ سېنىڭ...!

1993 - يىل، پەيزاۋات.

ھۈسەيىن ئەسئەت

# ھاياتلىق سەپىرى

1

ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىنى ھېچكىم پالانى يەردە ياكى پۈستانى ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بەزىلەر ئاشۇ ئاخىرقى چەككە يېتىپ بارغانلىقىنى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىپ بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ، يەنە بەزىلەر ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىگە مەجبۇرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا شۇلارنىڭ قايسىسىغا نىسبەتەن بولۇش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە باغلىق.

2

مەن ھەر كۈنى بوسۇغامدىن ئاتلىسام كۆزۈمگە ئەڭ ئاۋۋال كۆرۈنىدىغىنى قەبرىستانلىق. مېنىڭ ھەر قاچان باشقىلارنىڭ «نەگە؟» دەپ سورىغان سوئالىغا بېرىدىغان جاۋابىم: «قەبرىستانلىققا!». مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلىغىنىمغا ئىككى ئون يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بىراق مەن تېخىچىلا بوسۇغام بىلەن قەبرىستانلىق ئارىلىقىدىكى ئەگرى- توقاي يولدا كېتىپ بارىمەن. كۆز ئالدىمدا يەنىلا شۇ قەبرىستانلىق. مەن ئاشۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بوسۇغامدىن قانچىلىك يىراقلاشقانلىقىمنى كۆرۈش ئۈچۈن ئارقامغا قاراپ باقىمەن. شۇنداق

چاغلاردا، كۆزۈم ئىختىيارسىز ھالدا ئارقامدا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان ئىزسىز چىغىر يولغا چۈشۈپ قالىدۇ- دە، ئەتراپىم قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزۈمنى قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەمما دەل شۇ پەيتتە غايىبتىن: «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەن بىر جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلايمەن. كۆز ئالدىم يەنە يورۇيدۇ. مەن ئىچىمدە قەدەملىرىمنى سۈرەپ ئالدىمغا قاراپ ماڭىمەن...

بۇ ھالەت — يەر شارى قۇياشنى ھەر نۆۋەت بىر ئايلىنىپ چىققىنىدا يۈز بېرىدۇ.

## باھارغا ئىلتىجا

ئېھ، باھار! مەن ساڭا ئەسلى ئاشىق بولمىغان، چۈنكى مەن سېنىڭ ئۆز قىزىم بولۇپ قېلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭا مەن ئاللىقاچان ئاياز ئىسىملىك بىر سەنەمگە ئۆز قەلبىمنى بېرىپ بولغانىدىم. بىراق كىم ئويلىغان دەيسەن؟ مەن ئايازنى سېنى تۇغۇپ بېرەر، دەپ ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ تاللىغانىدىم. ئەمما شۇنچە يىل كۈتتۈم. ئۇ سېنى تۇغۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ساڭا ھامىلىدارمۇ بولمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى قانچە قېتىم سورىساممۇ، ئۇ زىنھار ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەن ئاخىرى ئەگەر سەۋەبىنى ئېيتمىسا، ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدەمنىڭ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا پۈتۈنلەي تۈگەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىستاپ تۇرۇۋالسام، ئۇنىمۇ دېدى دېمەمسەن؟ ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئۇ سەندىن ئىبارەت بىر پەرزەنتنى تەۋەللۇت قىلسا، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەرمىش. ئۇنىڭ ئورنىنى سەن ئالارمىشسەن. شۇڭا ئۇ، سېنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىڭدىن تولىمۇ ئەنسىرەيدىكەن. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكىنىم ئەمەس، مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكىنىم ئەسلى سەن. لېكىن مېنىڭ ئۇ سەنەمنىم مېنىڭ ئارزۇيۇمغا مەڭگۈ-مەڭگۈ يەتكۈزمەيدىكەن. شۇنداق بولغانىدىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن بىراقلا ۋاز كەچتىم. ئەمدى ئۇنى ھەرگىز سۆيمەيمەن. ئەبەدىل - ئەبەد ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمايمەن، بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك قەسىمىم.

ئاھ، باھار! ئەمدى مەن ساڭا مەڭگۈ ئاشىق. سەن مېنىڭ سۆيگۈ ئىزھارىمنى قوبۇل قىلغىن! مەن سەندىن يەنە بىر بوۋاق تۇغۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايمەن. ماڭا سېنىڭ ئۆزۈڭ بولسىلا كۇپايە! پەقەت سەن ھەر قاچان، ھەر زامان مەن بىلەن بىرگە بولساڭلا بولدى. ئەي، سۆيۈملۈك باھار! شۇنداق قىل، مېنىڭ كۆڭلۈمنى قالدۇرما! مەن ساڭا ئاشىق. سەن ماڭا ئۆز باغرىڭدىن ئاشۇنداق شامىلىغا بەرگەنچىلىك ئورۇن بەرسەڭ بولىدى! پەقەت شۇنداق بولغاندا، مەن مەڭگۈ سېنىڭ تومۇرلىرىڭدا ياشىيالايمەن! ئاھ باھار! سەن...

1993- يىل فېۋرال، يەكەن — يېڭىئۆستەڭ.

تۇرغۇن سىدىق

# ئىككى نەسر

## كۆرەك

مەن سۇتۇق قەبرىگاھنىڭ يېنىدىكى ئەنجۈرلۈك باغدىن بىرلا سەكرەپ، يۇسۇپ قەبرىگاھىنىڭ يېنىدىكى گۆل - چېچەكلەر ئېقىۋاتقان دېڭىزغا چۈشتۈم. شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب... ھەر تەرەپتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريالار بۇ دېڭىزغا قۇيۇلۇپ، قايە

نام ھاسىل قىلماقتا ئىدى. قايناملىڭ ئۇدۇلىدا كۆكتە ئايىنىڭ ئاستىدىلا بىر خىل رەتىمدە ھاۋا گۈلدۈرلىمەكتە. قاينام ئىچىدە گۈل ـ چېچەكلەر بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ، ھاۋانىڭ گۈلدۈرىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا... بۇ مەنزىرىگە بىر قارىساڭ، تاغ ـ تاغدىن چۈشكەن دەھشەتلىك قىيانلار دەرياغا قۇيۇلۇپ، دەريا دېڭىزغا قۇيۇلۇپ، دېڭىز ئۆز قىنىغا پاتماي غەزەپ بىلەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك؛ بىر قارىساڭ، بىرەر غەلىبىنى تەنتەنە قىلىپ سەكرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. مەنمۇ بىر شادلىق ئىلكىدە ئۆز كۆچىنى تەبىئەتكە كۆرەك قىلىۋاتقان بۇدولقۇنغا قوشۇلۇپ سەكرىدىم.

بۇ ـــ قەدىمكى شەھەر قەشقەرنىڭ ھېيتى ئىدى.

## گۈل ئۆستۈرگۈچى قىزغا

گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئاشۇ گۈللەرنى كۆرسەم، ۋۇجۇدۇم يايراپ كېتىدۇ. باھار كۈنلىرى سەھراغا چىققىنىمدا، دىمىغىمغا ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇرۇلغان گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى مېنى ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلار دېڭىزىغا غەرق قىلىدۇ. مەن گۈزەللىككە بولغان ئاشۇ كۈچلۈك ئىنتىلىشىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇنداق شېئىر يازغانىدىم:

گۈزەللىككە ئامراقمەن قەۋەت،<br>
سۆيۈنىمەن گۈللەرنى كۆرسەم.<br>
تۇپرىقىمغا گۈللەر تېرىۋالار،<br>
ۋاقىت يېتىپ ئەگەردە ئۆلسەم...

گۈلگە قەۋەتلا ئامراقلىقىمدىن بولسا كېرەك، شەھىرىمىزدە «گۈل ئۆستۈرۈش ماھىرى» دەپ نام ئالغان گۈلنىڭ نامىنى ئاڭلىسامىلا، بىر قىسما بولۇپ كېتىمەن. راستىنى ئېيتسام، شۇچاغدا ئۇنىڭ تەبەسسۇم بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان گۈلگۈن چىرايى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ ـ دە، يۈرىكىمدىن باشلانغان بىر ئىللىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراپ كېتىدۇ.

بۈگۈن باشلىقىم كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەك ئاشۇ گۈلنى زىيارەت قىلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. مانا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ـــ قەلبجايىمغا تۇنجى مۇھەببەت شارابىنى قۇيغان قەدىرلىك گۈلنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى كىشىلەردىن سوراپ تاپتىم، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىمدا، بىر چوڭقۇر ئۇھسىنىش بىلەن يۈرەكنىڭ رىتىمى بۇزۇلۇپ، ھەم ئازاب، ھەم بىر خىل شېرىن تۇيغۇ يۈرىكىمنى قۇچىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدىم، ئۇ گۈلگۈن چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ مېنى كۈتۈۋالدى.

ئۇنىڭ گۈلزارلىقىدىكى گۈل ـ چېچەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كېتىپتۇ، تۆت ئەتراپ گۈل تېمى بىلەن قورشالغان. ھويلا ـ ئارام؛ ھوجرا، مېھمانخانىلارنىڭ دې

رېزىلىرىدىكى رەڭمۇ رەڭ، خىلمۇ خىل گۈللەر بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈل تەشتەكلىرى مېنى ئۆزىگە تارتتى.

ئاھ، ئىشىغا مۇناسىپ ئىسمى گۈلى، قواۋۇك گۈلمۇ، قەلبىڭمۇ؟ سېنىڭ ئاشۇ سۈزۈك لەۋلىرىڭدىن ئابىھايات تامامدۇ؟ سەن گۈل-گىياھلارنى ياشناتقۇچى قۇياشمۇ؟!

مەن گۈللىرىڭگە قاراپ زوقلاندىم، ھاياتلىقتا گۈزەللىك بەخش ئەتكەن ئەجرىڭگە قايىل بولدۇم. ھەر بىر ئائىلىدە، ئىدارە جەمئىيەت ئىشخانىلىرى، زاۋۇت قورۇلىرىدا سەن ئۆستۈرگەن گۈللەرنىڭ سەرخىللى بەرق ئۇرۇپ ياشنىماقتا. سەن شەھىرىمىزگە گۈزەللىك تارىتتىڭ. سەن تېخى «گۈل ئۆستۈرۈش ھەققىدە ساۋات» ناملىق كىتاب يېزىپسەن. ئەي ئەقىللىق قىز، ئىشچان پەرۋىشكار، سېنىڭ ھۆرلەردەك چىرايىڭغا، غۇنچىدەك زىبا بويۇڭغا قىلىۋاتقان ئاشۇ ئىشلىرىڭ نەقەدەر ياراشقان-ھە؟! سەن گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنگۈچىسەن، سەن گۈزەللىك ياراتقۇچىسەن، مەن سېنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ، خاتىرەمگە ھېچنەرسە يازمىدىم، پەقەت قەلبىمدىكى ھۆرمەت مۇنارىڭدىن بىر ھوزۇر ئىلكىدە ئىپتىخارلاندىم. قايتىش ئالدىدا ناھايىتى خىجىللىق ئىچىدە. «گۈلى، بىر تەشتەك گۈل كۆچۈرۈپ بىرەرسىزمۇ؟» دېدىم. سەن شۇ ھامان «قۇرۇق تەشتەك ئېلىپ كېلىڭ» دېدىڭ.

ئەي جەننەتنىڭ ھۆرى-غىلمانى، مېنىڭ دىلئارام گۈلى، مەن بۈگۈن قۇرۇق تەشتەك ئېلىپ ئالدىڭغا كەلگەنمەن، مەن قەلب تەشتىكىمگە تېخىچە ھېچقانداق گۈل كۆچۈرگىنىم يوق، سەن ئاشۇ «تەشتەك» كە خالىساڭ پاكلىق ئېتىزىغا تېرىپ، ۋىجدان سۈيى بىلەن سۇغىرىپ پەرۋىش قىلغان سۆيگۈ گۈلۈڭنى كۆچۈرۈپ بەرگىن. ئۇنى مەن مېھرى-ۋاپادەرياسىدا سۇغىرىپ، ئەقىدە نۇرۇم بىلەن ئۆمۈرلۈك ياشناتاي، بۇ گۈلنى «پاك مۇھەببەت گۈلى» دەپ ئاتايى، بۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئارزۇلاپ قەلب ئېتىزىغا تېرىيدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى پۈتۈن زېمىنغا تارالسۇن…!

1993- يىل مارت، ئاتۇش.

ھۆسەيىن مەتتىمىن

## سەپەر ئۈستىدە

تۇنجى سەپىرىمنى پايانىيوق جاڭگالدىكى يانتاق، چاتقاللىقلاردىن باشلىغانىدىم، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. مىڭ مۇشەققەتتە جەزىرىدىكى بىر چىغىر يولغا چىقتىم. پات-پات كەينىمگە قارىدىم، لېكىن بىرمۇ ئادەمنىڭ ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىمىدىم. ئويلىنىپ قالدىم: «مۇبادا مۇشۇ باياۋاندا يىقىلىپ چۈشسەم، مېنى كىممۇ يۆلەپ قويار؟!» شۇئان ۋۇجۇدۇمغا ئەسەبىي تىترەك ئولاشتى. پۇتلىرىم بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى، ئامال قانچە؟ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ، لېۋىمنى چىشلەپ، ۋۇجۇدۇمدىن غەيرەت تىلەپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. كۆپ ئۆتمەي پاتقاق بىر يولغا چىقىشىمغىلا «تېيىلسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك

تۈيۈقسىز تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتەردىم، ئالدىمدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي تۇرۇپتۇ، بوۋاي مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۈستى باشلىرىمنى قېقىشتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— ئوغلۇم، يولۇڭ قايان؟ — دەپ سورىدى.

مەن بېشىمنى چايقاپ تۇرۇپ:

— روھىيەت ئابى زەمزەمى ئىزلەپ كېلىش ئۈچۈن خىسلەت بەخش ئەتكۈچى قۇتلۇق دىيارغا كېتىۋاتىمەن، بوۋا، — دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ماڭا يېڭىباشتىن نەزەر سالدى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا — ئۆشنەمدىكى يوغان قاپاققا چۈشتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بەلبېغىغا ئېسىۋالغان قۇرۇق كىچىك ساپقۇچلۇق ئاپقۇرغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. خۇددى باھار پەسلىدە مۇز تاغ تەرلىگەندەك ساقاللىرىنى بويلاپ ياشلار سىرغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قېلىن قىراۋ باغلىغان ياپراقتەك ئاقلار ھىماتچىلىقىدىكى لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى:

— بارغىن ئوغلۇم، بارغىن «ساقال قاردەك ئاقارغاندا بىلىنگەي كۆچ مادار قالماس»، يۇرت ـ خەلقىڭگە خىزمەت قىل، ئۇلۇغ تۆھپەڭ بىكار كەتمەس. ئەمدى مېڭىۋەر ئوغلۇم، ئارىسالدى بولۇۋاتامسەن؟ بۇ، مېنىڭ ئىنسانلىق ھاياتىمدىكى ئىنسانلىق خىسلەتكە ياندىشقان بىر ئىشىم بولۇپ قالسۇن.

ئۇ پاتقاقلىق يولدا ئۆزۈنىسىغا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇ مېنى ئۈستىگە دەسسەپ مېڭىشقا ئۈندەيتتى...

1993 - يىل، يېشىمار.

**ھاپىزجان مۇھەممەت** (ئىنتىزار)

# ئىككى نەسىر

1

مەن گۈلدىن سورىدىم:

— ئەي گۈل، سېنى تالىشىدىغانلار نېمىشقا شۇنچە كۆپ؟ تالاشقانلارنىڭ ھەممىسى سەندىن ھوزۇرلىنالامدۇ؟

گۈل دېدىكى: نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! بەزىلەر چىن ئەقىدە بىلەن ماڭا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ تىكىنىمدىن قورقماي مېنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مەن ئاشۇنداق كىشىلەرگە ھەقىقىي زوق بېغىشلاش بىلەن يۈرىكىمنى ياشارتىمەن، ئەكسىچە قارىغۇلارچە دوراپ تالاشقان قەدرىمنى بىلمەس نادانلارنىڭ قولىغا چۈشكىنىمدە بولسا، بەرگىم توزۇپ شۇ ئانىلا نابۇت بولىمەن. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پاجىئە بارمۇ؟

مەن دېدىم: ئاھ، گۈل...!

2

مەن ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن تولىمۇ بېزار بولدۇم، چۈنكى ئۇ، مېنىڭ قەلب ئۆيۈمگە ئۈسسۈپ كىرگەندىن بېرى ماڭا ۋىسال شارابى ئىچىش نېسىپ بولماي، ئەكسىچە يۈرىكىم ئوغرىلىنىپ، ئۆزۈم قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. ئۇلارنى ئاز دېگەندەك يەنە مېنى مۇھەببىتىنىڭ نەچچە مىڭ ھەسسە يۇقىرى ھارارەتلىك ئاتەشدانىغا بىراقلا تاشلاپ، بۇ ئالەمدىن يوق قىلىۋەتكىلى ئاز قالغاندا، تەڭرىنىڭ رەھمى كەلدىمۇ، سامادىكى پەرىشتىلەر مېنى قۇتقۇزۇپ ئەرشكە ئېلىپچىكەتتى. مەن شۇندىلا ئازابتىن قۇتۇلدۇم.

1993 - يىل، قەشقەر — بەشكېرەم

بۇ ساندىكى نەسرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن نىياز، مۇختەر ئىبراھىم.

مۇختار سوپى

# «ئونىنچى پىلانېت»نى ئوقۇپ...

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىل 3- سانىدا ئېلان قىلىنغان كېرىمجان سۇلايماننىڭ «ئونىنچى پىلانېت» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ، شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ۋە بەدىئىيلىك ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز پىكىر قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئېنىقكى، شېئىردىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ بىر سەبىي قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققانلىقىنى، شېئىر مىسرالىرىدىن سەمىمىي غايىنىڭ جىلۋە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

شېئىردا كىچىككىنە بىر غايە ئېڭى يالتىراپ تۇرىدۇ. سەمىمىيلىك ۋە چىن ھېسسىيات شېئىرغا جان ئاتا قىلىپ، پارچە-پۇرات ئۇقۇملارنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغاندا، ئاپتورنىڭ ئۇچقۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى جىلۋىدار مىسرالارغا مۇجەسسەملىگەن.

«كەل دىلدار، كەل بۇندا دىللار بىئازار» — ئاپتورنىڭ ئېڭىدىكى رېئاللىق بىلەن غايە ئوتتۇرىسىدىكى «چېقىلىش» ئاپتورنى «دىلدار»نى چاقىرىشقا ئۈندىگەن. نەتىجىدە، بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسى ۋۇجۇدقا چىققان. دېمەك، ئاپتور دىلدارىغا خىتاب قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز «پىلانېت»ىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

بۇ (پىلانېت) تېخى مەۋجۇت بولمىغان، لېكىن، ئىنسانلار ياراتماقچى بولۇۋاتقان دۇنيا؛ ئاپتور ئېڭىدا، ئاپتور قەلىمىدە ئاللىقاچان يارىتىلغان، لېكىن رېئاللىق بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە توقۇنۇشۇپ كېلىۋاتقان دۇنيا.

ئېھ، مەيلى ئۇچۇشنى قىلالىسەن ئارمان،
بېرىدۇ ئاققۇلار ماموق پېيىنى.

بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئىدىيە دەل جايىغا تەگكەن ھەم «ئاققۇلارنىڭ ماموق پەيلىرى» شېئىرىي زوقنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، «تىلى بىر، دىلى بىر» بولغان دۇنيانى غايىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەسۋىرلەۋاتقان ئاپتور ئۆز لىرىك كەچمىشىنى ئۆز لىرىك قەھرىمانى ئارقىلىق بەھوزۇر ئىپادە قىلغان.

مېنىڭچە، بىر پۈتۈن شېئىردا ئەڭ ياخشى چىققان ئىككى مىسرانى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، كىتابخانلار بىلەن ئورتاق ھالدا بەدىئىي زوق ئېلىش ئارتۇقچە بولماس:

چۈشۈڭنى پارچىلاپ شارقىراتمىلار،
دېڭىزغا ئاپىرىپ تۆكمەيدۇ، ئەركەم.

«چۈش» ۋە «شارقىراتما» لېكسىكىلىق مەنە يېقىندىن ئېيتقاندا، بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئۇقۇم. لېكىن، ئاپتور بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق «چۈش»تىن ئىبارەت گۈزەل تۇيغۇنى شارقىراتمىلارنىڭ پارچىلىشى بىلەن دېڭىزغا ئاپىرىپ تۆكمەيدىغانلىقىنى بەدىئىيلەشكەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز ئارا چېتىپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان لىرىك مىسرالارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

بۇنداق تەسۋىر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ، كىشىگە ھەقىقىي شېئىرىي تۇيغۇ بېغىشلىيالايدۇ. ئاپتور كېرىمجان سۇلايماننىڭ يېڭى مەزمۇن، يېڭى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىزدىنىشىگە تىلەكداشمەن.

## كۆرسانتلار ئىجادىيىتىدىن

ئابلىكىم ئابلىمەت

# يەتتىنچى ئادەم

(ھېكايە)

مەن تۇغۇلغان يىلىمنى مىلادىيە يىلنامىسى بويىچە خاتىرلىسەم، مەن ئۈچۈن ئاپەتلىك سان «يەتتە» نىڭ غۇۋا سايىسىمۇ چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل ھېس قىلىپ، يۈرىكىم دەقىقە بولسىمۇ شوخ تېپىرلىۋالىدۇ. ئاينى ھېسابلىسام، «يەتتە» مېنى تۇتقۇن قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ قان تامچىپ تۇرغان تىرناقلىرى ئارىسىدا ئازابلىق ئېڭرايمەن، ھالسىز تېپىرلايمەن. بىراق، بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كېتىدۇ. دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم «ئېڭگە» دېگىنىمدە، ئانام: «ئوغلىمىز خاسىيەتلىك سان بىلەن بىرلەشتى، ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈللۈك، ئوڭۇشلۇق بولغاي» دېگەنىكەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، كىچىك چېغىمدا كېسەلنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىكەنمەن. ئۇششۇق (يىغلاڭغۇ) بولۇپ قالغىنىمدا، ئانام يەتتە ئۆيدىن يىرىك (پاختا) تىلەپ، يول چاۋىرى تېرىپ ئوتلاپ قاققان؛ ئاۋاق بولۇپ قالغىنىمدا، بىر نىكاھلىق يەتتە ئۆيدىن ئۇن سوراپ، يەتتە كۆۋرۈكتىن ياغاچ قىرىپ ئاش ئېتىپ، يول دوقمۇشىغالاتا قورچاق تىكلەپ ماڭا شىپالىق ئاتا قىلغان؛ مۇشۈك يالاپ قويغان قاچىنى ئانامنىڭ يەتتە قېتىم يۇيغىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. «يەتتە» ماڭا ئېچىل، مەن «يەتتە» گە ئىشتىياق. سەبىيلىكىم «يەتتە» بىلەن قوچاقلاشقاندا، ئانام مېنى يەتتىنچى بولۇپ مەكتەپكە تىزىملاتتى. ئوقۇغۇچىلىق نومۇرۇم «يەتتە»، سىنىپىمىزغا يەتتە رەت پارتا قويۇلغان، يەتتىنچى رېتىدە مەن ئولتۇردۇم، مېنىڭ شۇ چاغدىكى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكىنىمنى بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ، ھاياتىدا مەندەك كۈلگەن ئادەمنى تۇنجى رەت كۆرۈشى ئىكەن، چۈنكى مەن ئەزەلدىن تارتىپ يەتتىدىن ئايرىلمىغانىدىم. مەن يەتتىنچى ئادەم ئىدىم.

«يەتتە» نىڭ ئىلمىكى بوينۇمدىن ئىلىپ، مېنى خالىغانچە سۆرەپ بوزەك قىلىۋاتاتتى.

— مەكتەپتىن بەش كىتاب بەردى، بۇلارنى بەشىنچى نومۇرغىچە تارقىتىپ بېرىمەن، — دېدى مۇئەللىم بىر كۈنى سائەت دەل يەتتە بولغاندا، — ئەگەر ئارتۇق كىتاب بولۇپ قالسا، مەكتەپ بىزگە بىرەرنى بېرىشى مۇمكىن، ئۇنى ئالتىنچى نومۇر ئالىدۇ. يەتتىنچى نومۇردىن باشلاپ كىتاب يوق.

— بۈگۈنكى ئەمگەك ئېغىر، قىزلار قىلالمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم يەنە بىر كۈنى، — ئوغۇللار بەشتىن - بەشتىن گۇرۇپپا بولۇپ ياخشى ئىشلەڭلار! بىرىنچى نومۇردىن ئالتىنچى نومۇرغىچە قىزلار، شۇڭا، يەتتىنچى نومۇردىن ئون ئىككىنچى نومۇرغىچە بىرىنچى گۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى

دومۇرلار بەشتىن بىرلىشىڭلار! قېنى، بىرىنچى كۆرۈپ ئىشقا چۈشۈڭلار!

«يەتتە» خاسىيىتىنى يوقىتىپ قويدى، لېكىن مەن بىلەن رىشتىسىنى ئۈزمىدى. بۇنىڭغا خۇدا سەۋەبچىمۇ، يات كىشىلەرمۇ ياكى ئانامنىڭ دۇئا - تىلەكلىرى تەتۈرىسىگە ئۆرۈلدىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس. مەن يەتتىنچى سىنىپقا چىققاندا، ئانام مېنى يالغۇز تاشلاپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى... دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېلىناتتى. شۇ كۈنى مەن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ئىمتىھانغا قاتنىشالمىدىم. ماناھازىر بۇ ئىشخانىدا يەتتىنچى دەرىجىلىك خىزمەتچى بولۇپ ياللىنىپ ئىشلەۋاتىمەن.

مەن يېڭى كەلگەندە بۇ يەردە ئالتە نەپەر خىزمەتچى بار ئىكەن، مەن يەتتىنچى بولۇپ ئۇلارغا قوشۇلدۇم. بۇ ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ئەمەل تەرتىپىنى بۆلۈم باشلىقىدىن باشلاپ تىزغاندا، يەتتىنچى دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق ئادەم مەن بولدۇم، باشقا ئالتەيلەننىڭ ھوقۇقى تەڭ دېگۈدەك ئىدى. ئۇلار يىل ئاخىرىدا ستاتىستىكا ئىشلەش، باشقا چاغدا گېزىت كۆرۈش، خۇشپۇراقلىق چاي ئىچىش، ئۆز ئارا تۈرلۈك غەيۋەت - شىكايەتلەرنى قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇلار جۈپسان تەشكىل قىلغاچقا، مېنىڭ ئۇلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ، سانىنى تاقلاشتۇرۇپ قويۇشۇمغا يول قويۇلمايتتى. مەن پەقەت ئىشخانىنى تازىلاپ، چاي قاينىتىپ، كەنتىرالەرنى سۈرتۈپ بۇيرۇق كۈتۈپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدىم.

بىر كۈنى مەن ئالىپتە كېيىنىپ ئىشقا كەلگەندىم، بۆلۈم باشلىقى بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس يىغىن ئېچىپ:

— ئادەمنىڭ تېشى يار - پار، ئىچى كور - كور بولسا قانداق بولغىنى؟! قورساقتا بىلىم قانچىلىك، ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقان ئىشىمىز قانچىلىك بولسا، كىيگەن كىيىمىمىز شۇنچىلىك بولسۇن! - دېدى.

شۇنىڭدىن بېرى يېڭى كىيىم كىيىپ ئىشقا كەلمىدىم. كىيىشكە توغرا كەلسە، يېڭى كىيىمنى كۈنىگە قاقلاپ، رەڭگى ئۆڭگەندىن كېيىن كىيىدىغان بولدۇم. چۈنكى، مەن يەتتىنچى ئادەم - دە. ئەگەر بۇ ئىشخانىغا سەككىزىنچى ئادەم كەلسە، مېنىڭ كۈنۈم، ئەھۋالىم ياخشىلىناتتى. بىراق، ھازىرچە سەككىزىنچى ئادەم كېلىدىغاندەك ئەمەس.

بۈگۈن ئىشخانىغا كىرىپ، ئالتەيلەنگە قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇلار دېيىشىۋالغاندەكلا ھەممىسى توپا رەڭ سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، چاقماق يوللۇق گالستۇك تاقاپ، قوللىرىغا جىگەررەڭ قول سومكىسى ئېسىۋاپتۇ. ئۇلار ئۆز ئارا چاقچاقلىشاتتى، كۈلۈشەتتى، گويا بىر جان، بىر تەن ئىدى. مەن يەتتىنچى، ئۇلارنىڭ نېمىگە خۇشال بولۇپ، نېمىگە كۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. مەن ئۇچامدىكى تۆت يانچۇقلۇق چاپان، قولۇمدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۇپۇرگە بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىپ ئاي-
رىلىپ تۇراتتىم...

كەچقۇرۇن بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر دۇكاندا ئېسىغلىق تۇرغان ھېلىقى ئالتەيلەن پار قىلىپ كىيىۋالغان توپا رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىغا كۆزۈم چۈشتى. خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يايراپ كەتتى...

ئۆيدە ھېلىقى كاستۇم - بۇرۇلكىنى كىيىپ، گالستۇكنى چىگىۋاتقىنىمدا، ئايالىم چاي دەملەپ قېشىمغا كىرىپ قالدى، چېھرىدىن غەلىتە كۈلكە ياغدۇرۇپ دېدى:

— پاھ، بەكلا يارىشىپتۇ، مۇبارەك بولسۇن، تۇغۇلغان ئېيىڭىزنى تەبرىكلەي دەپسىز - دە! ياخشى بوپتۇ.

— نېمە؟ تۇغۇلغان ئېيىم؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بۈگۈن يەتتىنچي ئايغا بىر، سىز دەل مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈندە تۇغۇلغان.

يەنە شۇ يەتتە، كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى. ئۇچامدىكى يېڭى كىيىم بەدىنىمنى سىقىۋاتاتتى. قۇياشنى توسۇۋېلىپ، قۇتراۋاتقان قارا بۇلۇتلار، ھويلىدىكى ئۈجمە شېخىغا قونۇۋېلىپ، ئەنسىز ئاۋازدا قاقىلداۋاتقان قاغا بىرەر شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. بەلكىم بۈگۈن قار ياغىدۇ...

ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ يېڭى كىيىمىمنى بىر قۇر تۈزەشتۈردۈم، جىگەر رەڭ سومكامنى قولۇمغا ئۆتكۈزۈۋالدىم، قەددىمنى رۇسلىدىم. ئىشخانىغا كىرىپلا ھەيران قالدىم. ئۇلار بۈگۈن تۇتۇق ھاۋاغا ماسلاشقان ھالدا — بەلكىم ھاۋا بۇلارغا ماسلىشقاندۇ — ئالىي دەرىجىلىك قارا سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، قوللىرىغا مېنىڭ جىگەر رەڭ سومكامغا ئوخشمايدىغان قارا سومكا ئېسىۋاپتۇ. مەن قاغا توپىغا كىرىپ قالغان ئاق كەپتەردەك يەتتىنچى ئورۇندا تۇراتتىم. ئۇلار ماڭا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراشقاندا، بۆرە ئالدىدىكى قوزىچاقتەك تىترەپ كەتتىم. بۈگۈن ئىشخانىدا يەتتىنچىدەرىجىلىك ئەبجەق ئورۇندۇق كۆرۈنمەيتتى، شۇڭا، ئۆرە تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

— يولداش يەتتىنچى، - دېدى بۆلۈم باشلىقى ماڭا غەلىتە نەزەردە قاراپ، - يۇقىرىنىڭ شىتات قىسقارتىش ھەققىدىكى ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سىزنى خىزمەتتىن قىسقارتىشنى قارار قىلدۇق. سىزنى بىز ۋاقىتلىق قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنىدۇق. ۋاقتىڭىز توشۇپ قالدى، باشقا يەردىن ئىش تېپىڭ.

ئىشخانىدىن ئۈن - تىنسىز يېنىپ چىقتىم. مەندە نېمە ئامال؟

يېڭى قۇرۇلغان ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە ئادەم كېرەكلىكىنى گېزىتتىن كۆرۈپ تىزىملاتقىلى باردىم. تىزىملىتىپ بولۇشۇمغا، باشلىق سۈپەت بىركىشى كىرىپ كاتىپتىن سورىدى:

— قانچە ئادەم تىزىملاتتى؟

— يەتتە ئادەم، بۇياق، - دېدى كاتىپ مېنى كۆرسىتىپ، - يەتتىنچىسى.

كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ، دىرىلدەپ تىترەپ كەتتىم. ئىشخانىدىن مېڭىپ چىقتىممۇ، ئۆمىلەپمۇ؟ بىلمەيمەن، سىرتتا مېنى نۇرغۇن «يەتتە» قورشاپ تۇرۇپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختەر ئىبراھىم

ئابدۇسالام ئابلىز

# نەسىرلەر

## چۈقان

1

مەن خۇددى مېنىڭ سايەمگە ئوخشاش ئارقامدىن يۈرگۈنىڭ يۈرگەن، بىراق مەن سېنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلالمايمەن.

چۈنكى، سەن ماڭا يورۇقلۇقتا ھەمراھ بولۇپ، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولىسەن. بىلمىدىم، ئەنە شۇ چاغلاردا سەن يەنە كىملەرگە ھەمراھ بولۇپ يۈرۈيسەنكىن؟

2

مەن ھەر قېتىم ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، سېنىڭ بىچارە كۆزلىرىڭنىڭ ماڭا تىكىلگەنلىكىنى كۆرەتتىم.

ئەپسۇسكى، سەن توكۇر ئىدىڭ. سېنىڭ مېيىپلىقىڭ مېنىڭ مەسخىرە كۈلكەمگە نائىل بولغانلىقىدىن ئىچىمدە شادلىناتتىم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورنىمىز ئالماشتى. مەن تىلەمچى بولۇپ سەندىن سەدىقە تەمە قىلدىم. لېكىن سەن ماڭا بىر بۇردا زاغرا نان بېرىشنىمۇ ھار ئالدىڭ. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى شۇكى، مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن سېنىڭ كۆزلىرىڭنىڭ ھامان مېنىڭ ئۈستۈمدە ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

3

ئۇ كەتتى، ئەلەم ۋە ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ سەندىن بارغانسېرى يىراقلاشتى.

ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئاقارغان چاچلىرى، سارغايغان چىرايى، پۈرلەشكەن كونا كىيىملىرى سېنى دوستلۇرۇڭ ئالدىدا ئۇنى «ئانا!» دەپ چاقىرىشتىن تاندۇردى.

سەن خۇددى ئۈستۈڭدىكى تاغ ئېلىنىپ كەتكەندەك ئۆزۈڭنى يەڭگىل ھېس قىلدىڭ-دە، ئۆيۈڭگە كىرىپلا ھاراقلار قايىنىمى ئىچىگە باشچىلاپ چۆكۈپ كەتتىڭ. رومكىلار توختىماي ئايلىنىپ، يۈزلىرىڭ ئۆپكىدەك قىزاردى، كۆزلىرىڭ ھامان ئالدىڭدىكى قىزغا يالۋۇرغاندەك تەلپۈنەتتى.

سەن بىردىنلا ئۈنئالغۇدىن ئېيتىلىۋاتقان ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ تۇۋلاشقا باشلىدىڭ:

— ھەي ئانا!... «پاقلان سويۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق».

## تەشنالىق

تاڭ ساباسى ئۆزىنىڭ يېقىملىق سۆيۈشلىرى بىلەن گۈل - گىياھلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئويغىتىپ كەتتى. بىچارە شاخ يوپۇرماقلىرى ھەر قانچە يالۋۇرۇپمۇ ئۇنى ئەپ قالالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى.

ئەپسۇسكى، سابا دۇنياغا پەقەت، باشقىلارنى سۆيۈش ئۈچۈنلا ئاپىرىدە بولغانىدى.

ئاھ، ھىجران ئازابى! شاخ يوپۇرماقلارنى سارغايتىپ، نازۇك تېنىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا زارلانماستىن سابانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇ كەلدى، مەجنۇن يوپۇرماق ئۇنىڭغا قاراپ تاشلاندى. ئۇ بىر دەمگىنە ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلىدى-دە، يەرگە چۈشتى.

ئەپسۇس، ئۇ يەنىلا سەرسانلىق ئىچىـ
دە ئۇيان ـ بۇيان سۆرۈلۈپ رەھىمسىز
ئاياغلار ئاستىدا يەنجىلىپ يۈرمەكتە ئىـ
دى. شۇندىمۇ گىگانت دەرەخ ئۆزىنىڭ ئۆلـ
مەس روھىنى نامايان قىلىپ مەزمۇت قەد
كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇ، مەڭگۈلۈك سۆيۈلۈشنىڭ گۇۋاھچىسى،
تەشنالىقنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە باھارنى
يەنىلا كۈتمەكتە .

ئېزىزجان توختىھاجى

# ئەسىرلەر

1

كىشىلەر مېنى مەدھىيىلەپ شەنىمگە
ناخشا-قوشاق ئوقۇشتى، ھەمدۇ سانا ئېيتىـ
تى. بىراق، ھېچكىم بۇ ناخشا-قوشاقلارنى
ئۆزۈمنىڭ يازغانلىقىنى بىلمىدى.

مەن ئۈچۈن سۆيۈنگەن كىشىلەر ھايا-
جانلانغىنىدىن مەيدەمگە قىزىلگۈل تاـ
قاپ قويدى، ئەمما ھېچكىم بۇ گۈللەرنى
ئۆزۈمنىڭ ئۆستۈرگەنلىكىنى بىلمىدى.

تەسىرلەنگەن كىشىلەر يوللىرىمغا پاـ
ياندار سالدى، بىراق ھېچكىم ئاشۇ پاـ
ياندازنى ئۆزۈمنىڭ توقۇغانلىقىنى بىلـ
مىدى.

2

قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. دوستۇم، يولـ
دا بىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ.
پاخپاق ئويناپ قوياشنىڭ ئالدىبۇرۇن
ئۆيگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقماپتۇق.
ئەكەل دوستۇم، پاخپىقىڭنى ماڭا بەر، يانـ
چۇقۇمغا سېلىپ قوياي، بولمىسا ئويناپ
قالىمىز. يەنە ئوينامسەن؟ ياق، مەن
ئەمدى ئوينىمايمەن.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. دوستۇم، ئاسـ
مانغا قارا، ئاي چىقماپتۇ، ئۇ بىزدىن خاـ
پا بولۇپ كۆرەرگە كۆزۈم يوق دېگەندۇ،
يۇلتۇزلارمۇ غۇۋا يېنىۋاتىدۇ، مەن بىلـ
دىم، ئاي چوقۇم بىزنىڭ مۇشۇ ۋاقىتقىـ
چە ئويناپ يۈرگۈنىمىزگە خاپا بولغان.
سەن ئاي بولمىسىمۇ مەيلى دەمسەن؟ ياق،
مەن ئاي كۆڭلىنى ئايايمەن.

ئاڭلاۋاتامسەن؟ غۇر ـ غۇر شامااللار ئاـ
نامنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىۋاـ
تىدۇ، مېنى چاقىرىۋاتسا كېرەك. بەلكىم
سېنىمۇ چاقىرىۋاتقاندۇ، راست، ھەقىقەـ
تەن ئانامنىڭ ئاۋازى، مەن بۇنى جاھانـ
نىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپمۇ پەرق قىلاـ
لايمەن، چوقۇم شۇ! ھەممەيلەن ئىسسىق
ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسا،
ئانام مەھەللە بېشىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ
ئاستىدىكى بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ بالدۇـ
راق كېلىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ.
كەچۈر ئانا ساددىلىقىمنى، مەن ھازىرلا
ئالدىڭغا ئۇچۇپ بارىمەن. ئىككىنچى كەچ
قالمايمەن.

3

مەن ھەر قېتىم سېنىڭ توپىلىق، ئەمما
سېھىرلىك مەھەللەڭگە چىققاندا، سېنىڭ
يىراقتىن ۋېلىسىپىتىم يېنىغا يۈگۈرۈپ
كېلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، مەھەللەڭگە
قانچە قېتىم چىققان بولسام، سېنىڭمۇشۇنـ
چە قېتىم كەلگەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن.

ھەر دائىم «چوكا مۇز ساتىمەن! چوكا
مۇز!» دەپ توۋلىغىنىمدا، سېنىڭ يالڭاياق،
يالاڭباش ھالدا ئۆيدىن، ئېتىزدىن، باغـ

دىن يۇگۇرۇپ كېلىشىڭنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى، هەر قېتىم كەلگىنىڭدە، مەن ئۆزۈمنى سەن، سېنى مەن، سېنى چوكا مۇزسا تقۇچى، ئۆزۈمنى چوكا مۇز ئالغۇچى دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ، يۈزۈم قىزىرىپ ساڭا قاراشقا پېتىنالمايمەن. ئۆزۈمنى سېنىڭ كىنى قولدىن تارتىۋالغان يۈزى قېلىن دوستىغا ئوخشىتىمەن. ئارقاڭدىن ساڭا يېتىشەلمەي قالغان سىڭلىڭنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئاغزىنى تامشىتىپ تەلمۈرۈشىدىن قورقىمەن. چۈنكى، مەن پۇلسىز چوكا مۇز ساتالمايمەن، دادام هەر كۈنى ماڭا ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، مەنمۇ ئاخشىمى پۇلنى دادامغا ساناپ ئۆتكۈزىمەن.

سەن هازىرغا كەلگۈچە ماڭا بىر قېتىممۇ قولۇڭنى سوزمىدىڭ، بىلىمەن سەن مېنى هەر قېتىم كۆرۈۋالغىنىڭغا خوش...

كەل، بۈگۈن ساڭا بىر تال چوكا مۇز بېرەي، بەلكىم بۇ سېنىڭ هەققىڭ بولسا كېرەك، هېلىلا تېپىۋالغان پۇلنى غەللىگە تاشلاپ ئورنىغا ساڭا بىر تال چوكا مۇز بېرەي. ئۇسساپ كەتتىم، ئەمما مەن يېيەلمەيمەن، هېس قىلىمەن، پەقەت بىر قېتىم، بىرلا قېتىم پۇل كۆتۈرۈپ ئالدىمغا «چوكا مۇز ئالىمەن» دەپ كەلگىنىڭنى كۆرسەم ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىمەن. چۈنكى سەن هەر قېتىم ئالدىمغا كەلگىنىڭدە، باشقا تەڭتۇشلىرىڭغا ئوخشاش پۇل كۆتۈرۈپ ئەمەس، قولۇڭ سامان يۇقى، لاي يۇقى، قۇم يۇقى كېلىسەن.

4

مەكتەپتىن كېلىۋاتقۇچە يولدىن ئېزىپ قالغان بىر بالا توڭۇپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇ دىر ـ دىر تىترەۋاتىدۇ. مەن: «ئۇ توڭۇپ كەتسە بولمايدۇ» دېدىم. «ياق، ئۇ توڭۇپ كەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا بارلىق مېهرىمنى ئاتا قىلىۋەتكەن» دېدى قۇياش.

مەكتەپتىن كېلىۋاتقۇچە يولدىن ئېزىپ قالغان بىر بالا قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يىغلاۋاتىدۇ. مەن: «ئۇ يىغلىسا بولمايدۇ» دېدىم، «ياق ئۇ يىغلىمايدۇ، بىز هەممىمىز ئۇنىڭغا هەمراھ» دېدى قۇشلار.

مەكتەپتىن كېلىۋاتقۇچە يولدىن ئېزىپ قالغان بىر بالا هېلىغىچە ئۆيىنى تاپالمايۋاتىدۇ. مەن: «ئۇ ئۆيگە بارمىسا بولمايدۇ» دېدىم. «ياق ئۇ ئۆيگە بارالايدۇ، ئۇ بىزنىڭ بالىمىز» دېدى مەهەللە ئېغىزىدىكى مويسىپىت كىشىلەر.

مەدىنە مۇهەممەت

# نەسرلەر

## ئالمىشىش

تەقدىرنىڭ بىر تەتۈر پەشۋاسى سېنى تۇيۇقسىز، قاتتىق دومىلىتىۋەتتى. مەن خۇشال بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلدۈم. كۈلكەمدىن توختاپ قارىسام، دومىلاپ يۈرگەن سەن ئەمەس، مەن ئىكەنمەن.

## كۆز

سەن بۇلاق كۆز. بۇلاق سۈيى بەك تاتلىق؛ سەن خۇماركۆز، خۇماركۆز بەك ئوتلۇق؛ سەن جادۇ كۆز. جادۇ كۆز بەك يامان... سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭ، مېنىڭ كۆز نۇرۇمنى تارتىپ كەتتى. ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ ؟! كۈچلۈك نۇر ئاستىدا، ئاجىز نۇرنىڭ تېخىمۇ غۇۋالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىنا ؟!...

( ئاخىرى 83 ـ بەتتە )

يالقۇنجان ياقۇپ (تاجىك )

## سېغىنىش كۈيى

كىچىككىنە ئىللىق خانىدە،
بىر مۇھەببەت چايقىلار گويا.
تورۇسلارغا باقسامۇ غەمكىن،
سۇرىتىڭنى ئىزدەيمەن ئاستا.
سەن باردەكلا بىلىنەر ماڭا،
كارىۋىتىمدا مەنلا بار ئەمما.

قۇچىقىڭغا چۆمۈپ كەتكەن چاغ،
ئىقىپ كېلەر ئېسىمگە قايتا.
ئەسلىمىلەر ئۇلغايغانسېرى،
شادلىنىمەن، چۆكىمەن قۇتقا.
كۆرگۈم كېلەر سېنى دائىما،
كۆرەلمەيمەن ھەر كۈنى ئەمما.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بەلكىم،
سۆھبەتلەرگە بولغانسەن ئۈلپەت.
سۆھبەتداشلار تارقىلىپ كەتسە،
سەن يەنىلا قالغانسەن پەقەت.
تىكىلگەندۇ كۆزلىرىڭ يولغا،
مەن ئۇ چاغدا كەلمەيمەن ئەمما.

بۇزۇلغاندا چۈشلىرىڭ يەنە،
ئەندىشىلەر قىلغاندۇ قامال.
«بالام نېمە بولغاندۇ» دەپلا،
ئەنسىرەشتە سۈرگەنسەن خىيال.
كىم تەسەللىي بەرگەندۇ ساڭا؟
مەن خەۋەرسىز يۈرۈيمەن ئەمما.

پۇل تۈگەپ قىينالغاندۇ دەپ،
يۈگۈرۈيسەن پوچتىخانىغا.
قەرزىنىمۇ تۈگىتەي دەيسەن،
پۇلنى ئېرىپ ئاشۇ ياغچىغا.
مەن بىلىمەن كىرىمىڭ ئازلا،
بىلمىدۇرمەي يۈرۈيسەن ئەمما.

كىيىملىرىڭ توپا بولغاندۇ؟
قوزىلارغا بوغۇز بەرگەندە.
سەزمەي ئۆتۈنى، ئۆز ئىشىڭ بىلەن،
مەشغۇل بولۇپ يۈرگەنسەن يەنە.
قاقار ئىدىم بولسام يېنىڭدا،
مەن سېنىڭدىن يىراقتا ئەمما.

خىياللىرىم ئاتلار ساڭا،
يۈرىكىمدە مېھرىڭ لاۋۇلدار.
ئۇزۇن بولدى دىـدارلىشالماي،
ئەنسىرەشتە بالاڭ تولغىنار.
سېنى دېسەم قەدىرلىك دادا،
ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىدۇ، ئەمما...

ئىسمايىل سابىر

## سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرى

1

بۇ جاھاندا يار سېنىڭدەك سەرۋى قامەت بارمىدۇر،
ھۆسنى تولغان ئايغا ئوخشاش خۇشخۇي ھالەت بارمىدۇر.
ئاھۇ كۆزلۈك، جادۇ كىرپىك، يۈزى خۇددى گۈل مىسال،
بىر كۆلۈپ كۆز تاشلىشى مىڭ جانغا ئاپەت بارمىدۇر.

ئۇرنىدى ئىشقىڭ يۈرەككە گۈل يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ،
ئايرىلىشقا دەم سېنىڭدىن مەندە تاقەت بارمىدۇر.
خەستە دىل سۆيگۈڭ تىلەپ ئىشق دەشتىدە ئاۋارىدۇر،
يەتكىلى ۋەسلىڭگە مەندەك زار بىتاقەت بارمىدۇر.
كۈنۈ - تۈن بىدار بولۇپ، بىر تىرىلىپ، مىڭ بىر ئۆلۈپ،
ئاھ سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن تارتماس رىيازەت بارمىدۇر.
ئاختۇرۇپ كۆرگىن ھاياتىم دەپتىرىدىنى بىرمۇ بىر،
يادلىماي ئۆتكەن سېنى دەقىقە - سائەت بارمىدۇر.
مەن مىسال مەجنۇن بولۇپ، كەزدىم سېنىدەپ چۆل - داۋان،
شۇ سەۋەب ئەللەر ماڭا قىلماس مالامەت بارمىدۇر.
«بارچە راھەت بار بېھىشتە» بۇ سۆزۈڭ ئەپسانىدۇر،
ئەھلى ئاشىققا ۋىسالدىن ئۆزگە راھەت بارمىدۇر.
خالى ئىستەر سەن بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى بىر ئۆمۈر،
قىسمىتىمدە بۇ تەرىقە قۇت - سائادەت بارمىدۇر.

2

يار بى شەپقەتتۇر ئۇتى ھەر ئان مېنى ئۆلتۈرگۈسى،
يۈزى گۈلدەك، كۆزلىرى چولپان مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
بىر تەبەسسۇم جىلۋىسىدە يۈز كۆڭۈلنى قىپ ئەسىر،
قاشلىرى يا، ئۇل پەرى پەيكان، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
«يەتتە ئاشىق» دىن ئېشىپ چۈشتۈم مۇھەببەت بابىدا،
مەن گويا پەرۋانە ئۇل گۈلخان، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
يار پىراقىدا ئازاب چەكتىم، ھېسابسىز ۋە لېكىن،
ۋەسلىدىن يوقتۇر خەۋەر ھىجران، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
يار ۋىسالىسىز بېھىشمۇ نەكېرەك؟ بولدى ماڭا —
باغرى شۇنچە كەڭ جاھان زىندان، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
ۋەسلىگە يەتمەي شۇ يارىنىڭ، دائىما ھەسرەت بىلەن،
ئاقتى كۆزدىن ئورنىغا ياش - قان، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
ئىزلىدىم كۆپ، كۆتتۈم ھەم تېخى ۋىسالدىن يوق ئۈمىد،
بولغۇسى ئەمدى نېسىپ قاچان؟! مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
بۇ ھايات ئىچرە كۈلۈپمۇ باقمايسەن بىر رەت ماڭا،
شۇ رەھىمسىز دىلرابا جانان مېنى ئۆلتۈرگۈسى.
ئەيلىمە يار دوست ۋە دۈشمەن ئالدىدا شەرمەندە - خار،
كۆپ ئازابقا قالمىسۇن ۋىجدان، مېنى ئۆلتۈرگۈسى.

3

خار ئېتىپ پاك سۆيگۈنى تاشلاپ كېتەرسەن ئېھتىمال،
ياكى ئازرۇلاپ مېنى قانماي سۆيەرسەن ئېھتىمال.

www.uyghurkitap.com

ئەس ـ ھوشۇم سەندە پەقەت كۈن ـ تۈن بىدار ئويلاپ سېنى،
ئەلتىپات قىلماي تېخى دىلنى ئېزەرسەن ئېھتىمال.
ياكى دەرد كەلسە ماڭا تەڭ كۆتۈرۈپ غەم يۈكىنى،
كەلسە شادلىق جۆر بولۇپ، بىللە كۈلەرسەن ئېھتىمال.
رەھمۇ ـ شەپقەتسىز پەلەك سالسا جۇدالىق يولىغا،
بىر ئەمەس مىڭلاپ بېقىپ، زار ـ زار كۈتەرسەن ئېھتىمال.
ئىنتىلىپ تۇرسا يۈرەك ۋەسلىڭنى ئىزلەپ قان يۇتۇپ،
ئۆزگىلەرنى ياد ئېتىپ ئويلاپ يۈرەرسەن ئېھتىمال.
نە ئەجەب كۆرۈپ مېنىڭ قەدرىمنى سەن خەس ئورنىدا،
سەن ئۆزۈڭنىڭ قەدرىنى ئالتۇن بىلەرسەن ئېھتىمال.
ئېرىشىپ چىن سۆيگۈگە ئىچسەڭ ۋىسالىنىڭ مەيىنى،
بال ئەمەس زەمزەم كەبى لەززەت سېزەرسەن ئېھتىمال.
سەن گويا ئاسماندىدەك كۆككە قارايمەن تەلمۈرۈپ،
ساپ ئەقىدەم قەدرىگە بىر كۈن يېتەرسەن، ئېھتىمال.
ئالمىدىڭ جاننى، ئېلىپ بولدۇڭ يۈرەك پارەمنى سەن،
قايتۇرۇپ بەرمەي تېخى سەرسان ئېتەرسەن ئېھتىمال.

ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

## غەزەللەر

1

بولۇپسەن دىلبىرىم ئوتلۇق تېنىڭنى ياتقا يار قىلماق،
كېرەكمۇ ئۇشبۇ قەلبىڭدە بىرەر نۇقسانىنى بار قىلماق.
يۈزۈڭدىن بالقىتىپ كۈلكە ئەجەب سۆيگەنىدىڭ باشتا،
بولۇپ قالدىڭ نېچۈن ئەمدى ئاشۇ بىر سۆيگۈڭنى خار قىلماق.
ئوغۇزدەك سۇپ ـ سۈزۈك قەلبىڭ زاۋالدەك پەردىسىن ياپتى،
سېنىڭ مەقسەت ـ مۇرادىڭمۇ مېنى خەس، خارۇ زار قىلماق.
مېنىڭ ھېچبىر نىدايىم يوق ئىدى دىلبەر نېمە قىلساڭ،
بىراق بەكمۇ ئېغىر كەلدى بۇ يولغا ئىختىيار قىلماق.
شۈكۈر ئەيلە ـ بېرىپ تاقەت، نىگارىڭ كەتسىمۇ تاشلاپ،
بىراق قالدى ساڭا نەزمەڭ بىلەن قىشنى باھار قىلماق.

2

نىگار ھىجران ئوتۇڭ بىرلە ئازابقا مۇپتىلا بولدۇم،
تاپالماي سۆيگۈگە ئىمكان شارابقا مۇپتىلا بولدۇم.
چېچىڭنىڭ بەھرىدىن تامغان ھىدىڭدىن مەست بولۇپ ئاخىر،
«غېرىب»، «مەجنۇن»، «قەلەندەر» دەپ ئاتاققا مۇپتىلا بولدۇم.

كېچە مەھەللەڭ تەرەپبالەن سېنى كۆرمەك بولۇپ، ئەپسۇس،
ئېتىپ چالما دېزىزەڭگە چاتاققا مۇپتىلا بولدۇم.
سازايى ئەيلىدى ئەللەر مېنى «ئوغرى»، «بۇزۇق» چاغلاپ،
سېنىڭ ۋەسلىڭنى دەپ ئاخىر مازاققا مۇپتىلا بولدۇم.
ئايا دىلبەر سەۋر ـ تاقەت قاچام ئاخىر سۇنۇپ كەتتى،
مېنى قۇتقاز بۇ قىسمەتتىن توزاققا مۇپتىلا بولدۇم.

3

سېنىڭ گۈلدەك باھارىڭغا لاۋادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم،
گۈزەل تاڭدەك باھارىڭغا ناۋادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم.
چېچەكلەر خۇش ـ بۇيى نازىغىپ لېۋىمگە لەۋنى ياققاندا،
بولۇپ مەمنۇن ئۇزۇن كۈتكەن داۋادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم.
مېنى مەست قىلدى كىم ـ كىملەر يېشىشكە مەن ئامال ئىزدەپ،
بەخت بوستانىدا تىنغان ھاۋادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم.
ئۆزۈڭ مەشھۇر ئۇلۇغ جايسەن خىزىرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان،
ئاشۇ جەننەت كەبى ئىللىق دالادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم.
ئاۋامنىڭ قەلبىدىن يانغان، مۇبارەك سازلىرىن چالغان،
پۈتۈن ئىقلىمنى بىر ئالغان، سادادىن سىن ئېلىپ كۈلدۇم.

4

سەن مېنى دوستۇم دېسەڭ ھەرگىز قاۋاققا زورلىما،
گەر كىرىپ قالسام ئېزىپ ھەرگىز ھاراققا زورلىما.
گەرچە مەي بولغان بىلەن ئېھ سۇپ ـ سۈزۈك زەمزەم كەبى،
بار ئۇنىڭ كۆپ خورلۇقى ھەرگىز ئازابقا زورلىما.
مەيلى مەن قالسام ئىشق ھىجران ئوتىنىڭ دەردىدە،
مەي ئالار دەردىڭنى دەپ، ھەرگىز چاتاققا زورلىما.
ئەر ئىچەر ھەم ئەر چېكەر دەيدىغان نەيرەڭ بىلەن،
پەس قىلىپ ئەل ئالدىدا ھەرگىز مازاققا زورلىما.
مەيلى باي، مەيلى گاداي ھەممە باراۋەردۇر تامام،
قوغلىشىپ راھەت ـ بەخت ھەرگىز ئاتاققا زورلىما.
ۋاقتى كەلسە راشىدىن سۆزىدىن يانماسمۇ دەپ،
زورۇقۇپ، ئاۋارە بوپ ھەرگىز « سىناققا » زورلىما.

**ئابدۇللا روزى**

## شېئىرلار

**بىلمىۋالدىم سۆيگۈ سىرىنى**

سۆيگۈ ئۈچۈن ۋىسال ئىزدەپ كۈن ـ كېچە،
سىياقىمنى ساھىللارغا ئوخشاتتىم.

تاپتىم ۋىسال قالدىم بىراق ھىجرانغا،
سەۋەب نېمە مەن خىيالچان بوپ قالدىم.

بىلمىۋالدىم چىن سۆيگۈنىڭ سىرىنى،
تالاي ھىجران كۆلپەتكە چۆلغىنىپ.

گاھى چاغدا شادلىقىمدىن سەكرىسەم،
گاھى چاغدا مىسكىنلىكتە تولغىنىپ.

سۆيگۈ ئىكەن ئاچچىق، شېرىن تىلسىمات،
بىر چېتى يوق داۋاملاشقان يول ئىكەن.
غۇرۇر ھەمدە ساداقەتنى بىلگەنىنىڭ،
يوللىرىغا ئۈنمەيدىكەن شۇم تىكەن.

### سەلكىن سۆيگۈ

سەلكىن - سەلكىن ئىدى يۈرىكىم،
ئېغىر ئاھلار تارتمىغان زىنھار.
تاتلىق - تاتلىق كۈلەتتىم غەمسىز،
ئەمدى نىچۈن چېكىمەن ئاھ، يار.

يىراق - يىراق شۇنچە يىراقتىن،
ھىدلىرىڭنى ئەكەلەر شامال.
سەلكىن - سەلكىن سۆيگۈ قوينىدا،
بۇلاق كەبى بەھوشتۇر خىيال.

### بولايلى بىز شۇنداق يېقىن دوست

يۈلتۈز بولۇپ جىمىرلايسەن بىر يەردە،
مۇھەببىتىم ئاۋارىدۇر سەن ئۈچۈن.
ئارىمىزدا چىن سۆيگۈ ھەم ھۆرمەت بار،
ياشىمايلى ساختا ھەۋەس، تەن ئۈچۈن.

يۈرىكىمنى، قوللىرىمنى يۇيدۇم مەن،
ساداقەتنىڭ جامىلىرىغا سۇ ئېلىپ.
يۈرىكىڭنى، قوللىرىڭنى بەرگىن سەن،
سەنمۇ شۇنداق ساداقەتكە تۇغ سېلىپ.

ئارىمىزدا كىر يوچۇقى قالمىسۇن،
كىردىن كېلەر ئارىمىزغا كېسەللىك.
كۆيۈشتۇق بىز ھۆرمىتىمىز تەڭ بولسۇن،
قىلىشمايلى ئۆزىمىزگە مەنمەنلىك.

سىردىشايلى، مۇڭدىشايلى ئارزۇدا،
بەختىمىزگە... كەلگۈسىگە قۇت تىلەپ.
«كۆزدىن يىراق...» خىيالغا لىب كەلمىسۇن،
يېقىن كۆڭۈلنىڭ سۇيلىرىگە چىش بىلەپ.

تەنقىمىز توختىغۇچە جاھاندىن،
خۇش كۈلكىلەر جىلۋە قىلسۇن يۈزلەردە.
شۇنداق قايناق بىر ئۈلگىلەر قېپ قالسۇن،
داستان بولۇپ نەۋرىلەرگە سۆزلەردە.

زۆھرە توختى

### ۋىسال شادلىقى

ئېسىڭدىمۇ بېغىمغا كىرىپ،
تام ياقىلاپ يېنىمغا كېلىپ.
سۆز تاپالماي قىلغۇدەك جېنىم،
تۇرغانلىرىڭ ماڭا تىكىلىپ؟

سۆز تاپالماي قىلغۇدەك ماڭا،
قارىچۇقۇمدىن ئىزلىدىڭ سىما.
تىرنىقىمغا ئاغدى كۆزلىرىم،
شۇ ئەمەسمۇ مەندىكى ئىما.

ئېسىڭدىدۇر تەلمۈرگەنلىرىڭ،
ئېسىمدە بار تەلپۈنگەنلىرىم.
ئاھ ئۇلارغا بېرىپ خاتىمە،
ۋىسال تېپىپ سۆيۈنگەنلىرىم!

شېرىنگۈل تۇرسۇن

### شائىرغا

دىلىڭغا سىغمىغان سۆزنى ، تىلىڭغا ئالمىغىن شائىر،
سۇ تۈگىگە سۇ قېتىپ ماختاپ ، نەزەردىن قالمىغىن شائىر.

ئۆزۈڭ بۇلبۇل تۇرۇپ ئەسلى ، نەھاجەت قاغىنى دوراش،
ساتارنىڭ ئورنىغا داپنى ئەجەمگە چالمىغىن شائىر.

ئىجاد شوڭقارىدەك قاڭقىپ ، ئېگىز ئۇچماقنى ئويلانساڭ،
ئۆزۈڭ بىلمەس باياۋانغا ئېتىڭنى سالمىغىن شائىر.

ھەقىقەت دەپ ياشا مەڭگۈ ، كۆيۈڭ ئەل كۆڭلىگە ياقسۇن،
ئۆلۈم كەلگەندىمۇ باشقا ، سۆزۈڭدىن تانمىغىن شائىر.

ئىجاد ئىشقى بىلەن يانساڭ ، بولۇپ تاھىر كەبى ئاشىق،
چىدام ، غەيرەتنى قىل ھەمراھ ، يولۇڭدىن يانمىغىن شائىر.

**تۇرسۇنجان ھەسەن**

## جاھان

بۇ جاھاندا لەززەتنىڭ،
تولا ئىكەن ئالدىمى.
بىز ئىنتىلگەن سۆيگۈنىڭ،
چوڭقۇر ئىكەن قايىنمى.

ئاشىق - مەشۇق كۆيۈشۈش،
چوڭى ئىكەن جەۋرىنىڭ.

جۇپ يۈرەككە قىلىنغان،
چاقچىقىكەن تەگرىنىڭ.

بىرسى ۋىسال قۇچقاندا،
چىن سۆيگۈدە تاۋلىنىپ.
بىرسى «مەجنۇن» بولاركەن،
بۇ جاھاندا تاللىنىپ.
يەنە بىرسى يۈرەركەن
ياپراق كەبى سارغىيىپ.

( بېشى 77- بەتتە )

**بەيگە**

ھاياتلىق مۇساپىسى — بەيگە. مەن ئو-رۇق بىر ئات مىنىپ بۇ بەيگىگە قاتنىشى-مەن. مازاق قىلماڭ! بۇ ئات، تۇلپار بو-لۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ھەيكەل**

مەن كوچا دوقمۇشىدا چىرايلىق بىر ھەيكەلنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قەددى-قامىتى-دىن بەكمۇ زوقلاندىم . ھەيكەلگە قاراپ تاتلىق بىركۈلۈمسىرىدىم-دە، يولۇمغا راۋان بولدۇم. تۇيۇقسىز بىرسى مېنى چاقىرغاندەك قىلدى، مەن دەرھال ئارقامغا قارىدىم.

- تواۋا!!!!...

ھېلىقى «ھەيكەل» ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى...

تۇرغۇنجان تۇرسۇن

# سۆيگۈ ئىلاھى

(نەسىر)

بىر كۆرۈپلا ساڭا ئاشىق بولۇپ قالدىم. كۈنلەر ئۆتۈپ سەنمۇ ماڭا ئېجىل بولۇپ قاپسەن. بىز سۆيگۈ سەيلىگاھلىرىدا بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتتۇق. ھېچ ئۇقمىدىم، مۇھەببىتىمىزنىڭ تازا ئىللىق پەسلىدە تۇرۇپ- تۇرۇپلا يوقاپ كېتىسەن. ئاھ، ئېيتقىنا، سېنى قايسى پەسىلنىڭ ئەركە شاماللىرى ئوغرىلاپ كېتىۋاتقاندۇ؟!

بىر كۈنى نامەلۇم بىر سۈرەتخانىنىڭ سۈرەت تاختىسىدا بىر يىگىت بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىڭنى كۆرۈپ قالدىم، سېنى يوقىتىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ دەرھال ئىزدەشكە باشلىدىم، تويۇقسىز باغچىدا غىل- پال كۆزۈمگە چېلىقتىڭ، ئارقاڭدىن تېز يۈگۈردۈم، سەن نېمە دېگەن تېز يۈگۈرۈيسەن- ھە؟

مەن ۋولقاندەك يېنىپ تۇرغان سۆيگۈ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بەكلا قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. ئاللاغا يۈز مىڭ ئىلتىجا ئىلكىدە نالە- زار قىلىۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە سېنى يەنە ئۇچرىتىپ ۋە مەندەك بىر مىسكىننى قولتۇقلىۋالامدىكىن دەپ قول ئۇزاتتىم، بىراق مەن نەدىن بىلەي، قارىسام، جۈپ قولۇڭ باشقا بىر يىگىتنىڭ بوينىدا ئىكەن...

مەن ئىشقى- پىراقتا مەجرۇھ بولۇپ يېتىپ قالغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئالەمگە تەڭداشسىز بىر ساھىبجامال يېنىمدا پەيدا بولدى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق بىر كۆلەيدىم، ئۇ تىكىلىپ تۇرۇپ: «ئاللا مېنى سېنى قۇتقۇزۇشۇم ئۈچۈن ئەۋەتتى» دېدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ھېلىقى ساھىبجامالدىن گۈزەللىك تىلەپ، ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپسەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ، ئەتىسى ساھىبجامالنى مەھكەم قولتۇقلىۋالدىم.

روزىجان سايىت

# نەسىرلەر

### ھايات شۇنداق

كەل، مېنىڭ ئىلھام ئاتلىق دىلبىرىم، سېنى ئۇزاقتىن بېرى تەقەززا قىلغان، شېرىن پەرھادنىڭ يولىغا تەلمۈرگەندەك ئىنتىزار قىلىپ قاراتقان، كۆڭۈل قەسرىمدىكى پىنھان سۆيگۈمنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي:

دائىم دىدارلاشقىنىمىزدا، «سېنى سۆيىمەن» دەپ قۇچاق ئاچقىنىمدا، ئۆزۈڭنى قۇچىقىمغا ئېتىپ شادلانغان بولساڭ،



بۈگۈن ھاياتلىق ئاچىلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئاللىنىمەلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. يېقىنلاشسام، ھەممىسى ئۆزىنىڭ «تەقدىرى» ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپتۇ. مەنمۇ بۇ ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى، ئاندىن سېنى تىلغا ئالدىم. سېنى باغرىغا بېسىپ ئوتلۇق قەسەملەرنى بەرگەن مەندەك ئاشىقىڭنىڭ قىلمىشىدىن خەۋەردار بولغىنىڭدا، «ۋاپاسىز» دەپ ئەيىبلەپ زارلانمىغايسەن.

ھايات شۇنداق، زارلىما ئاپپىقىم!

## يىغا ۋە كۈلكە

ئانا بىردىنلا دۇنيادىكى ھەممە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلغاندەك ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، مىڭ تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى-دە، غەمسىز ياتقان بوۋاققا قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. بوۋاقمۇ ئانىسىغا قاراپ كۈلدى.

ئانا ياستۇققا بېشىنى يەڭگىلگىنە قويدى-دە، ئاستا-ئاستا كۆز يۇمدى.

ئۆي ئىچىنى بىردىنلا يىغا-زارە قاپلىدى. بوۋاق بولسا دۇنيادا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنىلا كۈلەتتى.

## گۈل ۋە تىكەن

بۈگۈن سەھەردىلا باغقا كىرگەن باغۋەن باغدىكى سەر خىل گۈللەرنىڭ ئۆزىگە خۇشچىراي ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ شادلاندى.

«قېنى بىر تال ئۈزۈپ نەۋرەمگە تۇتايچۇ!» ئۇ شۇ ئۈمىدتە گۈل ئۈزمەك بولۇپ قول ئۇزاتتى-يۇ، لېكىن بىردىنلا قولىنى ئىتتىك سىلكىپ تارتىۋالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئاۋۋال قاپارغان قولىرىغا، ئاندىن قولىغا سانجىلغان گۈل تىكىنىگە قارىغانچە تۇرۇپ قالدى.

مۇساجان ئىمىن

## كۆككۆمدىكى لىرىكا

شۇنداق بىر قۇلۋاقنى ئۇچراتساڭ ئەگەر،
دەھشەتلىك دولقۇنلار سۈرۈپ قوغلىغان.
قىپقىزىل ئوت شارى پاتسا غەربكە،
ئۇيقۇدىن زېمىن مەست، ھايات توختىغان...
قۇرام تاش ئۈستىگە چاچ ياپسا كۆككۈم،
شاۋقۇنلار قېتىغا سىڭەر كۈلەڭگە؛
كەچمىشلەر ئېسىڭگە چۈشىدۇ — شۇ تاپ،
چىشىڭنى باسسەن يار سۆيگەن لەۋگە.
ھۇشقىيتىپ بورانلار يەلپۈر چېچىڭنى،
نەدىندۇر ئاڭلىنار بوۋاق يىغىسى.
بۆشۈكنىڭ يېنىغا كېلىدۇ — ئانا،
ئېيتىدۇ بىر مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسى.

دەريانىڭ ساھىلى: تۇرىسەن تەمكىن،
كۆرۈنەر يىراقتىن كۇڭگا بىر چىراغ.
مەگزىڭدە يالتىرار ئەسلىمە يېشى،
قىينايدۇ يۈرەكنى، قىينايدۇ پىراق.
بېلىجان ھەيراندا سورايدۇ، سەندىن،
«ئېھ، سەيياھ بۇ يەردە تۇرىسەن نېچۈن؟»
بېشىڭنى چايقايسەن، ئاستا ئۆمچىيىپ،
جاۋابنى ئاڭلىماس، ئۇيقۇدىكى كۈن.
باھارنىڭ كېچىسى، قارايغان ئەتراپ،
قۇملۇقتا پۇرايدۇ، قىياقنىڭ ھىدى.
خىيالىنى بۇزىدۇ، ھالسىز چېكەتكە،
شۇ تەلۋە بوراندا سايرىغان پېتى.

يادلايسەن مەيۇدتەك، ئاشۇ ئىسمىنى،
ئىچىمدا بىر سوئال يۇرۇيدۇ لەيلەپ.
بىلمەيسەن قۇلۇاقنىڭ سەپىرى قايان ؟...
بەلكىم ئۇ دەريادىن كەتكەندۇ پەسلەپ.

بىر گەۋدە ساھىلدا تۇرىدۇ ئۇزاق،
ئازابلار قەلبىنى ئاچچىق بىر سوراق.
بىلمەيدۇ قاياققا كەتتىكىن قولۇاق،
ئاھ، ئانا قېنىڭكىن،
يىغلايدۇ بوۋاق.

مېھرىبان ھاشىم

## ئارزۇيۇم، كۆڭلۈم شاد ياشىسام ئەبەد

نە ئۆچۈن سۆكۈتتە تۇرىمەن جىمجىت،
يار ئۆچۈن مۇڭلىنىپ، دائىم ئاھ ئۇرۇپ.
ھاياتىم باھارى— ياشلىق گۈللىرىم،
ئۆتەرمۇ شۇ ھالدا دەردكە قۇل بولۇپ.
ئېيتقىنا ئەي ئىنسان، ئېيتقىنا تېزراق،
قالدىممۇ ۋە ياكى «گۇناھكار» بولۇپ.
نە گۇناھ ئۆتۈلدى بىلمىدىم، بىراق —
يىغلاپلا ياشىدىم، يىغلاپ تۇغۇلۇپ.

ئىنسانىڭغۇ دۇنياغا يىغلاپ كۆز ئاچار،
ۋە لېكىن، خالىماس يىغلاشنى كىشى.
تۇغۇلۇش بىلەنلا باشلانغانمۇ تەك،
كۆڭلۈمنىڭ ھەسرىتى، كۆزۈمنىڭ يېشى.
زارلايمەن، سۆكۈتتە ئۈنسىز بوغۇلۇپ،
نە سۆيگۈ، نە تۇرمۇش ماڭا بەكمۇ يات.
ئارزۇيۇم — كۆڭلۈم شاد ياشىسام ئەبەد،
رازىدىم باشقىنى بەرمىسە ھايات.

مۇھەممەتجان ياسىن

## ئىككى شېئىر

### سۇمۇرغ ناخشىسى

مەن بارماقچى بېلىق يۇرتىغا،
نۇر جۇلاسى ئەمگەن دېڭىزغا.
قايتىلانماس قەدەملىرىمنى،
بىلىپ قالغىن ئىزلەپ ئىزىمدىن،
(ياكى ئىشەن ۋە يا ئىشەنمە)،
سوراپ بىلگىن قۇياش قىزىدىن،
پەرۋاز قىلغان ئۇمىدلىرىمنى.

سەن مەن ئۆچۈن تۆرەلگەن بىر قۇش،

مەن سەن ئۆچۈن تۆرەلگەن بىر قۇش،
چاڭگىمىزنىڭ ئاستىدا تېخى
سايرايدۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
ئىككىمىزچى بىر ئالەمگىمۇ ھەم،
سەيلە قىلىپ چىقماقچى ئىدۇق.
ۋېناس بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ،
بىر قەدەھتىن ئىچمەكچى ئىدۇق.
بىراق
ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قىزچاق،
دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا،

هوزۇرلىنىپ كەتتىڭ ئۇيقۇغا.
مەن بىلمىدىم بىلمەيلا قالاي،
سېنىڭ ماڭغان قىسقا يولۇڭنى،
كۆرمەي سېنى ماشىناڭنى ھەم،
كېتىپ قالدىم قۇياش يۇرتىغا.

### ئۈمىدلىرىم

ئۈمىدلىرىم
ئوغرىلايدۇ قىرتاق ھېسلارنى،
كۆك بۆرىگە ئەگىشىپ تاغدا،
يول ئالىدۇ نۇرغا - قۇياشقا.
ماڭلىيىغا دەسسەپ ئۇپۇقنىڭ،
كۈۋەجەيدۇ ئۇرۇلۇپ تاشقا.

ئوبۇلقاسىم روزى

## دەككە - دۈككە ئاتەش نىگاھلار

كۆزلەر ئەجەب ئىللىق بېقىشار،
ئاختۇرۇشۇپ قارىچۇقتىن سۆيگۈ.
نە ئۇندا بىر يوقتۇر ئېتىراز،
تۇراز ۋىسال قۇچقاندەك مەڭگۈ.
كىشەندىكى ھالىسىز مەھبۇستەك،
لېكىن، قەددىم ئاستا بەك ئاستا.
ئۇچراشقاندا ناگان - ناگاندا،
سۆزلەر ئۈزۈك، پارماقلار قاستا...
بولغاچ ئايان يۈرەك تىۋىشلار،
ئىزدىشىدۇ ئاتەش مېھرىنى.

ئەپسۇس يەيدۇ، مىڭ ئەپسۇس شۇدەم،
كۆرمەي دەقىق جانان چېھرىنى.
بۇندا يىگىت بىتاقەت بولۇپ،
كېچە تىنىمسىز، چېكەر دەرۋازا.
قىز ئۇيقۇدىن ئويغىنار چۆچۈپ،
چىقالمايدۇ، تۇراز بىر ھازا...
شۇنداق قورقۇش، تەشۋىشلەر ئارا،
پاك سۆيگۈلەر يېتىمدۇر، سەرسان.
تاتلىق تۇيغۇ، ئاچچىق سېزىملار،
كۆكرەك كېرىپ، سۈرمەكتە دەۋران.

(بېشى 111- بەتتە)

### نېمە ئىلاجىم

ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا ئەزالارنى قاتار قىلىپ جاڭگاللىغا ئىشقا ئەكىتىۋاتقان باشلىق، روزاخۇن موللامنى مازاق قىلىپ:

— موللام، تەخەيدەك ماڭماي تېز ماڭسىلا، - دەپتۇ.

— تۇزلىرى ئېشەكتەك ماڭغاندىكىن، - دەپتۇ موللام رەددىيە بېرىپ، - مېنىڭ تەخەيدەك ماڭماققا نېمە ئىلاجىم!

### ئېغىلدىكى كالا ماخۇغا يۆتكەلدى

روزاخۇن موللامنىڭ بىر بالىسى ئەتەرەتنىڭ ئەمگەككە چىدىماي ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقىپ كېتىپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەت كەپتۇ. خەتتە: «... مەن × × چېپىلا ئاقسۇدىن كۇچاغا يۆتكەلدىم ...» دېيىلگەنىكەن. خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە:

— ئوبدان قىپسىز بالام، شۇ كۈنىسى تاماق قەرزىڭىز ئۈچۈن، ئېغىلدىكى بىر كالا ئەترەتنىڭ ماخۇرىغا يۆتكەلدى، - دەپتۇ خەتنىڭ بېشىنى كۆتەرمەيلا موللام.

ئاتنكه زەمەرى ( تاجىك )

# مۇز تاغ يۈرىكى

(ھېكايە)

1

ئارماننىڭ قەلبى كەڭ گىرۋەكلىك ھەم
چوڭقۇر ئەينەك كاسىسىغا ئوخشايتتى، بۇ
كاسىسىغا ئۇ ئۆز ئىستىقبالىغا بولغان يۈك-
سەك ئىشەنچ تۇيغۇسى ناھايىتى كۆپ ئار-
زۇ ئۈمىد شارابىنى تولدۇرۇپ كەلمەك-
تە ئىدى، بۇ شاراب شۇنچىلىك سۈزۈك
ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەكسىدە پارلاق كەلگۈسى
بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ياشلىق
مۇھەببەتنىڭ نۇر شولىسى ئەكس ئېتەتتى.

ئارمان مەكتەپكە يېقىنلاشقانسېرى قە-
دىمىنى تېزلەتتى، تومۇز ئاپتىپىدا قا-
رىداپ سەل جۈدىگەن چىرايى ئۈمىدۋار-
لىقتىن پەيدا بولغان ھاياجان تەسىرىدە
سۇس قىزارغانىدى، مەكتەپ قوروسىدا ھېچ-
كىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ تامدىكى ئىمتىھان
نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان جەدۋەلگە باش-
تىن - ئاخىر قاراپ چىقىپلا كۆزلىرىگە
قارىغۇچىلىق تىقىلىپ ئىسمىنى يوقاتتى،
ئوچۇق ھاۋادا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپ
تاراسلاپ مۆلدۈر يېغىۋاتقاندەك، دەريادا
قىيان ئۇلغىيىپ قەلبىدە مەۋجۇت بولغان
ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك
دەھشەتلىك بىر ھال روي بەردى. جەد-
ۋەلدە ئۇنىڭ ئىسمى يوق ئىدى.

دېمەك، ئەينەك كاسا سۇنۇپ ئۇنىڭ-
دىكى لىقمۇ - لىق شاراب تۆكۈلگەنىدى،
ئۇ ئېلىشىپ قالغاندەك تاققا - تۇققاڭ
دەسسەپ ئارقىسىغا ياندى، «تۆگەشتىم،
پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، ئەندى قانداق قى-
لىمەن؟ داتۇڭغا① قانداق بارىمەن؟
ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا تەييارلىق ئىم-
تىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، داشۆ ئىمتىھانىغا
قاتنىشىش سالاھىيىتىم يوق دەپ بارىمەن-
مۇ؟ ئۇلارنىڭ يۈزىگە نېمە دەپ قارايمەن؟
ئۇلار مېنى نېمە مەقسەتتە ئوقۇتتى؟ شۇن-
چە يىل ئوقۇغىنىمنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى
شۇ بولدىمۇ؟ ئاھ خۇدا!... سەرۋىناز ئال-
لىقاچان ئاڭلاپ بولغاندۇ؟ بۇ مەن توغ-
رۇلۇق نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ بەلكى
كۆڭلىدىن چىقىپمۇ كەتكەندىمەن، ئاتا -
ئانام مەندىن خۇشخەۋەر كۈتۈپ تا-
قەتى تاق بولۇۋاتقاندۇ، مەنچۇ، مەن ئۇ-
لارغا شۇم خەۋەر ئېلىپ بارىمەن، ياق،
داتۇڭغا بارمايمەن، بارمايمەن!...» ئار-
مان ئىنتايىن روھسىز ھالدا ئاستا - ئاستا
مېڭىپ ناھىيە كوچىلىرىدىن چىقتى - دە،
كونا قەلئەگە يېتىپ باردى، كۆك قەرىگە
تىكلەشكەن قۇياش چوغدەك يېنىپ تۇرات-
تى، كونا قەلئەنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە
بوران - چاپقۇن تەسىرىدە خارابىغا ئاي-
لانغان تاش تاملىرىدىن، توپا - شېغىل
دۆۋىلىرىدىن ئوت - يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى،
پەستە كەڭ شەۋەرلىكنىڭ تۆۋىنىدە تاشقۇر-
غان دەرياسى كۆۋۈدەپ ئاقماقتا ئىدى،
ئارمان بىر قىسمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن

① تاشقورغاننىڭ يەكەن ناھىيىسىگە تۇتىشىدىغان يېزىسى.

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

تاش تام ئۈستىگە چىقىپ «شاھ ئەۋلىيا»
مازىرى تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇردى،
ئۇنىڭغا ھازىر تەبىئەتمۇ، ھاياتلىقمۇ
قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇل-
ماقتا، قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىمۇ ئۇنىڭ
بەدىنىگە تەسىر قىلالمايتتى، ئەتراپتىكى
تاغلار، گىياھلار ئۇنى مەسخىرە قىلىۋات-
قاندەك كۆرۈنەتتى، يىراقتا كۆككە بوي
سوزۇپ چوقچايغان «مۇز تاغ ئاتا» ئۇنىڭ
دەرد - ئەلەمىنى، پىغان - زارىنى ئاڭ-
لىمايتتى، چۈنكى ئارماننىڭ نەزەرىدە ئۇ
چوققىمۇ مەڭگۈلۈككە ئۇخلاپ قالغاندەك،
ھەرگىز ئويغانمايدىغاندەك ئىدى.

«شاھ ئەۋلىيا» مازىرىنىڭ نېرىسىدىكى
سۆگەتلىك — تەبىئەت دۇنياسىغا ئۆزگىچە
بىر گۈزەللىك بەخش ئېتىپ تۇراتتى، بۇ
گۈزەللىك- ئارماننىڭ دىققىتىنى ئانچە
ئۆزىگە مەپتۇن قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ
گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ كەينىدە كۆزگە تاش-
لىنىپ تۇرغان ئۆگزە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرا-
نىدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر قەسىر-
نىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلاتتى. بۇ قە-
سىردە ئۇنىڭ گۈزەل مەھبۇبى، سۆيگەن
يارى سەرۋىناز ياشايتتى، ئارمان ئۆگزىگە
تىكىلىپ ئولتۇرۇپ تەبىئەت ۋە ھاياتلىق-
نىڭ قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتمىگەنلى-
كىنى، بۇ دۇنيادا مەۋجۇت دەپ قارالغان
نەرسىلەرنىڭ ھېلىمۇ ھاياتىي كۈچىنىڭ
ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى:

ھېيت - بايرام كۈنلىرى سەرۋىناز يې-
راقتىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىنى
ئۆيىگە چاقىراتتى، شۇ قاتاردا ئارمانمۇ
بار ئىدى ئەلۋەتتە، سەرۋىنازنىڭ ئۆيى-
دىن يېلىبويى سۈت - قېتىق، قايماق،
سېرىقماي، گۆش ئۈكسىمەيتتى، سەرۋىناز-
نىڭ ئاتا - ئانىسى ئاق كۆڭۈل،
مېھماندوست ئادەملەر بولۇپ، ساۋاقداشلار
خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك تارتىنماي يەپ-
ئىچىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشاتتى،
ئارمان سەرۋىنازنىڭ ئانىسىنى كۆرگەندە ئۆز
ئانىسىنى كۆرگەندەك شادلىققا چۆمەتتى، سۆ-
يىنەتتى. سەدەپخان ئاچىمۇ ئۇنىڭغا بۆلەكچە
قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ قولىدىن كېلى-
شىچە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى، سەرۋىناز-
نىڭ دادىسى بەستلىك كېلىشكەن ئادەم
بولۇپ قاپقارا شاپ بۇرۇتلىرى ئۇنى تې-
خىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. ئاشۇ قىياپە-
تىگە ماس ھالدا مىجەزى چۇس، ئاچچىقى
يامان ئىدى، ئارمان ئۇ ئادەمدىن ئەي-
مىنەتتى، تەپ تارتاتتى؛ سەرۋىناز سى-
نىپتىمۇ، سىرتتىمۇ ئارمانغا ئاستىرتتىن
نەزەر سالاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئارماننىڭمۇ
خېلىدىن بۇيان ئۆزىگە يېقىنلىشىپ يۈر-
گەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىنكى پەيدا
بولغان سىناق نەزەرى ئىدى. كۈنلەرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن مۇھەببەت ئىلاھى ئۇلار-
نىڭ ياشلىقتىكى جۇشقۇن شاش ھېسسى-
ياتلىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس دىل رىش-
تىسى بىلەن مەھكەم باغلاپ قويدى، سەر-
ۋىنازنىڭ مېڭىش- تۇرۇشلىرىدىكى سىلىق-
لىق، لاتاپەت، گەپ- سۆزلىرىدىكى مۇلا-
يىملىق، كۈلكىلىرىدىكى سېھىرلىك ئاھاڭ
ئارماننىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، كۆ-
ڭۈل ئالەمىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇ سەر-
ۋىنازدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، ئۇنىڭغا
قارىسىلا ياكى ئۇنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرسىلا ئۆزىچە قىزىرىپ ئىزتىراپقا
چۈشەتتى، سەرۋىناز بەك گۈزەل قىزلار-
دىن بولمىسىمۇ ئارماننىڭ نەزەرىدە ئۇ، تەڭ-
دىشى يوق گۈزەل پەرىشتە سۈپەت قىز ھې-
سابلىناتتى. سەرۋىناز غۇنچە بوي، كۆز-
لىرى قاپقارا بولۇپ، نېپىز لەۋلىرى-

بۇغدايمۇڭ، سوزۇنچاقراق يۈزىگە يارى-
شىپ تۇراتتى، بېلى ئىنچىكە، پۇتلىرى
ئۇزۇن بولۇپ كېلىشكەن قەددى - قامىتى
ئۆز ئىسمىغا لايىق سەرۋىگە ئوخشايتتى،
ئارمان كۆڭلىدە دائىم ئۇنى «سۇمبۇل
چاچ، كەكلىك قاش، مېنىڭ سەرۋىنا-
زىم...» دەپ تەرىپلەيتتى، ئۇنىڭ پېشا-
نىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، بۇ ھال
ئۇنى تولىمۇ مېھرى ئىسسىق كۆرسىتەتتى،
دىمىسىمۇ ئۇ ھەمىشە خۇشخۇي يۈرەتتى،
شوخلۇقلىرى، چاراقلىق كۈلكىلىرى جان-
غا ئوت ياقاتتى، ئارمان كۆڭلىدىكىنى
ئوچۇق ئىزھار قىلالمايتتى، سەرۋىناز
يوق چاغدا ئۇ مۇھەببەت توغرىسىدا
ئاجايىپ گۈزەل سۆزلەرنى ئويلاپ تاپات-
تى ۋە «چوقۇم ھەممىنى دەيمەن» دەپ
ئۆزىگە ۋەدە بېرەتتى، بىراق سەرۋىناز-
نى كۆرگەن ھامان تىلى تۇتۇلۇپ بىر
ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمەيتتى.

ئالدىنقى يىلدىكى «4 - ماي» ياشلار
بايرىمى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كەچ-
لىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئارمان
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنىڭ
كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى، قىزغىن ئال-
قىشقا، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. سەرۋىناز ئۇ-
نىڭ ناخشىلىرىدىن مەست بولغان ھالدا،
ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ «سىزگە رەھمەت»
دەپ ئۆزىنىڭ رازىمەنلىكىنى،
قايىللىقىنى ئىپادىلىدى. قاراڭغۇ چۈش-
كەندە ئارمان ئۇنىڭ زالدىن چىقىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئۆيىنىڭ ئارىلى-
قى خېلى بار، كېچىدە قورقىدۇ، ‹شاھئەۋ-
لىيا› مازىرى ئۇنىڭ يولى ئۈستىدە، ئۇ
شۇ يەردىن ئۆتكەندە...» دېگەننى ئويلى-
دى - دە، توپ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇ-
لۇپ چىقىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن-
لاشقاندا، سەرۋىنازغا يېتىشىۋالدى. «بۇ
ئوبدان پۇرسەت، كۆڭلۈمدىكىنى دېۋالى-
مەن، مۇھەببىتىمگە جاۋاب ئالىمەن، ئۇ-
مۇ ھەممىنى سېزىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ كۆ-
يۈپ يۈرگىنىمنى بىلىدۇ، ئېنىق بىر نېمە
دەڭ، دەپ تۇرۇۋالىمەن.»

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قويىمەن.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، - سەرۋى-
نازنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى، -
ئاكام ئالدىمغا كەلمەكچىدى، ھېلى ئۇچ-
راپ قالار.

سەرۋىناز يېنىك قەدەم تاشلاپ ماڭات-
تى، ئارماننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدى-
نىگە تىترەك ئولىشىپ گەپنى نەدىن باش-
لاشنى بىلەلمەيتتى.

— سەرۋىناز، - ئارمان خېلىدىن كې-
يىن مىڭ تەستە ئېغىز ئاچتى- يەنە بىر
يىل ئوقۇساق داشۆ ئىمتىھانىغا قاتنىشى-
مىز، داشۆگە بىللە بارارمىز - ھە.

— مېنىڭغۇ يۇقىرى مەكتەپلەردە
ئوقۇغۇم بار، لېكىن دادامنىڭ
مىجەزىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئانام چىڭ تۇ-
رۇۋالمىغان بولسا، دادام بۇ چاغقىچە
مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالاتتى.

— مەن ئوقۇشقا كىتىپ قالسام، سىز...

— تىنچ... ئاكام كېلىۋاتىدۇ.

سەرۋىناز شۇنداق دەپلا جىمىپ قالدى،
ئۇ سەل ھودۇقۇپ جايىدا توختىدى، ئۇ-
لارنىڭ ئالدىغا بىر يىگىت كەلدى.

— ھە، سەرۋىناز مەن... ئۇ كىم؟

— ئارمان، - دېدى سەرۋىناز خېلىلا
دىدىللىشىپ، - سەن كەلمىگەچ... ئۇ ماڭا
ھەمراھ بولۇپ...

— ھە، ئارمان، - سەرۋىنازنىڭ ئاكى-
سى كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى، -
بىزنىڭ ئۆيگە نەچچە كەلگەن، تونۇيمەن،

ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ئارمان شۇغۇ.

— شۇنداق، — دېيەلىدى ئارمان ئارانلا.

ئاكا - سىڭىل ئارمان بىلەن خوشلاشـ
تى - دە، ئۇزاپ كېتىشتى، ئارمان ئۇلار
مۇشۇ قەلئە يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە جايىـ
دا مىدىرلىماي تۇردى، ئۇ ئۆز مۇددىئاـ
سىنى سەرۋىنازغا بىلدۈرەلمىگەنىدى، شۇ
كېچىسى ئۇ مەكتەپكە قايتمىدى، شوپۇر
تاغىسى سالماننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى،
بىراق كېچىچە ئۇخلىمىدى، تۆگىلۈكتىن
قىيپاش چۈشكەن ئاي نۇرىدا سەرۋىنازنىڭ
ئوقيا كىرپىكلىرى ئاستىدا ھەمىشە خۇمارـ
لىشىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى ئەسـ
لەپ تاڭ ئاتقۇزدى...

× ×

يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماتور ئاۋازى
ئارماننىڭ ئىزگۈ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى،
قۇياش پۈتكۈل تاغۇ تاشنى ئوتتەك قىزـ
دۇرۇپ تۇراتتى، «شاھ ئەۋلىيا» مازىرى
تەرەپتە كېرىمسەن ۋەلەلدايتتى، ئارمان
ماشىنىنى تونۇدى، سالمان ئۆيىدىن ناـ
ھىيىگە چىققان بولۇپ، ئارماننىڭ قەلئەـ
دىن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ماشىنىنى توخـ
تاتتى، ئارمان سۆگەتلىككە، سۆگەتلىكنىڭ
ئۇ تەرىپىدە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئۆگزىگە
بىر نەچچە قېتىم تەلمۈرۈپ قارىدى - دە،
ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى، ئەتىگەن بىر
ساۋاقدىشىدىن سەرۋىنازنىڭ پۈتۈن ئائىـ
لىسى بىلەن بىللە كارسەغەل① يايلىقىـ
غا كەتكەنلىكىنى ئۇققانىدى، «ئاھ، - دېـ
دى ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك
تىنغان ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلىـ
گەن بولسام ياخشى ئىدى، ئۇ ھازىر مېـ
نىڭ قانداق ئازابلارغا دۇچار بولغىنىمـ
نى، ئارزۇ ئارمانلىرىمنىڭ بەربات بولـ
غانلىقىنى بىلمەيدۇ، مەن ئاتا - ئانام
ئالدىدىمۇ، سەرۋىناز ئالدىدىمۇ ئەيىبـ
لىك....» ئارماننى يىغا تۇتتى، كۆزلىـ
رىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئۇنى
كۈتۈپ تۇرغان سالمان كابىنكىدىن
چۈشتى.

— نېمانداق بۇ يەردە...

ئارماننىڭ ئۆزىنى باسالماي ئۈن سېـ
لىپ يىغلىشى سالماننىڭ سوئالىنى ئۈـ
زۈپ قويدى، سالمان ھاڭ - تاڭ بولۇپ
قاراپ قالدى، ئارمان كابىنكىغا چىقىپ
ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ يىغىسىنى
توختىتالمىدى.

سالمان ماشىنىغا يۈك باسقاندىن كېـ
يىن ئارماننى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى، يولـ
دا كېتىۋېتىپ ئارمان:

— سالمان تاغا، مەن تەييارلىق ئىمـ
تىھانىدىن ئۆتەلمەپتىمەن. داشۆگە بېـ
رىش مۇددىئايىم سۇغا چىلىلاشتى، ئەمدى
مەن تۈگەشتىم، - دېدى - دە، يەنە ئۆكـ
سۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نائۈمىد شەيتان، دېگەن گەپ بار،
لېكىن ئادەم نائۈمىد بولماسلىقى كېرەك،
ھەر ھالدا سەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتتۈردۈڭ، داتۇڭغا بارساڭ، بىرەر مەكـ
تەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسەن.

— ياق تاغا ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىگە
قانداق قارايمەن، مەن يۇرتقا بارمايمەن.

— ئۇنداقتا... ئۇنداقتا مېنىڭ مەسلىـ
ھەتىمگە كۆن.

— قانداق مەسلىھەت ئۇ؟

— ئەتە شەھەرگە بارىمەن، سېنى ئېـ
لىپ بارىمەن، سەن ئاۋۋال شەھەرنى كۆـ
رىسەن، ئاندىن مەن دەيدىغىنىمنى دەيمەن،

— ماقۇل ئەمىسە.

2

تاغدا باھار، چوققىلار ئاپئاق قاردىن

① تاشقورغاندىكى بىر يايلاق نامى.

قىلىن لىباس كىيىپ تۇرسىمۇ يانباغىر،
قاپتاللار، تۈزلەڭلەر، يايلاقلار يېشىللىققا
چۆمگەنىدى، تاغلىق شەھەر باھار قۇيا-
شىدا گۈزەل، يېقىملىق تۈسكە كىرگەنىدى،
ئاۋاتلاشقان كوچىلار، بازارلار ھاياتبەھ-
رىدىن تېخىمۇ قىۋناق كۆرۈنەتتى، بازار
ئوتتۇرىسىغا يېقىندىن قويۇلغان جىگەررەڭ
سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان ياغاچ بوتكا
پۈتكۈل ناھىيە بازىرىدىكىلەرنىڭ دىققى-
تىنى قوزغاپ ھەر خىل مىش-مىش پا-
راڭلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا
ئىدى، «توۋا... تېخى يېقىندا مەكتەپ
سەنئەت ئۆمىكىدە، ناھىيە ئىچىدىكى
توي-تۆكۈنلەردە ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل
ئويناپ يۈرگەن بالا ھەش-پەش دېگۈچە
ئۆزگىرىپ ئېلىپ-ساتار بولۇۋالساھە»،
«بېيىپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر، ھازىر ئۇ-
نىڭ پۇلى ناھايىتى جىقمىش»، «توغرا،
ئۇ ئۆتكەندە دۆلەتشاھ ئۆي سالغاندا يار-
دەملىشىپ كونا يامۇل ئورنىدىن تاش كو-
لىغانىكەن، بىر كوزا سېرىق پۇل تېپىۋاپ-
تىمىش، شۇڭا ئاسانلا باي بولۇپ كەتتى،
بولمىسا ئىككى تال يىڭنە-يىپ ساتقان-
غا شۇنچىلا بولۇپ كېتەمدۇ؟»، «ياق ئۇن-
داقمۇ ئەمەستۇ، تاغىسىنىڭ ماشىنىسىدا
شەھەرگە چۈشۈپ چىقىپ، يايلاقلاردا تى-
مىسقىلاپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى، خەق-
لەرنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئالدى بولغاي،
ئالدىمىسا پايدىنى نەدىن تاپىدۇ، ئىش-
قىلىپ ئۇنىڭدا بىر گەپ بار...» كىشىلەر
ھەر نېمە دېگەن بىلەن جۇڭگو ۋە چەت
ئەللەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قىممەتبا-
ھالىق ماللىرىدىن تارتىپ كۈندىلىك
تۇرمۇشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇششاق-چۈش-
شەك ماللار لىق تىزىلغان بۇ بوتكا «مەن
قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان
بۇ كىچىك شەھەردە ئاللىقاچان ئۆچۈپ
كەتكەن كارۋان ئىزلىرىنى قايتىدىن نا-
مايان قىلىمەن» دېگەندەك مەغرۇر قىيا-
پەتتە چوقچىيىپ تۇراتتى. دەرۋەقە بۇ
بوتكا مۇشۇ بازاردا شەخسىي تىجارەتكە
يول ئاچقان تۇنجى بوتكا بولۇپ ئۇنىڭ
خوجايىنى ئارمان ئىدى.

ئۇ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى، كىشى-
لەر ئۇنىڭ بوتكىسىدىكى ماللارغا ھەۋەس
قىلاتتى، بەس-بەستە سېتىۋېلىشاتتى،
نەرسە-كېرەك ئالمايدىغانلارمۇ ئاتايىن
كېلىپ مال جاھازىلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ
تۇرۇشاتتى، قىسقىسى بۇ بوتكا ئەجدادلى-
رىدىن تارتىپ مۇشۇ تاغ ئارىسىدا ياشاپ
كېلىۋاتقان تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىغا تۇر-
لۈك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى،
بىراق، ئۇلار ئارمانغا غەلىتە، سوغۇق
نەزەر بىلەن قارايتتى.

ئارمان قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىغا
جايلاشقان، ھەر خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ
پىشىدىغان باغۋارانلىرى كۆپ، يېرى
مۇنبەت، يايلاقلىرى ياپيېشىل كۆكى-
رىپ تۇرىدىغان ناھىيە بازىرىدىن ناھايى-
تى يىراقتا جايلاشقان يېزا-داتۇڭدا
تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدى. گۈلشىر ئاتا خەلق
ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدى-
غان، ئۇسسۇل ئوينىغاندا يۈرەكلەرنى ھا-
ياجانغا سالىدىغان داڭلىق سەنئەتكار
ئىدى. يېزىدىكى ئوغۇل-قىز تويلىرى-
دا «كال ساۋز»① ۋە «خەندەسىر»②
لەردە ئۇ ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە
تۆردىن ئورۇن ئالاتتى، بۇنداق سورۇن-
لاردا ئۇ گاھ سۆڭەك نېيىنى، گاھ دېپىنى
چېلىپ توي نەغمىسىنى قىزىتىۋېتەتتى،

① بوۋاقلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش.

② خەتنە توي.

كىچە-كىچىلەپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل
ئوينىتتى، ئۇ نەگىلا بارسا كىچىككىنە،
زېرەك ئوغلى ئارماننى بويىنىغا مىندۈرۈ-
ۋالاتتى، ئارمان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئو-
قۇۋاتقان چېغىدىلا «تەيغۇن»،①، «بانا-
ماك»②، «لەيلا» ③، «گۈلى دادام» ④،
«قىزىل ياغلىق» ⑤ قاتارلىق خەلق ناخ-
شىلىرىنى بىمالال ئېيتالايدىغان بولدى،
ئۇ ناھىيىگە ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا
كۈلشىر ئاتا ئايالىغا:
— خوتۇن، ئوغلۇڭ چوڭ يەردە ئوقۇ-
ماقچى، سەپەر ئۇزۇن، ئۆزۈم ئاپىرىپ قو-
يىمەن، قېنى «خەكىس» ⑥ لىرىڭ، كۆلە،
مېغىزلىرىڭ بولسا خالتىغا سال، — دېگە-
نىدى.
— بالا كىچىك، ناھىيىدە ئوقۇيالماي-
دۇ، قىيىنىلىدۇ.
— ئىشەنمىنى قىل، مەن ئارماننى مۇرا-
دىغا يەتكۈچە ئوقۇتىمەن، كاتتا ئادەم قى-
لىمەن، ناھىيىدە تاغىسى سالمان بار،
تىنەپ قالمايدۇ، ئەنسىرىمە. ئاتا - ئانا
ئوغلىدىن ئايرىلىشقا چىدىمايتتى، ئەمما
ئوغلىنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك — كاتتا ئا-
دەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارزۇسى ھەم-
مىدىن غالىب كەلگەنىدى، كۈلشىر تاغا
ئوغلىنى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە
ئەكەلدى، ئارماننىڭ پوپكىسىدا سەپەر
لازىمەتلىكلىرىدىن باشقا دادىسى بەرگەن
سۆگەك نەيمۇ بار ئىدى، ئارمان داتۇك⑦،
بۇرۇمسال ⑧، قوغۇشلۇق ⑨، مەر-
ياگلىق⑩ ساۋاقداشلىرى بىلەن تېزلا
چىقىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ جاراڭلىق نېپى
ناخشا- ئۇسسۇللىرى مەكتەپنىڭ مەدەنىي
پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى، ئوقۇت-
قۇچىلارمۇ، ساۋاقداشلارمۇ ئۇنى ھۆرمەت-
لەيتتى، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئو-
قۇغۇچىلار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلەتتى،
يېقىن ئەتراپتىن، ناھىيە ئىچىدىن كېلى-
دىغان ساۋاقداشلار ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى.
يىراق يېزىلاردىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار
يەكشەنبىنى تولىمۇ زېرىكىشلىك ئۆتكۈ-
زەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئارماننىڭ نېيى
يۇرتنى، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىش تۇيغۇ-
سىنى ئىپادىلەپ مۇڭ بىلەن سايرايتتى،
كۆڭلەر، ھەپتىلەر، بولۇپمۇ دەم ئېلىش
كۈنلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى.
سەرۋىناز بىلەن تونۇشۇش، دوستلىشىش
ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىغا يېڭىدىن يېڭى
مەزمۇنلارنى قوشتى، ئۇ ناخشا ئېيتسا سەرۋى-
ناز جۆر بولاتتى، ئۇسسۇل ئوينىسا سەرۋى-
نازمۇ ئەگىشىپ كېپىنەكتەك پىرقىرايتتى...
ئارماننىڭ ئېسىيادىكىلىمۇ سەرۋىناز-
دا ئىدى، ئۆزى بوتكىدا بولسىمۇ، كۆزى
بازار كوچىسىدا، سەرۋىنازنىڭ مەكتەپتىن
ئۆيىگە قايتىدىغان يولدا ئىدى. ئۇيان-
بۇيان ئۆتۈۋاتقان قىزلارمۇ، تاغ يامزى-
لىدا، تاشلار ئارىسىدا ياشىرىپ تۇرغان
قارىغات، تاغاقگۈللەرمۇ، يىراقتىكى يان-
باغىرلاردا ئۆسكەن ئىرغايلارمۇ ئۇنىڭ
كۆزىگە سەرۋىناز بولۇپ كۆرۈنەتتى. تې-
خىمۇ يىراقتا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان
«مۇزتاغ ئاتا» چوققىسىمۇ سەرۋىنازنىڭ
قەددى - قامىتىنى ئەسلەتتى، ئارمان-
نىڭ نەزەرىدە ئاشۇ چوققىدىكى
ئاپئاق قار — سەرۋىنازنىڭ پاك، بېغۇبار
كۆڭلىگە ئوخشاش ئىدى، چۈنكى ئارمان
ئاقىۋەت بىر كۈن سەرۋىنازنىڭ مۇھەب-
بىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، بۇ
ئىشەنچ داشۆنىڭ تەييارلىق ئىمتىھانى

① ② ③ ④ ⑤ تاجىك خەلق ناخشىلىرى.
⑥ ئۇننى سېرىقماي بىلەن قورۇپ ياسىلىدىغان بول ئوزۇقى
⑦ ⑧ ⑨ ⑩ تاشقورغاندىكى يېزا ئىسىملىرى

باشلىنىشتىن بۇرۇن سەرۋىناز ئۇنىڭ قو-
لىدىن يۇرەك بىلەن نانىنى ئالغان كۈن-
دىن باشلاپ تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى: ئار-
مان سەرۋىنازغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىش-
نىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەن پەيتلەردە
تەلىيىگە يارىشا تاغىسى سالمان تاغدىن
بىر راماپاي ① ئوۋلاپ كەلدى، بۇ بىر
ياخشى پۇرسەت ئىدى، تاجىكلارنىڭ ئا-
دىتى بويىچە ئارمان راماپاينىڭ يۈرىكى-
نى ئايرىم پىشۇرۇپ، نانىنىڭ ئارىسىغا ئې-
لىپ ياغلىققا چىگدى-دە، مەكتەپكە يۈ-
گۈردى، سىنىپ بىناسى ئالدىدا سەرۋى-
نازنى كۆرۈپلا ھۆپپىدە قىزاردى، پۇتلىرى
كالۋالىشىپ تۇگۈنچەك تۇتقان قوللىرى
تىترىدى، ئۇ بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ
سەرۋىنازغا يېقىنلاشتى، سەرۋىناز يېنىك
تەبەسسۇم قىلىپ ئۇ تەڭلىگەن تۇگۈنچەك-
نى ئالدى، ئارمان قىزنىڭ رەت قىلىپ
سوۋغىنى قايتۇرۇپ بېرىشىدىن قورققان-
دەك يۈگۈرگىنىچە سىنىپقا كىرىپ كەتتى.
ۋەھىمە، ھاياجان، ئۈمىد ئىگىلىۋالغان يۈ-
رىكى خېلى ئۇزاققىچە دۈپۈلدەپ سوقۇشتىن
توختىمىدى، مانا، ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت
ئۆتۈپ كەتتى، كۈتۈشتىن، ئىنتىزارلىق-
تىن ئارماننىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈپ قوقاسقا
ئايلاندى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ
بىلىم ئېلىپ كاتتا ئادەم بولۇش ئۈمىدى
بىلەن تەڭ، مۇھەببەتكە بولغان ئۈمىدىمۇ
ئاستا-ئاستا سۇسلىششقا باشلىدى، بىراق
شۇنچە قىلىپمۇ سەرۋىنازنى
كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى، ئۇنىڭ ھا-
ياتى سەرۋىنازغا باغلانغانىدى، بەخت،
سائادىتىمۇ، ھوزۇر-ھالاۋىتىمۇ سەرۋى-
نازدا ئىدى. ئارمان سودىگەرگە ئايلان-
دى، ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن دا-
ۋاملاشقان ياشلىق دەۋر يىراقتا قالدى،
ئۇ شەھەردىن مال يۆتكەۋېتىپمۇ، يايلاق-
لاردا مال سېتىۋېتىپمۇ ياشلىقىدىكى ئاشۇ
گۈزەل چۈشلىرى ئىچىدە مەست بولۇپ
يۈردى، ئەپسۇسكى قىز تاكى ھازىرغىچە
ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىمقى «يۈرىكىمنى سىزگە
بەردىم» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان
سوۋغىسىغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماي
كېلىۋاتاتتى، سەرۋىناز ناھىيە بازىرى-
دىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا
ئورۇنلاشتى، ئارمان ئۇنى كەمدىن-كەم
كۆرەلەيتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ ئىشقى-پى-
راقىنى ئارتتۇراتتى، سەرۋىنازغا بولغان
يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئىنتىزارلىق ئىل-
كىدىكى جۇدالىق تۇپەيلى گاھ-گاھ ئۈ-
مىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ،
لېكىن ئارمان قەلبىدە پەقەت سەرۋىناز-
نىڭ-بىرلا قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئورۇن
بارلىقىنى، مۇبادا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يې-
تەلمەي قالسا، ئۆمۈر بويى تاق، تەنها
ئۆتۈدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەرۋىناز-
نىڭ پاتراق جاۋاب بېرىشىنى تەشنالىق
بىلەن كۈتەتتى.

ئارمان كونا قەلئەدىن چۈشۈپ ماشىنا
ھەيدەپ كېلىۋاتقان سالماننىڭ ئالدىغا
يىغلاپ بارغان ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە
ئۇخلىمىدى، ئەتىسىگەندە ئۇ كېسەل ئا-
دەمدەك چىرايى سارغايغان ھالدا
ئورنىدىن تۇردى، سالمان ناشتىدىن
كېيىنلا ئۇنى ئالدىرىتىپ كابىنكىغا چى-
قاردى، ماشىنا «مۇز تاغ ئاتا» باغرى-
دىن ئۆتۈۋاتقاندا ئارمان كابىنكىدىن
بېشىنى چىقىرىپ قارلىق چوققىغا قارد-
دى. ئۇ ھەمىشە سەرۋىنازنىڭ گۈزەل سى-

① بىر خىل كىيىك نامى.

ماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە مۇشۇ
چوققىغا قاراپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى
كۆرەتتى.

ئارمان شەھەر رەستىلىرىدىكى رەت ـ
رەت دۇكان ـ بوتكىلارنى، قىزىپ كېتىۋاتـ
قان سودا ـ سېتىقنى كۆرۈپ ئەقلى لال
بولدى. ئۇ بۇرۇن كىشلەردىن شەھەر،
يېزىلاردا بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىش ـ
لەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، مانا ئەمدى ئا ـ
شۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر ـ
دى، «بىزنىڭ تاغلىق شەھەر تېخىچە
ئۇخلاۋېتىپتۇ، غەپلەتتە قاپتۇ، سالمان
تاغام مېنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىشتە مۇ ـ
شۇلارنى كۆزدە تۇتتىمىكىن، مۇز تاغ پەرى ـ
سى مۇشۇ ئىشلارنى مېنىڭمۇ قىلىپ بېقى ـ
شىمغا بىشارەت بېرىۋاتامدىكىن؟ توغرا،
سالمان تاغام، ساڭا مەسلىھەتىم شۇكى،
سەن تىجارەت قىل، باي بول، دەسمى
ئۈچۈن مەن پۇل بېرىمەن، دېدىغۇ» .
دېگەندەك سالمان يوغان ئىككى پوپكىغا
تاغاق، سۆزگۈچ، مەشۇت يىپ، رەڭ، تۈگ ـ
مە، ئىلمەك، يىڭنە ... قاتارلىق نەرسى ـ
لەرنى قاچىلاپ ئارمانغا تۇتقۇزدى، ئار ـ
مان قايتىپ كېلىۋېتىپ تاغ يولىدا چۈ ـ
شۈپ قالدى. تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ چەك ـ
سىز يايلاقلارنى كېزىپ چىققىنى، قىشچە
سوغۇققا، قار ـ شىۋىرغانىڭ قىيناشلىرىغا
پەرۋا قىلماي شەھەر بىلەن تاغ ئارىسى ـ
دا باپكارنىڭ موكىسىدەك قاتناپ تۇردى.
ئۇنىڭ پۇللىرى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغانـ
دىكىدىنمۇ تېز كۆپەيدى، يول ئازابى،
سەرۋىنازنىڭ مۇھەببىتى توپەيلى ئۇ ئا ـ
خىرى مۇشۇ بوتكىنى ياسىتىپ ئارامخۇ ـ
دا ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلىشقا كىرىشتى...

قۇياش ئۈپۈققا باش قويۇۋاتاتتى،
ئارماننىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ
دۈپۈلدەشكە باشلىدى، سەرۋىناز كېلىۋا ـ
تاتتى، ئارمانغا پۈتكۈل دۇنيا گۈل دې ـ
ڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، «مۇز
تاغ ئاتا» يېنىك باش لىڭشىتىپ ئۇنى
قوللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، سەرۋى ـ
ناز پۈكەي ئالدىدا توختىدى، ئۇ گۈلسۈرخ ـ
تەك قىزارغان يۈزىنى يوشۇرۇشقا تې ـ
رىشىپ پەسكە قارىۋالدى، پوپكىسىدىن
ئالغان قەغەز بولاقنى ئارماننىڭ قولىغا
تۇتقۇزدى ـ دە، خۇددى ھېلىقى چاغدا ئار ـ
مان ئۆز سوۋغىسىنى بېرىپلا سىنىپ بىناسى ـ
غا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكەندەك سەرۋىنازمۇ
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى، ئار ـ
مان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بو ـ
لاقنى ئاچتى، كەشتىلىك قولياغلىققا سان ـ
جىلغان بىر تال يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە ئۈچ
خىل يىپ بىلەن چاچ ئارىلاشتۇرۇپ ئۆت ـ
كۈزۈلگەنىدى، بۇ «قارا باشىمسىزگە مەن ـ
سۈپ!» دېگەن مەنادىكى ئەنئەنىۋى مۇ ـ
ھەببەت ئىزھارى، يىگىتنىڭ تەلىپىگە
قوشۇلغانلىق ئىدى، دېمەك، قىز يىگىت ـ
نىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغان، لېكىن
قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر توپەيلى قىز نا ـ
ھايىتى ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن
ئاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدى. ئارما ـ
نىڭ يۈرىكى شادلىق، بەخت ھاياجىنىدىن
يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى، ئۇ ئاستا
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇندىن بۇيان قولىغا
ئالمىغان سۆگەك نەينى ئالدى ـ دە، ئاجايىپ
زوق ـ ئىشتىياق بىلەن چېلىشقا باشلىدى.

3

«قەدىرلىك ئارمان، شەنبە كۈنى توي
خېتى ئېلىش بەلگىلەندى، شۇ كۈنى مېنى
كونا قەلئەدە كۈتۈڭ،

ـــ سەرۋى.»

ئارمان خۇنجىراپ ئېغىزىغا بارىدىغان

يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ، چۇقۇر①، سارىق②، سېرىقتاش③ يايلاقلىرىدا ماللىرىنى سېتىپ قايتىپ كەلگەندە دۇكان ئىچىدىن ئاشۇ خەتنى تېپىۋالدى، خەت ئىشىك قىسىلچىقىدىن كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئارماننىڭ ئۆتكۈر ھەم شېرىن ئۈمىد شارابىغا تولغان قەلب كاسىسى يەنە بىر قېتىم سۇنغاندەك بولدى، ئۇ جانسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ بېرىپ پۇكەي بىلەن مال جاھازىسى ئارىلىقىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پۈتكۈل تاغ - دەريالار، بىپايان زېمىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغاندەك تۇيۇلدى، يېقىندىن سېلىنغان پىششىق خىشلىق، كەڭ ئازادە دۇكان بىراقلا تارلىشىپ بارا - بارا ئۇنىڭ بەدىنىنى قىسىۋاتقاندەك ئىدى، «شەنبە، ... توي خېتى... كونا قەلئە...» ئارمان خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇيتتى، بارى - يوق بىر نەچچە جۈملە سۆز ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى، بازاردا، كوچىلاردا ئادەم كۆپ ئىدى، كۆز قۇياشى ئىللىق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئارمان ساراسىمە ئىچىدە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كونا قەلئەگە قاراپ ماڭدى: يىراقتا قويۇق سەرۋىلەر تاغ باغرىغا سېلىنغان گىلەمدەك جۇلالىناتتى، زىرىق، ھارام ئوت، مەرۋايى، بىنەپشىلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن يانتۇلۇقلاردىن نەي ئاۋازى كېلەتتى، ئارمان كونا قەلئە ئۈستىدە تۇرۇپ گاھ «شاھ ئەۋلىيا» مازىرىنىڭ نېرىسىدىكى سۆگەت تىلىكتىن كۆرۈنگەن ئۆگزىگە، گاھ قارلىرى كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان «مۇز تاغ ئاتا» غا ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر خىل مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك نەزەر بىلەن تىكىلەتتى، ۋۇجۇدىدىكى ئىزتىراپ يۈزىگە تېپىپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى...

ئارمان ئۈچ كۈندىن بۇيان كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۈندۈزلىرى دۇكاندا ئولتۇرغۇسى كەلمەي كونا قەلئەگە كېلىپ سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە قاراپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى، بۈگۈن شەنبە ئىدى، ئارمان تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ دۇكاندىن چىقىپ كونا قەلئەگە كەلدى. سەرۋىناز قاچان كېلىدۇ، نېمە دەپ كېلىدۇ، ئارمان بۇنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىلكىدە سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە، ناھايە تەرەپكە بارىدىغان يولغا كۆز ئۈزمەستىن قارايتتى.

سەرۋىناز كىچىكىدىن ئەقىللىق، شەرمى ھايالىق قىز بولۇپ ئۆستى، ئۇ ئارمان بىلەن بولغان مۇھەببىتىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى، لېكىن ئارماننى كۆرسىلا مەيلى ئۇ باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىللە تۇرغان بولسىمۇ ھامان ھاياجىنىنى باسالماي شالپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى، ئارماننىڭ سوۋغىسىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قەلب سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئۇ دائىم مۇشۇ ھەقتە ئويلايتتى، ئۇ ئارماننى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتى قەلبىگە سىغمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، ئاقىۋەت ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرىنى قىلچە ئېتىبارغا ئالماي بىر قارارغا كېلىپ تا-

①②③ تاشقورغاندىكى يايلاق ناملىرى

جىڭ قىزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئارمانـ
غا يۇرەك سوۋغىسىنى بەردى، شۇ كۈندىن
باشلاپ ئۇ بوتكىغا، كېيىن دۇكانغا پاتـ
پات كېلىدىغان، ئارمان بىلەن قورۇنـ
ماي گەپلىشىدىغان بولدى، بىر قېتىم سەرـ
ۋىناز:

ــ ئارمان سىز مۇشۇ ئالماق ـ ساتـ
ماق دېگەننى قىلمىسىڭىز بولاتتى،ـ دېـ
دى.

ــ بىز تاجىكلار ئاتا ـ بوۋىمىزدىن
تارتىپ سودا ـ سېتىق قىلىشنى يامان كۆـ
رىمىز، سودىگەرنى ئالدامچى دەپ قارايـ
مىز، سەرۋىناز سىزمۇ چۈشىنىسىز، بىزنىڭ
بۇ دىيارىمىز قەدىمكى زاماندا غەرب بىـ
لەن شەرقنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسىـ
دىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى، قاراڭ، ئىسلاـ
ھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېـ
يىن خونجىراپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىـ
رىۋاتقان چەت ئەللىكلەرنى كۆردىڭىزغۇ،
ئۇلار بۇ يەردە توختىماستىن ئۇدۇل شەـ
ھەرگە قاراپ ئاقتى، چۈنكى شەھەردە سوـ
داـ تىجارەت قايناپ كەتتى، مەن شەھەرـ
نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، جىق ئويـ
لىدىم، ئاخىرى «مۇزتاغ پەرىسى» بەرـ
گەن بىشارەت بىلەن مۇشۇ يولنى تاللىـ
دىم، ئاتا ـ بوۋىمىز قىلىپ باقمىغان ياـ
كى قىلالمىغان ئىشلارنى مەن قىلىپ باقـ
تىم، ھەر ھالدا زىيان تارتمىدىم، كۆپ
پۇل تاپتىم، تۇنجى قېتىم بازارغا ياغاچ
بوتكا قويسام ھەممە ئادەم ھەيران قالدى،
غەلىتىلىك ھېس قىلدى، مانا پىششىق
خىشلىق دۇكانمۇ سالدىم، بۇنىڭدىن كېـ
يىن تېخى قەشقەرگە، ئۈرۈمچىگە، گۇاڭـ
جۇ، شاڭخەيلەرگە، ھەتتا چەت ئەللەرگە
چىقىپ سودىگەرلىك قىلىمەن دەيدىغان
پىلانىم بار.

ــ ياق، ئارمان سىز بۇ ئىشنى قىلـ
ماڭ، مەن...

ــ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىـ
مەن،ـ دېدى ئارمان كۈلۈپ تۇرۇپ،ـ سوـ
دا ـ سېتىققا تۇتۇنغىنىمدىن كېيىن كىـ
شىلەر مېنى يات ئادەمدەك كۆرۈشتى، توـ
ۋا، ئۇلار ماللىرىمنى باھا تالاشما يىلا
ئاغزىمدىن چىققىنىغا ئېلىشىدۇ ـ يۇ، مېـ
نى ياقتۇرمايدۇ، قاراڭ، كىشىلەر ئەمدىـ
لىكتە مېنى دوراشقا باشلىدى، ئەنە، بوتـ
كىلار كۆپەيدى، بۇ بىر يۈزلىنىش، بۇـ
نىڭدىن كېيىن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشمايلا سەرۋىـ
ناز كەينىگە بۇرۇلۇپ دۇكاندىن چىقىپ
كەتتى، ئارمان ئىككى ئوت ئارىسىدا قالـ
غانلىقىنى ئېنىق سەزدى، ئۇ تاللىغان يوـ
لىدىن قايتسا سەرۋىنازنىڭ ئاتا ـ ئانىـ
سى قىزىنىڭ خاھىشىغا يول قويىدىغانـ
دەك تۇيۇلدى، بىراق ئارمان بۇ يولغا
ئاللىقاچان قەدەم تاشلاپ بولـ
غان، يولنىڭ ئۇرغۇن قىسمىنى
بېسىپ بولغان، بۇ يول ناھايىتى ئۇزۇن،
يەرداشلىق بەرسىلا، ئىرادىسى ئاجىزلاشـ
مىسىلا بۇ يول ئۇنىڭغا بەخت كەلتۈرىدۇ،
بايلىق كەلتۈرىدۇ، بەلكى
سەرۋىناز ئۇچۇنمۇ شۇنداق، ئىككىـ
سىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭدىن كېلىپ رىسىقـ
نېسىۋىسى قوشۇلۇپ قالسا، كەلگۈسى تۇرـ
مۇشى باياشاتلىقتا ئۆتىدۇ. ئەپسۇس،
باشقىلارغا ئوخشاشلا سەرۋىنازمۇ ئارمانـ
نىڭ ئىشىدىن نومۇس قىلىدۇ.

سەرۋىناز چىدالمىدى، ۋىجدانى ئۇنىڭ
قەلبىگە:«ئارماننى ياخشى كۆردۈڭ، ئۇـ
نىڭغا باغلاندىڭ، مۇھەببىتىڭنى ئىزھار
قىلدىڭ، ۋەدە بەردىڭ، ئۇ سودا قىلىدۇ،
پۇل تاپىدۇ، باي بولىدۇ، بۇ ھەرگىز نوـ

مۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سەن ئەمدى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بول!» دەپ خىتاب قىلاتتى.

— مەيلى ئارمان، — دېدى ئۇ بىركۈنى، — سىزنىڭ توغرىدەك قىلىدۇ، يولىڭىزدىن يانماڭ، مەن سىزنى قوللايمەن، سىزگە مەدەتكار بولىمەن.

سەرۋىناز شۇ گەپنى دەپلا خۇددى بىرسى قوغلىغاندەك يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى، ئارماننىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىدى، ئۈمىد قۇشى قانات قېقىپ مۇز تاغ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى، «ھەي... مۇز تاغ ئاتا، ھەي سۆيۈملۈك مۇز تاغ پەرىسى... مەن نېمەدېگەن بەختلىك!..»

× ×

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە گۈلشىر ئاتا ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ سالمانىنى ئەگەشتۈردى-دە، سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— قىزىڭىزغا ياغلىق چىگەي دەيمەن.

— ئاشۇ ئالدى-ساتتى قىلىپ يۈرگەن سايياق ئوغلۇڭ ئۈچۈنمۇ؟ — ياق.

گۈلشىر ئاتىنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى، ئوغلىدىنمۇ رەنجىدى. داتۇڭدا ئۇ ھەر قانداق بىر ئاتىنىڭ قىزىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يۇلۇپ ئالالايتتى. سالمان بىر مەھەل ئارماننى سەرۋىناز توغرىسىدىكى ئوي-خىياللاردىن كېچىشكە دەۋەت قىلدى، ئارماننىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان مۇھەببەتنى ھەرقانداق قىلىپمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايتتى، بىر كۈنى سەرۋىناز مەكتەپتىن قايتىشىدا دۇكانغا كىردى.

— بىر گەپنى دېسەم... ئارمان سىز رەنجىمەيدىغانسىز.

— ياق، سەرۋى... گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ.

— مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرگۈدەك، يېقىندا ياغلىق چىگىمىش، ئانام شۇنداق دەۋاتىدۇ...

— سىز رازىمۇ؟ — ئارمان لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— رازىمۇ ئەمەس، ھەرگىز... لېكىن ئاتا-ئانام زورلايدۇ.

— قانداق قىلماقچىسىز؟

— مەن سىزگە ۋەدە بەرگەن.

ئارمان ئۆزىنى باسالماي سەرۋىنازنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، سەرۋىناز شەلپەردەك قىزىرىپ يېنىككىنە قارشىلىق كۆرسەتتى-دە، بوشىنىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى...

ناھىيە تەرەپتىن قىزىل كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ سەرۋىناز كېلىۋاتاتتى، ئارمان ئۆز خىيالى، ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ قاچان ئۆيدىن چىققانلىقىنى، ناھىيىگە كىرگەنلىكىنى كۆرمەي قالغانىدى، ئۇ كونا قەلئە تېمىدىن چۈشۈپ سەرۋىنازنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، سەرۋىنازمۇ تېز-تېز مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئېقىۋاتاتتى، ئارمان ئاۋۋال ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. قەلئەنىڭ پەسرەك تېمىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى.

— نېمە ئىش بولدى سەرۋىناز؟

— نېمە ئىش بولاتتى، ھەر ئىككىڭلار ئۆز رازىلىقىڭلار بىلەن توي قىلامسىلەر، دەپ سورىۋىدى، مەن ياق دېدىم، ئاتا-ئانام زورلىدى، مەجبۇرلىدى. مېنىڭ يىغلىشىم باشقا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن، ئۇ ناھىيە بويىچە داڭلىق سودىگەر — ئارمان دېدىم، ئۆز يىگىتىم

( ئاخىرى 103 - بەتتە )

دولقۇن تاھىر

# ئاھ مۇئەللىم، مېنى كەچۈرەمسىز؟

(ھېكايە)

ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ يېزامغا كېتىۋاتىمەن، خىيال سۈرۈۋاتىمەن، كىچىكلىكىمدىكى شوخلۇقلىرىمنى ئويلاۋاتىمەن. بالىلىق چاغلىرىمدا بولۇپ ئۆتكەن، ئېسىمدىن ھەرگىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان بۇ ئىشلار يېزامدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا يۈز بەرگەنىدى.

× ×

ئۆيىمىز ناھىيە بازىرىدىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئايىۋۇلاق ئىشلەپچىقىرىش ئۆيىنىڭ بوستانلىق دېگەن مەھەللىسىدە ئىدى. ئۆيىمىزدە مەن، ئانام ۋە دادامدىن ئىبارەت ئۈچ جان ئادەم بار ئىدۇق. ئانام مېھرىبان ۋە ئىشچان بولسىمۇ، بىراق ئاچچىقى يامان ئىدى. قوللىرى گويا مەدەكتەك يىرىك ئىدى. لېكىن، كېچىلىرى مەن ئانامنىڭ ئىللىق قوينىدا ياتقان چاغلىرىمدا، ئانام ئاشۇ قولى بىلەن تېنىمنى سىيلاپ بەرسە راھەتلىنىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتەتتىم. دادام كەمسۆز ۋە ياۋاش ئادەم بولۇپ، كۆپ ۋاقىتلىرى ئېتىزدا ئۆتەتتى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، مېنى ھېچ ئىشقا سالمايتتى.

دادام مېنى ساۋاتلىق بولۇپ قالسۇن، دەپ يەتتە يېشىمدا مەكتەپكە بەردى. مېنى يېشى يىگىرمە بەشلەردىن ئاشقان تۇرسۇن دېگەن مۇئەللىم ئۆز سىنىپىغا قوبۇل قىلدى. ئۇ قويۇق بۇرۇتلۇق، كۆزەينەك تاقىغان، ئورۇق، دىكادىن شىم-كەمزۇل كىيگەن (بەلكىم شەھەرلىك بولسا كېرەك) بىر يىگىت ئىدى. مەن مەھەللىمىزدىكى قۇربان ۋە ياقۇپلار بىلەن بىللە بېرىپ، بىللە كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇدۇم.

بۇ مەكتەپتە پەقەت تۆت سىنىپ، تۆت مۇئەللىم بار ئىدى. مەن مەكتەپتىكى دەرسلەرنى كۆرە، مەكتەپتىكى ئويۇنغا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدىم. شەھەردىن، يېزىدىن يىغىلغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىز ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپنى تولىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپمۇ بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك مەنزىرىلىك گۈزەل جاي ئىدى. مەكتەپنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق بېغى (باغدا تولاراق ئۆرۈك بار ئىدى)، ئورمانلىقى، ۋاسكېتبول مەيدانى، تۇرنىكلىرى (ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغانىدى) بار ئىدى. بىز تۇرنىك ئوينىيالمىغاچقا، ۋاسكېتبول ئويناش — بىزنىڭ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنىمىز ئىدى. ئىشخانىنىڭ يېنىدا شۇنداق يوغان بىر توپ قاغا جىگدە بار بولۇپ، ئۇ بىز ئوغۇللارنىڭ نوچىلىقىنى سىنايدىغان ئۆلچەم ئىدى. ھەر سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىز بەس-بەس بىلەن مۇشۇ جىگدە دەرىخىگە چىقىشاتتۇق. ئەگەر كىمىكى بالدۇر ھەم ئەڭ ئۇچىغا چىقالىسا، شۇ نوچى بولاتتى. بىز نوچىلىقنى تالىشىپ، جىگدە دەرىخىنىڭ ئۇچلىرىغىچە چىقىۋالاتتۇق. كىچىككىنىكتە، جىگدە شاخلىرى ئېغىرلىقىمىزنى كۆتۈرەلمەي، لىڭشىپ كەت-



سىمۇ، مىختەك شوخىلىرى سانجىلىپ تۇرـ
سىمۇ، بىز ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتـ
ئۇق. جىگدە شاخلىرى ھەر لىڭشىغاندا،
پەستىكى ساۋاقداشلار — تاماشا كۆرۈپ تۇرـ
غان قىزلار چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. شۇنداق
چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىشخانىدىن
يۈگۈرۈپ چىقىپ، ھەيۋە قىلىپ بىزنى شاخـ
تىن چۈشۈرەتتى. ئاندىن بىزگە جىگـ
دىگە چىقماسلىق ھەققىدە تەنقىد - تەرـ
بىيە بېرەتتى، ماقۇل دەيتتۇق. مۇئەللىمـ
نىڭ يېنىدىن كېتىپ، يەنە باشقا ئويۇنـ
نى باشلايتتۇق، مەكتەپنىڭ ھويلا تېمىـ
دىن ئارتىلاتتۇق.

مەن شۇ چاغلاردا بىزنىڭ مەكتەپتەك
چىرايلىق يەنە بىر جاينىڭ بارلىقىغا
ئىشەنمەيتتىم. بەلكىم باردۇر، ئەمما،
ئاشۇنداق يوغان جىگدە دەرىخى، بىز ئارـ
تىلىپ چۈشەلىگۈدەك ئېگىزلىكتە ھويلا تېـ
مى يوقتۇر، دەيتتىم.

ماڭا تولىمۇ يارايدىغىنى — تۇرسۇن مۇـ
ئەللىم، ئۇ تولىمۇ قىزىقچى ۋە مۇلايىم
ئىدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا بىزـ
گە قىزىقارلىق چۆچەك - لەتىپىلەرنى ئېيـ
تىپ بېرىپ، بىزنى ئۈچىيىمىز ئۈزۈلگۈـ
دەك كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ساۋاقداشلارنى ئۆز
ئىنى - سىڭىللىرىدەك كۆرۈپ، بەكمۇ ئىزـ
زەتلەيتتى. تۆتىنچى سىنىپقا چىققۇچىلىك
بولغان ئارىلىقتا تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن
ئاكا - ئۇكىلاردەك ئىناق ئۆتتۇق. بىر كۈـ
نى ئەدەبىيات دەرسى ۋاقتىدا تۇرسۇن مۇـ
ئەللىم بىزگە جاراڭلىق قىلىپ مۇنداق
دېدى:

— ساۋاقداشلار، سىلەر بۇ يىل تۆتىنـ
چى سىنىپقا چىقتىڭلار، ئاك - سەۋدىيەڭـ
لار ۋە بىلىمگە بولغان كۆز قارىشىڭلار بۇـ
رۇنقىدىن ئۆستى. ھەر جەھەتتىن ياخشى

تەربىيىلىنىۋاتىسلەر، لېكىن
سىلەردە تۈزەتمىسە بولمايدىغان
يامان ئىللەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: سىلەرـ
نىڭ كىيىمىڭلارنى ئاناڭلار يۇيۇپ بېرىـ
دۇ، كىيىمىڭلارنى يۇيۇپ، تۈگمەڭلارنى
قاداپ، يىرتىلغان يەرلىرىنى ياماپ بەرـ
مىسە، خاپا بولۇپ، ئاناڭلارنى ئىش قىلـ
غىلى قويمايسىلەر، ھەتتا تىللايسىلەر.
ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەر مۇشۇنداق قىلـ
ساڭلار توغرا بولامدۇ؟ - بىر دەمدىن كېـ
يىن يەنە مۇئەللىم ئۆزى جاۋاب بەردى، —
خاتا، پۈتۈنلەي خاتا. ئەگەر توغرا بولـ
سا، سىلەر ئاتا - ئاناڭلارنى بېقىپ چوڭ
قىلدىڭلارمۇ؟ ئەمدى سىلەر چوڭ بولۇپ
قالدىڭلار، ئاتا - ئاناڭلارنى پۇل بەردەپ
خاپا قىلماڭلار، ئۇلارنى ئاسراڭلار؛ دەرس
تەكرارلاپ بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا يارـ
دەم قىلىڭلار؛ بولۇپمۇ، ئوغۇللار — سىلەر
ئۆي ئىشلىرىغا كۆپرەك ياردەملىشىڭلار؛
كىيىم يۇيۇش، ياماش، تۈگمە قاداشنى
ئۆگىنىڭلار...

— داك! داك! داك! - دېجۇرنى ئوـ
قۇتقۇچىنىڭ چالغان دېڭى مۇئەللىمنىڭ گېـ
پىنى ئۈزۈپ قويدى. مۇئەللىم:

— دەرس تۈگىدى، دەم ئېلىڭلار! — دېدى.
مۇئەللىمنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىـ
دىن بىز ئوغۇللار بەكمۇ ئەجەبلەندۇق.
شۇ گەپ سەۋەبىدىن مۇئەللىمگە غەيرىي
بىر خىل قاراشتا بولدۇق، «ئوغۇل بالا
دېگەنمۇ كىر يۇيامدۇ، تۈگمە قادامدۇ، كىـ
يىم ياماامدۇ؟» دەيتتۇق ئىچىمىزدە. مۇـ
ئەللىمگە نارازى ئىدۇق، لېكىن يۈزىگە
سالالمىدۇق.

بولۇپمۇ، مەن بەكمۇ ھەيران بولدۇم.
«مۇئەللىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىسـ
ساق، بىزگە قانداق چارە كۆرەركىن؟»

دەپ ئويلاپ، مۇئەللىمنى بىر چېكىپ باقماقچى بولدۇم (بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقايسىمىز مۇئەللىمنى چېكىپ باقمىغان، كېيىنى سۆزسىز ئورۇنلىغانىدۇق). دەم ئېلىش ۋاقتىدا چاپىنىمنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ، يانچۇقىمغا سېلىپ قويدۇم. ئىككىنچى سائەتلىك دەرستە، مۇئەللىم ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ تۈگمىلىرىمنىڭ ئېتىلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— تۈگمىڭىزنى ئېتىۋېلىڭ، — دېدى.

— ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قاپتۇ، مۇئەللىم، — دېدىممەن.

— تۈگمە ئېلىپ قادىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەن يا قىزبالا بولمىسام يىڭنە ئىشى قىلىدىغان، ئۆيگە بارغاندا ئانامغا قادىتىۋالارمەن.

مۇئەللىم ماڭا باشقا گەپ قىلمىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئوغۇللار مېنى دوراپ مۇئەللىمنى بىر قېتىمدىن چېكىۋېلىشتى. مۇئەللىم ئۇلارغا ھېچ گەپ قىلمىدى. ئوغۇللارمۇ بولۇۋالدۇق. ئەكسىچە مۇئەللىم كۈندىن - كۈنگە غەمكىن بولۇپ قالدى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياقۇپ بىلەن قۇربانىنى چاقىرىپ:

— ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، يۇرۇڭلار، سۇغا چۆمۈلۈپ كېلەيلى، — دېدىم. ئۇلارمۇ ئىسسىپ كېتىشكەنىكەن، گېپىمگە شۇ ھامان قوشۇلدى.

مەكتىپىمىزنىڭ ھويلا تېمىدىن يۈز مېتىر يىراقلىقتا بىر دەريا بولۇپ، قىشى-يېزى سۇ ئېقىپ تۇراتتى. كەڭلىكى ئەللىك مېتىر كېلىدىغان بۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يېشىل ئوت - چۆپلەر ۋەسۆگەتلەر دەرياغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بىر ھازا سۇغا چۆمۈلۈپ قايتتۇق. مەكتەپكە كىرسەك، دەرسخانا ئىشىكلىرى يېپىقلىق، مۇئەللىملەر دەرس سۆزلەۋاتقانىكەن. بىر ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ دەرسخانىغا كىردۇق. ساۋاقداشلارنىڭ دىققىتى بىزگە بۇرۇلدى، مۇئەللىم دەرسنى توختىتىپ سائەتكە قارىدى. ئاندىن بىزگە قاراپ:

— سىلەر دەرس باشلىنىپ ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كىردىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتىزامنى بۇزدۇڭلار، سىلەرنىڭ بۇ قىلىغىنىڭلار توغرىمۇ؟ — مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ سورىدى، — نەگە بارغانىدىڭلار؟

— سۇغا چۆمۈلگىلى.

— نېمىشقا ۋاقتىدا كىرمەيسىلەر؟

— داڭ چالغانىنى ئاڭلىماپتۇق.

— قۇلاق نەگە كەتكەن؟!

مەن بۇ سوئالغا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدىم. ئاندىن مۇئەللىم «ماۋۇ قۇلاق گەپ ئاڭلامدۇ، ئاڭلىمامدۇ؟» دەپ، قۇلىقىمدىن تارتتى. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ:

— مۇئەللىم، قۇلىقىمدىن تارتماڭ، بۇنداق ئوقۇغاندىن ئوقۇمىغان مىڭ ياخشى! — دېدىم - دە، سومكامنى ئېلىپ، ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىۋېتىپ چىقىپ كەتتىم.

ئۆيگە كەلسەم، ئانام قوشنىمىز سارىخان ئاچام بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانىكەن، مېنىڭ پەرىشان ھالدا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ، جېنىم قوزام؟ - دەپ سورىدى جىددىيلىشىپ.

— مۇئەللىم ئۇردى، — دېدىم مەن.

— بولدى، خاپا بولما، مەن سېنى ئو-

قۇتمىسام ئوقۇتمايمەنكى، ھەرگىزمۇ ئە-
پەندەك دېگەن سولتەكنىڭ ئۇرۇشىغا قو-
يۇپ بەرمەيمەن، بالامنى ساۋاتلىق قىلىپ
قويسۇن، دەپ مەكتەپكە بەرسەم ئۇرغىنىنى
كۆرۈڭلار، - دەپ مۇئەللىمنى تىللاپ كەت-
تى ئانام.

ئانامنىڭ ئاچچىقى يانمىغاچقا، ئەتىسى
مېنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. بىر دەمدىن
كېيىن ياقۇپ بىلەن قۇربان كىرىپ:

— ئەسقەر، يۈر ئاداش، مەكتەپكە با-
رىمىز، — دېدى. مەن ئەمدى گەپ قىلاي،
دەپ تۇرۇشۇمغا، ئوت ئېلىشقا چىققان
ئانام:

— ئەسقەر بۈگۈن مەكتەپكە بارمايدۇ،
ئۇنى ئەپەندىسى ئۇرغاندىكىن، ئەپەندى-
سى بىزنىڭ ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسۇن، —
دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەن چېغى،
ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، قوڭغۇرىقىنى جىرىڭ-
لىتىپ تۇرسۇن مۇئەللىم كېلىپ تۇرۇشىغا،
باداڭ سېۋەتتە ئوت ئېلىپ
كىرگەن ئانام، مۇئەللىمنى مېنى «ئۇرغان-
لىقى» نى يۈزىگە سېلىپ كەتكۈزۈۋەتتى.

بۇ ئىش ئەتىسىمۇ شۇنداق داۋام قىل-
دى. ئانام بىلەن ئىككىيلەن ئېغىل قو-
رۇقداۋاتاتتۇق، مۇئەللىم ئىشىك ئالدىغا
كېلىپ:

— ھوي، ئەسقەر، يۈرۈڭ مەكتەپكە با-
رىمىز! - دېدى. ئانام قىلىۋاتقان ئىشنى
قويۇپ، مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىل
بىلەن تويغۇزۇپ يولغا سالدى.

شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكىمۇ بارمىدىم.
مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەك-
تەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئوينايدىغان
ئادەم يوق زېرىكىپ قالدىم. شۇڭا ئوي-
نايدىغان بىر دىنبىر ياخشى ئورنۇم مەك-
تەپكە بازماقچى بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆيدە تۇرۇپ
مەكتەپكە بارسام، مۇئەللىم مېنى ئىشخا-
نىسىغا باشلاپ كىرىپ، بېشىمنى ئاغرىتىپ
بىر مۇنچە تەربىيە بەردى. كېيىنىڭ ئا-
ساسىي مەزمۇنى— قالايمىقان سوغاچۆمۈل-
مەڭ، داڭ چالغان ھامان دەرسخانىغا كىرىڭ،
دەرسلەرنى ياخشى تەكرار قىلىڭ، دېدى.

ئىككىنچى كۈنى مەكتەپتە
ئومۇمىيۈزلۈك ئەمگەك قىلدۇق.
بىزنىڭ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېت-
بول مەيدانىنىڭ يېنىدىكى بىر كونا تام-
نى چېقىۋاتاتتۇق. بالىلىق - دە، مەنمۇ
ساۋاقداشلار بىلەن بەسلەشكەندەك ھەم-
مىنى ئۇنتۇغان ھالدا تام ئۈلىنى كولاپ
كېتىپتىمەن. ئىش تازا قىزىغاندا بىرى
مېنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، تام ئۆرۈلۈپ
چۈشتى. سېكونت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن
بۇ ئىشتىن مەن تولىمۇ ھەيران بولدۇم:
مۇئەللىم مېنىڭ يېنىمدا دۈم ياتاتتى،
ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ تۆۋىنى تام ئاستىدا
قالغانىدى. ساۋاقداشلار ھودۇقۇشۇپ
چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن
ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئو-
لىشىپ كېلىپ، مۇئەللىمنى تام ئاستىدىن
تارتىپ چىقىرىشتى. بىرسى بىر ھارۋا
تېپىپ كېلىپ، مۇئەللىمنى ئولاش - چو-
لاش كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئالدى - دە، چې-
پىپ چىقىپ كەتتى.

كېيىن ئۇقسام، مۇئەللىم تامنىڭ يې-
قىلىشقا ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ
كەلگەن پېتى مېنى تام ئالدىدىن ئىتتى-
رىۋېتىپتۇ. لېكىن ئۆزىنى تام ئالدىدىن
نېرى ئالغۇچە، تام ئۆرۈلۈپ بېسىۋالغانى-
كەن. ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كې-
يىن، ئۆزۈمنىڭ مۇئەللىمگە قىلغان ئەس-

كىلىكلىرىمگە مېنىڭ بىر پۇشايمان قىلدىم، مۇئەللىمىمنىڭ تېزراق ساقىيىپ كېتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۈم.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن مۇئەللىمنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئىش قىلساممۇ، دەرس تەكرارلىساممۇ، ھەتتا تاماق يېسەممۇ تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ تام ئاستىدا قالغان ئاشۇ پۇتى كۆز ئالدىم-دىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بو-لۇپ، دادامغا:

— دادا، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. بىر يوقلاپ كەلسەك بو-لاتتى، - دېدىم. دادام ماقۇل بولدى. ئا-نامغا دېسەم سەل نارازى بولۇۋىدى، مەن قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ماقۇل بولۇپ تەييارلىققا كىرىشتى.

ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ ھارۋىنى قې-تىپ، يولغا چىقىپ، چاي ۋاقتىدىن سەل ئاشقاندا دوختۇرخانىغا باردۇق. ئىزدەپ سوراپ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ياتىقىنى تېپىپ، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقان-دىن كېيىن، ئانام خىجالەت بولۇپ:

— ئەپەندىم، مەن خاتا قىپتىمەن، مېنى ئەپۇ قىلسىلا، - دېدى.

مۇئەللىم ئاغرىق ئازابىدا ياداپ، سار-غىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ناھايىتى روھ-لۇق ئولتۇراتتى. مەن مۇئەللىمنىڭ مې-نىڭ بەختىمنى دەپ، مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى مۇئەللىم-گە ئېتىپ قاتتىق يىغلىدىم:

— ئاھ، مېھرىبان ئۇستازىم! قەدىرلىك مۇئەللىمىم! مېنى كەچۈرەمسىز؟ مېنىڭ سىز-گە قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى كەچۈرەم-سىز؟...

---

( بېشى 98 - بەتتە )

بىلەن توي قىلىمەن، ئەگەر سىلە بۇنىڭغا قارىماي توي خېتى كېسىۋەسىلىمۇ مەيلى، مەن يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن، - دېدىم، تاغامنىڭ ئوغلى ئىم دېيەلمەي قالدى، يېنىپ چىقتۇق، مانا ھەممە ئىش شۇ، لېكىن ئارمان مەن... مەن ئاتامدىن قورقۇۋاتىمەن، ئۇ ھېلى مېنى ئىزدەشكە باشلايدۇ، قورقۇۋاتىمەن، سالمان تاغىڭىز-غا دەڭ، بىزنى ماشىنىسى بىلەن داتۇڭغا ئاپىرىپ قويسۇن، تويدىن كېيىن قايتىپ كەلەيلى، ئاتا- ئانام ئىلاجىسىز بىزنى ئەپۇ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، مەن خىز-مىتىمنى قىلىۋېرىمەن، سىزمۇ تىجارىتىڭىز-نى قىلىۋېرىسىز، ھە، يەنە بىر گەپ، بىز ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىن يەر ئېلىپ تازا چىرايلىق ئۆي سالايلى، كېيىن... كېيىن مېنى گۇاڭجۇغا ئاپىرىسىز جۇمۇ!...

سەرۋىنارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى، يىغلاۋېتىپ كۈلەتتى، كۈلگەندىمۇ، يىغلىغاندىمۇ يۈزلىرى ھامان قىزىرىپ تۇراتتى. ئارمان ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە كۆچەپ سۆيدى، سەرۋىناز قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئارمان ئىسسىكىنچى قېتىم سۆيۈشكە تەمشەلگەندە، سەرۋىناز يۇل-قۇنۇپ بوشاندى-دە، پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— توختاڭ، سەرۋىناز...

— تېز چۈشۈڭ، بۇ خارابىلىقتا يۈرگىنىمىزنى خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ؟!

ئارمان پەسكە چۈشتى، ئىسكىيىلەن سالمانىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ مېڭىشتى.

— ئارمان، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قورقماڭ، - دېدى ئارمان چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن، - قاراڭ ئاۋۇ «مۇز تاغ ئاتا» چوققىسىغا، قاتتىق سېلىۋاتقىنى سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئەمەس، ئاشۇ «مۇزتاغ ئاتا» نىڭ يۈرىكى.

— ئوخشاش گەپقۇ، - دېدى سەرۋىناز ۋاللىدە قىزىرىپ.

1993-يىل 1- ئاي، قەشقەر.

ئابلىمىت توختى

# دادامغا ئېچىنىمەن

(ھېكايە)

تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتىمەن، ئۆگەنگەن ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم كۆپەيگەنسېرى سەزگۈرلۈكۈم ئېشىپ، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. ئەپسۇسكى، مۇشۇ كۈنلەردە دادامنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىدىغان بولۇپ قالدىم. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا، دادام ھەر مەۋسۇملۇق نەتىجە كۆرسەتكۈچلىرىم ۋە مەكتەپتىن بېرىلگەن مۇكاپات بويۇملىرىنى كۆرگىنىدە، خۇشاللىقتىن قىنىغا سىغماي قالاتتى - دە، بىرجۈپ كۈچلۈك قولىدا دەس كۆتۈرۈپ پىرقىراتقىنىچە مەڭزىمگە نەچچىنى سۆيەتتى. قولۇمغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل تۇتقۇزغاندىن باشقا، «ھەي ئانىسى، پەرھادجاننىڭ نەتىجىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ياخشى غىزا تەييارلاڭلار!» دەيتتى... بىراق، ھازىر دادام مېنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مېنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇشقا باشلىدى. راست ئەمەسمۇ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق بولسا، ئەقەللىسى ساۋاقداشلىرىممۇ مازاق قىلىدىغان گەپ! مېنىڭغۇ دادامنى ھۆرمەتلەش مەجبۇرىيىتىم بار. بىراق، داداممۇ رەھبەرىي كادىرلىق سۈپىتىنى ساقلىسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟! ئۇ چاغدا دادامنىڭلا ئەمەس، مېنىڭمۇ يۈزۈم يورۇق، تىلىم ئۇزۇن بولاتتى. ھازىر تەڭتۇشلىرىم مېنى «پارا ئالغان پۇلۇڭلار بىرەر ساندۇق بولدىمۇ؟ بۈگۈن يېڭى ۋېلسىپىت مىنىۋاپسەن، بۇنى كىم سوۋغا قىلدى؟» دەپ ئانىي تاپىدىغان بولۇۋالدى. ئېسىت، بۇ ئاھانەتنى، بۇ سەتچىلىكنى!

مەن دادامنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزگە خۇشامەتچىلەر يېغىپ كەتتى. دادام بىرەر كىيىملىك يۇڭ رەخت ياكى نەق پۇل ئېلىپ كىرگەن «ھاجەتمەن» لەرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى، ھەتتا ئۆزى داستىخان تەييارلاپ، مېھمان قىلىشنىمۇ ئېغىر ئالمايتتى. ئۇزاتقان چاغدا بولسا «خاتىرجەم ئىشلىرىنى قىلىسىلا، سىلىنىمۇ نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بەش يۈز يۈەن تەقسىم قىلىپ بېرەي» دەيتتى. بۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈشلەرمۇ «ھاجەتمەن» لەرنىڭ «ئىپادىسى» گە ئاساسەن پەرقلىق بولاتتى. سوۋغىنىڭ قىممىتى ئازراق بولسا، «ئۆتۈمسىز قەرز» بېرىشكە ۋەدە قىلاتتى. يامان يېرى شۇكى، دادام بەزى «قولى ئۇزۇن، سېخى بايۋەتچىلەر» گىمۇ خېلى كۆپ پۇلنى تەستىقلاپ بېرىۋېتەتتى.

دادام شۇنداق ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق كىشىمۇ؟

دادام قۇرۇق قول كىرگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە «ئىشەنگىز بولسا ئەتە ئىشخانىمىزغا بېرىڭ» دېسە، يەنە بەزىلىرىگە «كېيىنگىز بولسا كاتىپقا ئېيتىپ قويۇپ كېتىۋېرىڭ!» دەيتتى. قايتا چىش يېرىپ گەپ قىلغۇچىلار چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ يوللۇق ئىلتىجالىرىغا پىسەنت قىلماي، دەرغەزەپ بىلەن چالۋاقايتتى ـ دە، بىر يولىلا قوتۇلاتتى. مەن كۆڭلۈمدە «دادامغا ئوخشاش ھوقۇقى بارلار ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلسا، ئادىللىق بىلەن ئىش بېجىرمىسە، كەلگۈسىگە قانداقمۇ ئۈمىدلىك قارىغىلى بولسۇن؟ ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشىغا مەڭگۈ يول قويۇۋېرەرمۇ؟ مەن دادامغا نەسىھەت قىلىپ، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك!» دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا مەن بىر نەچچە قېتىم ناچار خاھىشلار پاش قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولغانلىقىغا دائىر ماقالىلارنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ، دادامنى تەسىرلەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇم. ئەپسۇسكى، دادام خۇددى لازىدەك قىزىرىپ:

— ئارامىمنى بۇزماي ئىچىڭدە ئوقۇ، بولمىسا تاشقىرىغا چىقىپ كەت! ـ دەپ چالۋاقاپ، مېنى جىمىقتۇرۇپ قويدى.

بىر كۈنى ئائىلىمىزدىكىلەر چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. ئۆيىمىزگە ئوتتۇرا بويلۇق، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ، يېڭىيەر كەنتىنىڭ بوغالتىرى ئىدى.

دادام يېڭىيەر كەنتىدىن بىر ماشىنا ياغاچ ئەكەلگەن بولۇپ، بوغالتىر ئاكا بۈگۈندىن ئىلگىرىمۇ پۇلنى سۈيلەپ كۆپ قېتىم كەلگەنىدى.

— بۇ دۇشقاقتەك چاپلىشىۋالمىساڭچۇ، مەندە دۇنيارىڭ يوق! ـ دېدى دادام ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ.

— كوجاڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ياغاچ ھېسابىنى ئۇقتىلىق تەكشۈرمەكچى، شۇڭا مەندىمۇ ئامال يوق، ـ دېدى بوغالتىر يۇمشاق تەلەپپۇزدا.

— ئەخمەق! ـ دادامنىڭ غازىر كۆزلىرى چەكچەيدى، چېكە تومۇرلىرىمۇ پۈلتىيىپ چىقتى، ـ مەن ئالغان ياغاچلارنى تىزىملىكتىن چىقىرىۋەتسەڭ ئىش پۈتمەمدۇ؟

— كوجاڭ، سىلە ئالغان ياغاچلارنى ئون نەچچە ئادەم تەرلەپ ـ پىشىپ ماشىنىغا بېسىپ بەرگەن تۇرسا، بۇنى قانداقمۇ ...

— ھىم، چاشقانغا كېپەك ئالغۇزمايدىغان خەققە نىسەن، بەلىپ قوي، بۇ يىل يېڭىيەر كەنتىگە 30 مىڭ يۈەن يار ـ يۆلەكتە بولۇش مەبلىغى بېرىش نىيىتىم بار ئىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، «ياماڭغا ياغ ياراشمايدۇ» غان ئوخشايدۇ، ياغاچنىڭ پۇلىنى ئۆلۈپ كەتكەن نامرات ئائىلىنىڭ بىرەرسىگە جۆندەپ، ھۆججەت توغرىلاپ كەلگەن بولساڭ، ياغمۇ، پىيازمۇ كۆيمەيتتى. پەقەتلا «لى» ئۇقمايدىغان خەققە نىسەن!

— ئۇنداق قىلساق پرىنسىپ...

— قوي، ئۇنداق پرىنسىپىڭنى! تازىمۇ بىغەرەز نېمىكە نىسەن، سېنىمۇ بوغالتىر دېگىلى بولامدۇ؟ ـ دادامنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقاي دەپ قالغانىدى. بوغالتىر چىقىپ كېتەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىنى بىزدىن يوشۇرۇپ، ھويلىمىزدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويدۇم. دا-

دامىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى مېنى ئەجەب-
لەندۈردى، شۇڭا ئۆزۈمنى باسالماي قال-
دىم - دە، ئۇدۇللا دېدىم:
— دادا، ياغاچ ئالغىنىڭىز راست
بولغاندىكىن، پۇلىنى بېرىۋەتسىڭىزچۇ؟
مۇشۇ ئىشتىن...
— ئاغزىڭنى يۇم! سەن دېگەن ئاق -
قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان كىچىك بالا،
مېنىڭ ئىشىمغا لوقما سالغىچە سىڭگەن
نېنىڭنى يە! ئويلاپ باق قېنى، ئۈچ ۋاخ
يەۋاتقان گۆشلۈك تامىقىڭ پۇلغا كەل-
گەنمۇ ياكى قۇرۇق گەپكىمۇ؟ كىتاب ئو-
قۇغانىڭغا كەلگەنمۇ يە؟ مەن پۇل تاپمى-
سام، سەن سىرتتىن بىر مو پۇل تېپىپ
كىرەلەمسەن؟ ھۇ قاپاقباش، پۇلىمىز
كۆپ بولسا، مەن ئۇنى گۆرۈمگە ئېلىپ
كەتمەيمەن، ساڭا مىراس قالىدۇ، مىراس!-
دادامنىڭ غەزىپى تېشىپ، كۆزلىرى چاق-
ناپ كەتكەنىدى، بەدىنىمۇ لاغىلداپ تىت-
رەيتتى. مەن دادامنىڭ ئەلپازىدىن قور-
قۇپ، ئاپامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدىم.
مەن دادامنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ
يۈرۈپتىمەن. كىم بىلسۇن، دادام ھازىر-
قى مەنسىپىگە قانائەت قىلماي، ھاكىم
بولۇش غەرىزىدە قاتىراپ يۈرۈپتۇ. نا-
ھىيىدە سايلام ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادام ئۆزىنىڭ ئۇلپەت-
لىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى مېھمانغا چا-
قىردى. ئۇلار ئازادە ئولتۇرۇپ مەززە ق-
ىلىشتى، دادامنىڭ بۇ قېتىمقى سايلامدا
ئۇتۇپ چىقىپ ھاكىم بولىدىغانلىقى توغ-
رىسىدىكى گەپلەر ئۈزۈلۈپ قالمىدى.
مەن ھەيران بولۇپ، ئۇلارغا ئاللىنېمە-
لەرنى دېگۈم كەلدى. بىراق، ئامالىم قان-
چە؟ كۆڭلۈمدە: ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك
دېگەن سۆز يالغانمىدۇ؟ دادامنىڭ قىلغان-
ئەتكەنلىرى راستىنلا قۇمغا چاچقان سۇغا
ئوخشاش سىڭىپ كېتەرمۇ؟
بۇلارنىڭ ھەممىسى دادامنى «سىلە
دېگەن پاك، قابىلىيەتلىك رەھبەر» دېيى-
شىۋاتىدۇ. «دادام پاك بولىدىغان
بولسا، پاك ئەمەس رەھبەرلەر-
نىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى قانچىلىكتۇ؟»
دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتىم. تۆردە ئولتۇر-
غان ئاق سېمىز كىشىنىڭ ئاۋازى خىيا-
لىمنى بۆلۈۋەتتى:
— ھەممىمىز قۇلىقىمىزنى دىڭ، پۇت-
قولىمىزنى ئىتتىك، ئاغزىمىزنى چىڭ ھەم
يۇمشاق قىلىپ، پىلان بويىچە ئىشقا كى-
رىشەيلى، - دېدى ئۇ قولىدىكى رومكىنى ئې-
گىز كۆتۈرۈپ، - ھەر قايسى يېزىلارنىڭ
ۋەكىل باشلىقلىرى بىلەن ئالاقە باغ-
لاشقا بىرىدىن ئادەم مەسئۇل بولىمىز، مەن
ئىدارە - ئورگان ۋەكىللىرىگە مەسئۇل
بولىمەن. ئەبەي جۇيجاڭنى ساندۇقتىن
چىقىرالىساق مەشەدە ئولتۇرغانلارغا بەخت
قۇشى قونىدۇ، ھەرگىز چاندۇرۇپ قويمايلى.
ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن دادامنىڭ تەرى-
پىنى قىلىشتى. مەن دادامغا ئېچىنىش
ھېسسىياتىم بىلەن قارىدىم.
دادام مېھمانلارنىڭ ئال-
دىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇ-
نىڭ ئاغزى كامارەك ئېچىلىپ قالغان،
كۆزلىرى بولسا شاد كۈلكىدىن يۇمۇلۇپ
كەتكەنىدى. تۈن نىسپى بولۇپ قالغاچقا،
ئېغىرلاشقان قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ،
تاشقىرىدىكى ئۆيگە چىقتىم - دە،
كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. قاچانلاردا
ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
ئەتىسىدىن باشلاپ دادام ناھايىتى
ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كېچىلىرىمۇ ئا-
پامنى ئەگەشتۈرۈپ، داستىخان كۆتۈرۈپ

نەلەرگىدۇ چىقىپ كېتەتتى.
بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا،
مەن دادامغا قاراپ:
— دادا، ھازىر قىلىپ يۈرگەن ئىشلى-
رىڭىزدىن چاتاق چىقىپ قالارمىكىن، دەپ
بەكلا ئەنسىرەۋاتىمەن، كوچا - كويلاردا
سىز توغرۇلۇق سۆز - چۆچەكلەر ئاۋۇپ
كېتىپتۇ، سىز ھاكىم بولماڭ، دادا!-
دېدىم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.
— ئاغزىڭنى يۇم، تۈز كور! مەن ھا-
كىم بولسام ساڭا زىيىنى تېگەتتىمۇ؟ ھۇ
كۆڭلى قارا، بىلىپ قوي، مەن سېنىڭ
داداڭ، مەن ھاكىم بولۇپ قالسام، سەنمۇ...
— ياق، دادا، سىزنىڭ بۇ خىيالىڭىز...
— كۆزۈمدىن يوقال، ئىتنىڭ بالىسى!-
دادام ئەمدى خۇدىنى يوقىتىپ، يۈزۈمگە
بىر شاپىلاق سالدى. كۆزلىرىمدىن ئوت
چاقناپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ دادام
بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەرمۇ بولۇنمىدى،
ئائىلىدىمۇ ناتونۇشلاردەك
يۈردۇق. ئەمما شۇ كۈنلەردە «ئەبەي
كوچاڭ ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، ھاكىم
بولۇش غەرىزىدە قاتراپتىكەن، پاش
بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيى-
تىمۇ بىكار قىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ كوچاڭ بول-
غاندىن بۇيانقى قىلمىشلىرىمۇ ئېغىركەن.
خىزمىتىنى توختىتىپ تەكشۈرگۈدەك»
دېگەنگە ئوخشاش مىش- مىش گەپلەر
ئاۋۇپ كەتتى. دادامىمۇ دورا يەۋالغان
بىلىقتەك خاموش بولۇپ قالدى،
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مىش - مىش
گەپلەر راستقا چىقتى. كەچقۇرۇن مەك-
تەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلسەم، دادام
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ
ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆز-
لىرى تورۇسقا مىختەك قادالغانىدى.
مەن دادامنىڭ چىرايىغا سەپ سالدىم:
دادام بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا كۆرۈنەر-
لىك جۈدىگەن بولۇپ، ئىنتايىن بىچارە
قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ
ھەر بىر تىنىقىدىن ھەسرەتلىك ھىد سۇ-
غۇرۇلۇپ چىقاتتى. دادامنىڭ يېنىدا ئى-
ڭىكىنى تۇتقان پېتى ئولتۇرغان ئاپام-
نىڭ كۆزلىرىمۇ ياش يۇقى تۇراتتى.
مەن گاڭگىراپ قالدىم، دادامغا راستىنلا
ئىچىم ئاغرىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، تېخى
بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى خۇددى بوران-
دەك گۈركىرەپ يۈرگەن دادام مانا
ئەمدى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بىمار-
دەك نىمجان ھالەتتە يېتىپتۇ. ئۇ، مېنىڭ
دادام ئەمەسمۇ؟ مەن سومكامنى شىرە
ئۈستىگە قويۇپ، يېنىك قەدەم بىلەن
دادامنىڭ ئالدىغا كەلدىم.
— دادا، بالدۇرلا يېتىۋاپسىز، مىجە-
زىڭىز يوقمۇ؟ - سورىدىم پەرىشان
هالدا.
— يېقىن كەل، ئوغلۇم، - دېدى دادام
تىترىگەن تەلەپپۇزدا، سەل مىدىرلاپ
قويۇپ، - مېنى كەچۈرگىن ئوغلۇم، سەن
ھەرگىز كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى تەر-
بىيە كۆرۈۋاتقان ئەقىل ئىگىسىكەنسەن.
ئاھ خۇدا، مەن سېنى «لى» ئوقمايدى-
غان كىچىك بالا، دەپ خاتا مۆلچەرلىگەن
ئىكەنمەن. «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باش-
تا» ئىكەن، مەن ئەمدى سېنى ھەر-
گىز «كىچىك بالا» دېمەيمەن.
دادامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچى-
لىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئاپاممۇ ئۈن
سېلىپ يىغلىۋەتتى، مەنمۇ ئىختىيارسىز
يىغلىۋەتتىم - دە، «دادا!» دېگىنىمچە
يۈزىنى سىيلىدىم. داداممۇ «ئوغلۇم!» دې-
گىنىچە، مېنى باغرىغا چىڭ باستى.

# روزاخۇن موللام لەتىپىلىرى

كۆزگە كۆرۈنگەن لەتىپىچى روزاخۇن موللام 1920 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ساغان يېزىسى غېرىبقۇم كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىقۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. موللام ناھايىتى تىرىشچان، زېرەك بولغاچقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىپ، يۇرت بويىچە خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىر، يۇمۇرىستىك تىلى بىلەن كۆپلىگەن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلىپ جامائەتنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنى خىلمۇ خىل بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاچكۆز بايلاردىن تارتىپ، جېدەلخور قوشنىلار، بيۇروكرات، تۆرىچى باشلىقلارنى قامچىلاشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇ يەنە جەمئىيەتتىكى ۋە ھەرقايسى ئائىلە-ئۆيلەردىكى بەزى ناچار خاھىش، ناچار ئادەتلەرنى سۆككەن بولۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

روزاخۇن موللام «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن «قارا گەپ تارقاتتى» دېگەن بەدنام بىلەن، ئۇرۇپ دۇمبالانغان ھەمدە تاياق زەربىسىدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، 1978 - يىلى 5 - ئايدا 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

روزاخۇن موللامنىڭ ھازىرغىچە لەتىپە - چاقچاقلىرىغا ئائىت بىرەر يازما ماتېرىيالى تېپىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يولداش مەتىمىن ئابدۇللا ھايات ۋاقتىدا يېڭىسار ساغان يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ مەشرەپ، توي-مەرىكە، سورۇنلاردا موللام توغرىسىدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلىرىدىن بىر قىسمىنى توپلاپ، رەتلەپ چىققان. كىتابخانلارنىڭ روزاخۇن موللام لەتىپىلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە توپلاش، رەتلەشكە بىر يىپ ئۇچى بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم لەتىپىلىرىنى تاللاپ، تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

## لازا بولمىسىمۇ بولىدۇ

روزاخۇن موللام بازاردىن گۆش، سەي - كۆكتات ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئايالى:

— موللام، گۆشنىغۇ ئوبدان ئەپكەپلا، لازا - پازا، ئاچچىقسۇمۇ ئالغاچ كەلمەپلىغۇ؟ - دەپتۇ. ئايالىنىڭ تولىمۇ تېتىقسىز گەپ قىلىپ، جېدەل قىلىدىغانلىقىدىن زېرىكىپ يۈرىدىغان موللام:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيدە بارغۇ، - دەپتۇ پەرۋاسىز.

— ھۇ ئۆلۈم يارىتمايدىغان دەيۈز! نەدىمۇ ئۇ نەرسىلەر بولسۇن، - دەپ تىللاپ كېتىپتۇ خوتۇنى.

## خەزىنە

ــ خۇداغا شۈكرى ، ياخشىمۇ ئۇ لازد ـ
نى ئەپكەلمەپتىكەنمەن، بولمىسا سىلىنىڭ
ئاچچىق گېپىڭلارغا قوشۇلۇپ ئۆتۈمنى يې ـ
رىۋېتەمدىكەنمۇ دەيمەن ـ دەپتۇ موللام .

## ئانىڭىزنىڭ تۇغقىنى كەلدى

ــ دادا ، ئانام تۈنۈگۈن ئاغرىپ قېلىـ
ۋىدى ، بۈگۈن ساقىيىپ، ئەجەبمۇ ياخشى
بولدى ــ ھە ؟ ـ دەپتۇ روزاخۇن موللام ـ
نىڭ بالىسى .
ــ شۇنى دېگىنە بالام ، تۈنۈگۈن دا ـ
داڭنىڭ تۇغقىنى كەلگەنىدى ، بۈگۈن ئا ـ
ناڭنىڭ تۇغقىنى كېلىپ تولىمۇ ياخشى
قىلدى . شۇڭا ئاناڭ ساقايدى ـ دەپتۇ
موللام .

## ئاقتى

سىرتتىن كىرگەن موللامدىن ئايالى :
ــ دادىسى ، ئېلىپ بارغان ياغلىق قا ـ
پىقىڭلار ئاقتىمۇ ؟ ـ دەپتۇ .
ــ ئاقمامدىغان ، باشلىقنىڭ ئۆيىگە
بارغۇچە قاپاق تېشىلىپ كېتىپ ھەممىسى
يولغا ئاقتى ـ دەپتۇ موللام .

## گۇناھى ئېشەككە

روزاخۇن موللام ئېشەككە مىنىپ مەس ـ
چىت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا «ئەزان» ـ
نىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . موللام ئېشەك ـ
تىن چۈشمەي كېتىۋېرىپتىكەن، بۇنى كۆر ـ
گەن بىر كىشى :
ــ روزاخۇن موللام ، ئەزان چىقىقاندا
ئاڭلاپ تۇرۇپ يول مېڭىش گۇناھ، ئېشەك ـ
تىن چۈشۈپ ئەزان توختىغاندا ماڭسىلا ـ
دەپتىكەن ، روزاخۇن موللام دەپتۇ :
ــ مەن ماڭمىدىم ، ئېشىكىم ماڭدى ،
گۇناھ بولسا ئېشەككە .

## خۇدامۇ پۇشايمان قىلىمدۇ

روزاخۇن موللامنىڭ مەھەللىسىدە بەك ـ
مۇ ھورۇن ، تەييارتاپ بىر ئادەم بار ئىـ
كەن . ئۇ بىر كۈنى روزاخۇن موللامدىن :
ــ موللام ، خۇدايىم قىلغان ئىشىغا
پۇشايمان قىلامدۇ ؟ ـ دەپ سوراپتۇ .
ــ ئەلۋەتتە پۇشايمان قىلىدۇ ـ دەپتۇ
موللام .
ــ قانداق ئىشىغا ؟ ـ دەپتۇ ھېلىقى
كىشى .
ــ بەزى راۋاج تاپماس ھورۇنلارنى
ياراتقۇچە ، ياراتمىسامچۇ ، دەپ پۇشايمان
قىلىدۇ ـ دەپتۇ موللام .

## مەن تۇرىمەن

ئاپەتلىك يىللارنىڭ بىرىدە روزاخۇن
موللامنىڭ مەھەللىسىگە باشقا يۇرتتىن
كەلگەن بىر كادىر خىزمەتكە مەسئۇل بو ـ
لۇپ چۈشۈپتۇ . ئۇ بەكمۇ زەردىلىك ئا ـ
دەم بولۇپ ، بىر كۈنى موللامغا كايىپ :
ــ ھوي ، ئاڭلىسام سەن بەكلا گەپدان
ئادەم ئىكەنسەن ، لېكىن ، ئىش ـ ئەم ـ
گەككە بوش ئىكەنسەن ، بۈنىڭدىن كېيىن
گەپدانلىق قىلماي ياخشى ئىشلە ، بول ـ
مىسا ما يۇرتتا يا سەن تۇرىسەن ، يا مەن
تۇرىمەن دەپتۇ .
ــ گەپلىرى توغرا باشلىق ، ـ دەپتۇ
موللام ، ـ ئۆزلىرى باشقا يۇرتتىن بولغان ـ
دىكىن ھەقىچان كېتىلا ، بۇ يۇرتتا مەن
تۇرىمەن .

## تۆت تام قالىدۇ

قىيىنچىلىق يىللىرىدا روزاخۇن مول ـ
لامنىڭ مەھەللىسىدە تۇرمۇش كەچۈرمەك
تولىمۇ قىيىنلىشىپتۇ . كىشىلەر تەرەپ ـ
تەرەپكە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ .
قالغان ئەزالارنى يىغىۋالغان باشلىق :

ــ ھە ، موللام دەپ باقىىلا ، ئەزالىـ
رىمىز مۇشۇنـداق چىـقىپ كېتىـۋەرسە بۇ
يەردە نېمە قالىدۇ ؟
ــ نېمە قالاتتى ئۇكام ، مۇشۇ ئۆيىنىڭ
تۆت تېمى قالىدۇ ـ دە،ـ دەپتۇ موللام.

## مال ئىگىسىنى دورايدۇ

روزاخۇن موللامنىڭ قوشنىسى بەكمۇ
جېدەلـخور ئادەم ئىكـەن . بىـر كۈنى ئۇ
موللامدىن :
ــ موللام ، بىـزنىڭ بىر ئۆچـكە بار
ئىدى . ئېغىلدىكى باشقا ئۇلاغلارنى ئۇسـ
سۇپ زادىلا ئارام بەرمىدى ، بۇنىڭ سە ـ
ۋەبى نېمىدۇر ؟ـ دەپ سوراپتۇ .
ــ باشقا سەۋەبى يوق ـ دەپتۇموللام،ـ
مال ئىگىسىنى دورايدۇ .

## « روزاخۇن موللامغا بېرىلمەيدۇ »

روزاخۇن موللامنىڭ يۇرتىدا ھەر يىلى
ئائىلىلىكلەر ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆي سالىـ
دىكەن . لېكىن ، بۇ ئۆيلەردىن روزاخۇن
موللامغا بىر ئېغىزمۇ يەتمەيدىكەن . مولـ
لام بىر نەچچە قېتىم ئۆي دەۋەسى قىلىپ
ھەل قىلالمىغاندىن كېيىن ، بىر قېتىم
يېڭىدىن سېلىنغان بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ئىـ
شىك بېشىغا : « بۇ ئۆي روزاخـۇن مول ـ
لامغا بېرىلمەيدۇ » دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## كادىر تۇغـدىغان خوتۇن ئالىمەن

ناچـار ئىسـتـىلـلار ئـەۋج ئـالـغـان
كـۈنـلـەرنـىـڭ بـىـرىـدە، روزاخـۇن
مـولـلام، بـاشـلـىق ئـىـشـخانـىـسـىغا
كىرىپ ، « مەن زادى ئايالىمنى قويۇۋې ـ
تىمەن » دەپ تۇرۇۋاپتۇ .
ــ موللام ، ئالتە بالىلىق بولغاندىمۇ
بۇنداق گەپنى دەپ يۈرۈش ئۇيات ئەمەسـ
مۇ ؟ ـ دەپتۇ باشلىق چۈشەندۈرۈپ.
ــ ھەببەللى ، شۇ ئالتە بالىنىڭ دەرـ
دىدىن قويۇۋېتىمەن ـ دەپتۇ موللام،ـ
ــ نېمىشقا ؟
ــ باشلىقلارنىڭ ئايالـلىرى تۇغـقان
بالىلار مەكتەپـتە ئوقۇسا ئورۇنلىشىدىـ
كەن ، مېـنىڭ بالىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى
ئورۇنلىشالمىدى . بۇنداق خىزمەتكە ئو ـ
رۇنلىشالمايدىغان بالا تۇغىدىغان خوتۇنـ
نى قويۇۋېتىپ ، باشلىقلارنىڭ خوتۇنىدەك
خوتۇنـدىن بـىرنى ئالايمىكىن دەيمەن ـ
دەپتۇ موللام .

## جىنازىغا چىقىپ بېرىڭلار

روزاخۇن موللامنىڭ ئايالى مەھەللىـ
سىدىكى باردى ـ كەلدى ئىشلىرىغا زادىلا
قاتناشمايدىـكـەن . مـولـلام بېـرىـڭـلار
دېسە : « ھارۋىغا چىقسام جالداقلاپ مې ـ
ڭىپ بېقىنىمغا سانجىق تۇرۇپقالىدىكەن،
ماشىنىغا چىقسام بېشىم قايىدىكەن . مې ـ
ڭىپ بېرىشـقا خوش ياقمايـدىكەن » دەپ
زادىلا ئۆيـدىن چىققىلى ئۇنىمايدىكەن .
بىر كۈنى روزاخۇن موللام ئىشىك ئالدىـ
غا بىر جىنازا ئەكەلدۈرۈپتۇ ـ دە ، ئاياـ
لىنى چاقىرىپ :
ــ ئەمدى چىقىڭلار ، ـ دەپتۇ .
ــ نېمىگە ؟
ــ نېمىگە دەيسىلـنا ؟ ـ دەپتۇ مول ـ
لام، ـ بېشىڭلار قايمايدىغان، بېقىنىڭلارـ
غىمۇ سانجىق تۇرمايدىغان ، ھېرىپ كەتـ
مەيدىغان جىنازا تاپتىم . مۇشۇ جىنازىغا
چىقىپ باردى ـ كەلدى ئىشلىرىغا قات ـ
ناشمامسىلەر ؟ ـ دەپـتۇ مولـلام ئايالىغا
جىنازىنى كۆرسىتىپ .

## سودىگەر يىقىلىدۇ

روزاخۇن موللام سودىگەرچىلىك قىلىپ

يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مال ئېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەپتۇ. ئەپسۇسكى، شۇ كۈنىسى يامغۇر ياغقانلىقتىن، ھەممە ياق پاتقاق بولۇپ كەتكەنىكەن. ئاۋايلاپ كېتىۋاتقان موللام يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ:

— بەزىلەر سودىگەر يىقىلىدۇ، دىسە قانداق يىقىلىدىغاندۇ دەپتىكەنمەن، مانا مۇشۇنداق يىقىلىدىكەن-دە، دەپتۇ موللام لاينى قېقىۋېتىپ.

## كېچىسى ئىت، كۈندۈزى ئادەم بولمايدىغانلا

روزاخۇن موللامنىڭ بىر توخۇسىنى شۇ مەھەللىدىكى بىر ئادەم ئوغرىلىۋاپتۇ. ئەتىسى توخۇنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم ھەممىدىن بۇرۇن:

— موللىكا، توخۇلىرى قانداق توخۇ ئىدى؟ ئۇنى ئىت يەۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ - دەپتۇ. ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ يۈرگەن روزاخۇن موللام:

— ئۆزلىرى كېچىسى ئىت، كۈندۈزى ئادەم بولمايدىغانلا - دەپتۇ.

## ئاناڭ چالىدۇ

روزاخۇن موللام توي قىلىپ بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ئايالى ھەر كۈنى جېدەل قىلىدىغان، موللامنىڭ ياقىلىرىغا ئېسىلىپ، يۈز-كۆزلىرىنى تاتىلايدىغان بولۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا چىدىماي تۇرغان موللام بىر كۈنى ئويلىنىپ ئولتۇرسا موللامنىڭ ئوغلى:

— دادا، ئۇزۇن بولدى دۇتارمۇ چالمايسىز، بىر چېلىڭ! - دەپتۇ.

— ئاناڭ كۈندە جېدەل قىلىپ، داداڭ ياداپ دۇتاردەك بولۇپ كەتتى. دۇتار ئاڭلىمغۇڭ كەلگەن بولسا بالام، - دەپتۇ موللام، - ھېلى ئاناڭ كىرىپ ياقامغا ئېسىلىپ تازا «چالىدۇ»، شۇنى ئاڭلىغىن!

## ياخشى بولماس

روزاخۇن موللام قوغۇنلۇقتا قوغۇن بېقىپ ياتسا، تەڭ كېچە بولغاندا تۆت ئادەم قوغۇن ئوغرىلىغىلى كەپتۇ. موللام ئوغرىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يېتىۋالغانىكەن، ھېلىقى ئوغرىلار موللامنى كارىۋات بىلەنلا كۆتۈرۈپ يانىدىكى ئېتىزدىكى ئوسلىققا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئۆزلىرى بولسا قوغۇنلۇققا كىرىپ تازا پىشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ تاغارغا سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موللام:

— ھاي، ھاي، ئىنساب بارمۇ؟ بولدى قىلىڭلار، مەن قوغۇن تېرىغان ئادەم ئوسلىقنىڭ سۈيىنى ئىچسەم، ھەرقايسىڭلار قوغۇن يېيىشسەڭلار ياخشى بولماس؟ - دەپتۇ موللام.

## خىرىس قىلماڭ دەۋاتىدۇ

روزاخۇن موللام بىر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باي موللامغا كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ نان يېقىپ بېرىپتۇ-دە:

«موللام، بۇ جىرىس نان ئادەمگە بەك پايدا قىلىدۇ» دەپتۇ. موللام ئېغىز ئاچماپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن باي يەنە موللامنى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— موللام، دەرەختىكى ئاۋۇ قۇشقاچ نېمە دەپ سايراۋاتىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— روزاخۇن موللامنىڭ يېيىشى كېپەك بىلەن جىرىس، شۇڭا باي ئۇنىڭغا قىلماڭ خىرىس! - دەۋاتىدۇ - دەپتۇ موللام.

(ئاخىرى 87 - بەتتە)




بۇرۇننىڭ ـ بۇرۇنىسىدا، كۈن چىقىش تامانىدا كاتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇ، بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، بىللە چىققان ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ يولىدىن ئېزـ زىپ قېلىپ بىر قۇلى بىلەن پايانسىز جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ . پادىشاھ يول تاپالماي تېڭىرقاپ تۇرغاندا ئالدىدىكى بىر ئوت ـ چۆپلۈك ئارىسىدا بىر ئاق يىلان بىلەن بىر قارا يىلان ئۇرۇشۇۋاتقۇدەك ، پادىشاھ يىلانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغىنىدا قارا يىلان ئاق يىلاننى ھالاك قىلىشقا ئاز قاپتۇ . دەل شۇ پەيتتە پادىشاھ يېنىدىن خەنجەر چىقىرىپ قارا يىلاننى چېپىپ تاشلاپ ئاق يىلاننى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ . ئەتىسى پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ تەختىدە ئولتۇرسا بىر يىگىت كىرىپ سالام قىپتۇ ، پادىشاھ قارىسا بۇ يىگىت ناھايىتى جەسۇر يىگىت ئىكەن . پادىشاھ سوراپتۇ:

— سىز كىم بولىسىز ؟

— تۈنۈگۈن سىز قۇتۇلدۇرۇپ قويغان ئاق يىلان بولىمەن ، سىز ئۆلتۈرۈۋەتكەن قارا يىلان ئەسلىدە بىر دىۋە ئىدى . ماڭا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ ، داۋاملىق دۈشمەنلىك قىلاتتى ۋە مېنى يوقىتىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى . تۈنۈگۈنكى ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە قۇل بولىمەن . ئۆمرۈم بويى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ ئۆتىمەن.

— ئەرزىمەيدۇ ، ـ دەپتۇ پادىشاھ يىگىتنىڭ ياخشى نىيىتىدىن مەمنۇن بولۇپ،ـ سىز ماڭا قۇل بولمىسىڭىزمۇ قۇللىرىم يېتەرلىك، دەپتۇ شاھ .

— ئۇنداق بولسا سىزگە ئۈچ تەلىپىم بار . بىرىنى قوبۇل قىلىڭ . بىرىنچىسى، ئىختىيار قىلسىڭىز سىزگە تىۋىپلىقنى ( دوختۇرلۇقنى ) ئۆگىتىپ قوياي . ھەر قانداق كېسەلنى كۆرۈپلا بىلەلەيدىغان ۋە شىپاسىنى قىلالايدىغان بولىسىز، گىياھلارنىڭ شىپا ـ لىق خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ يېزىپ بېرەي . ئىككىنچىسى ، پۈتۈن دۇنيادىكى خەزىنىلەرنى

كۆرستەي . ئۇنىڭدىن خالىغىنىڭىزنى ئېلىڭ . ئۈچىنچىسى ، بىر ھەمشىرەم بار ، ئۇ بەكمۇ گۈزەل ، ئۇنى سىزگە بېرەي .

پادىشاھ يىگىتنىڭ ھەمشىرىسىنى تاللاپتۇ . يىگىت پادىشاھقا دەپتۇ :

ــ ئۇنداق بولسا مەن بىلەن ئۆيگە بىللە بېرىڭ .

پادىشاھ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قارىسا ، خىلمۇ خىل خۇشپۇراق گۈللەر ئېچىلىپ ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان بىر بوستانلىقتا بىر ـ بىرىدىن خۇشخۇي گۈزەل قىزلار ، ئايدەك كېنىزەكلەر رەڭگا ـ رەڭ شەربەتلەر تولدۇرۇلغان ئالتۇن جاملارنى تۇتۇپ تۇرغىدەك، بىر چاغدا بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. بۇ تېخىمۇ گۈزەل قىز ئىكەن. يىگىت پادىشاھقا دەپتۇ:

ــ مانا مۇشۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ. سىڭلىمنىڭ قويىدىغان بىر نەچچە شەرتلىرى بار. ھەرگىز بۇنىڭ سۆزىدىن چىقماڭ، قانداق ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى بەجا كەلتۈرۈڭ. ئۆزى قانداق ئىش قىلسا، دەخلى ـ تەرۇز قىلماڭ، ھەر ئىشتا سەۋرلىك بولۇپ كۆڭلىنى ئېلىڭ، رەنجىتىپ قاچۇرۇپ قويماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز زىيان تارتمايسىز، سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار تۇپراقتىن، بىزنىڭ ئەسلىمىز ئوت ۋە شامالدىن.

پادىشاھ يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ دېگىنى بويىچە قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

قىزنىڭ ئىسمى مېھرىبانۇم ئىكەن. پادىشاھ كاتتا توي قىلىپ پەرىزات قىز مېھرىبانۇمنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. تويدىن كېيىن، بۇلار مەخسۇس راسلانغان ھوجرىدا بىر تېكىيگە باش قويۇپتۇ، بۇ چاغدا پادىشاھ مېھرىبانۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر خىل خۇشبۇي پۇراقنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. تۈنجى كېچىدىن باشلاپ بۇ ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ مەلىكە پادىشاھتىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالا ئون كۈنلۈك بولغاندا، مەلىكە بالىنى بىر پارچە ئاق لاتىغا ئوراپ ئوتتۇن يىغىپ كېلىپ، بالىنى ئوتتۇن ئۈستىدە قويۇپ ئوت يېقىپتىكەن، بالا غايىب بولۇپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ ناھايىتى خاپا بوپتۇ، لېكىن، بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورالماپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. ھامىلدار خانىش مېھرىبانۇم بىر قىز تۇغۇپتۇ، بۇ قىزنىڭ ھۆسنى جامالىغا بىر نەرسە توغرا كەلمەيدىكەن. يۈزلىرى پارلاپ تۇرغان كۈندەك نۇرلۇق بولۇپ، پېشانىسىدىن سائادەت نۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن، بۇ قىز ئالتە ئايلىق بوپتۇ. بالىنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، پادىشاھنى كۆرۈپ تەلپۈنۈشلىرى، بۇرۇن تىلى چىقىپ، «دادا» دەپ ئەركىلەشلىرىدىن پادىشاھ بەكمۇ سۆيۈنىدىكەن، قىزىنىڭ تازا پاقلان بولغان مۇشۇ پەيتىدە پادىشاھنىڭ ئۆيى ئالدىغا بىر ئىت كەپتۇ. خانىش مېھرىبانۇم ئۆزىنىڭ ئاززۇلۇق قىزىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئىت بالىنى چىشلىگىنىچە نەگىدۇر ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، غىلىپىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ مەلىكىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ، لېكىن، دەرھال قېيىن ئىنىسىنىڭ سۆزى ئېسىگە كېلىپ ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن پادىشاھنىڭ خانىشتىن كۆڭلى سوۋۇپ، خانىشقا گەپ قىلماس بولۇۋاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ دىيارىدا دۈشمەن پەيدا بولۇپتۇ. بۇ دۈشمەن باشقا جايدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى شاھنىڭ سول قول ۋەزىرى بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى ئىكەن. بۇ ئىككىسى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدە قىلىشىپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ تائامغا ئولتۇرغاندا، سول قول ۋەزىر زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان تاماقنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ تاماقنى يېيىش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقىنىدا ئىچكىرىكى ھوجرىدىن خانىش مېھرىبانۇم چىقىپ تاماقنى تۆكتۈرۈۋېتىپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: «بۇ خوتۇن مېنى ئاچ قالسۇن دەپ تاماقنى تۆكتۈرۈۋەتتى بولغاي»، دەپ ئويلاپ خانىشتىن بۇ ئىشنى سوراپتىكەن:

— بۇ تاماقنى سول قول ۋەزىرىڭىز بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقىغا يېگۈزۈڭ، ئاندىن بىلىسىز، - دەپتۇ خانىش.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ، تۆكۈلگەن تاماقنى يەردىن ئالدۇرۇپ سول قول ۋەزىرى بىلەن مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ باشلىقىغا يېيىشنى ئەمر قىپتىكەن، ئۇلار يەپ شۇ ھامان جان بېرىپتۇ.

سول قول ۋەزىرىڭىز بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر قوماندانى(باشلىقى) قىلىشقان ۋەدىسىگە ئاساسەن سىزنى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھلىقنى تارتىۋالماقچى ھەمدە مېنى ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنلۇقىغا ئالماقچى ئىدى. ئاندىن ئوڭ قول ۋەزىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ئوردا لەشكەر باشلىقى ئولتۇرماقچى ئىدى، - دەپتۇ.

— سىزگە رەھمەت، سىز بىزنى ۋە پادىشاھلىقىمىزنى بىر قېتىملىق بالايى-ئاپەتتىن قۇتقۇزدىڭىز، - دەپتۇ پادىشاھ. لېكىن، پادىشاھنىڭ يەنىلا كۆڭلى ئېچىلماپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بەكمۇ تىت - تىت بولۇپتۇ. ئۇنىڭ پادىشاھقا ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان خانىش مېھرىبانۇمغا ئېتىقادى بەكمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، پادىشاھنىڭ جىم-غۇر بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى شاھتىن سوراپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، خانىشنى نىكاھىغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ پادىشاھقا قويغان شەرتلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ سۆزنى ئىشىتكەن ئوڭ قول ۋەزىر خانىش مېھرىبانۇمدا بىر مەخپىي سىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپتۇ-دە، پادىشاھقا بىر مەزگىلگىچە سەۋر قىلىشنى ئېيتىپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆز ئوغلىنىڭ تويىنى ئوردىدا ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپتۇ. تويغا باشتىن-ئاخىر پادىشاھ ۋە خانىش مېھرىبانۇم، ئوردىدىكى ئەييام بەگلەر بىردەك قاتنىشىپتۇ. لېكىن، بۇ تويدا ھەممە كىشى خۇشال - خۇرام ھالدا، نەغمە-ناۋا قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۈلكە ياڭراتقان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى-قارىنى ئېچىلماپتۇ. ئۇ «مېنىڭمۇ ئوغلۇم، يا شۇ قىزىم بولغان بولسا ماڭىمۇ مۇشۇنداق توي ئۆتكۈزۈش نېسىپ بولغان بولاتتى. ئەمدى بۇ جاھاندىن نەسلىم قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

پادىشاھنىڭ غەم - قايغۇ بىلەن تولغان چىرايىغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان خانىش مېھرى-
بانۇم شۇ ئاخشىمى پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن زورمۇ - زورغا چاقچاق قىلىپ
يېقىنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ چاقچاقىغا قىلچە نەزەر-گۇزىرىنى سالماي
مۇنداق دەپتۇ:

— سىز قانچە قىلسىڭىزمۇ مەيلىم يوق، قىزىمنىڭ ئوت پىراقى يۈرىكىمنى ئەز-
دى. ھازىر ماڭا بىر بالا بەكمۇ زۆرۈر. بالا بولمىسا مۇندىن كېيىنكى تەختى- بەختىمى-
نىڭ ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ،- دەپتۇ.

— ئەپسۇسلانماڭ، بىزدە «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختاپتۇ» - دېگەن سۆز بار.
ئۆتكەنكى ئىشلىرىم ئەمدى ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ، - دەپتۇ خانىش. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىس-
شەنگەن پادىشاھ خانىشقا يېقىنلىشىپ شۇ كېچىنى ھوزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن خانىش ھامىلدار بولۇپ قورساق كۆتۈرۈپتۇ. ئاخىرى كۈز ئېيىپ بىر بالا
تۇغۇپتۇ. لېكىن، تۇغۇلغان بۇ بالىنىڭ نە قول، نە پۇتى، نە كۆز-قۇلىقى بولسۇن، خۇد-
دى توپقا ئوخشاش يۇپ-يۇمىلاق ھېچبىر ئەزاسى يوق ئىكەن. بالىنىڭ
بۇ ھالىتىنى كۆرگەن پادىشاھ بەكمۇ بىئارام بوپتۇ. بۇنى سەزگەن مېھرىبانۇم پادى-
شاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يەردە بىر سىر بار، بۇ سىر يالغۇز مەندىلا ئەمەس، سىزدە ۋە سىزنىڭ ئى-
شەنچلىك ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزدىمۇ بار. مۇشۇ سىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا ئاشكارىلىساق
بۇ پەرزەنتىمىزنىڭ كەم ئەزالىرى تولۇقلىنىدۇ،- دەپتۇ. خانىشتىن بۇ سۆزنى ئاڭلى-
غان پادىشاھ دەرھال ئوڭ قول ۋەزىرىنى چاقىرىپتۇ. ۋەزىر كىرگەندىن كېيىن بۇ ئۈچەي-
لەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ئۆز كۆڭلىدە يوشۇرۇپ كەلگەن مەخپىي سىرلىرىنى ئېيتىشقا
باشلاپتۇ. بىرىنچى بولۇپ پادىشاھ سۆز باشلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىشىكتىن بىر كىشى كىرسە، شۇنچە كاتتا پادىشاھ بولساممۇ قولىغا قاراي-
مەن. ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئالما چاغلىق بىر نەرسە بولسا، ئۇ كۆزۈمگە باشقىچە ئىل-
لىق كۆرۈنىدۇ. قۇرۇق قول بولسا، كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنىدۇ. كۆزۈمگە ئىللىق كۆ-
رۈنگەنلەرگە ئىلتىپات قىلىمەن، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرىمەن. قۇرۇق قوللارغا
قارىغىممۇ كەلمەيدۇ. بۇ مېنىڭ ھېچكىمگە ئېيتمايدىغان بىر سىرىم.

پادىشاھ بۇ سىرىنى مەلۇم قىلىش بىلەن بالىغا باش پەيدا بولۇپتۇ.

خانىش مېھرىبانۇم ئارقىدىن مۇنداق دەپتۇ:

— مەن شۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا پادىشاھنىڭ خوتۇنى تۇرۇپمۇ «بۇ ئەر ئۆلسە بىر
ئوتۇنچى گادايغا تەگسەم، ئۇ ئەر دائىم مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپ خىزمىتىمنى قىلسا»
دەپ ئويلايتتىم. خانىش بۇ سىرىنى ئېيتىش بىلەن بالىغا ئېغىز، كۆز، قۇلاق پەي-
دا بولۇپتۇ.

ئاندىن ئوڭ قول ۋەزىر ئۆز سىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

مەن شۇنچە كاتتا پادىشاھلىقنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىرى

تۇرۇپمۇ قانائەت قىلماي، «پادىشاھ ئۆلسە، تەختى بىلەن خوتۇنى ماڭا قالسا ...» دەپ ئويلايتتىم. بۇ چاغدا بالىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى تولۇق پەيدا بولۇپ قىزلىقى مەلۇم بولۇپتۇ.

پادىشاھ، خانىش ۋە ئوڭ قول ۋەزىر كۆڭلىدىكى بۇ سىرلىرىنى ئېيتىشىپ ئۆزئارا ئىشىنىش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ خانىشقا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم مېھرىبانۇم، مېنىڭ يۈرەك باغرىمنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، سىز تۇنجى ئوغلىمىزنى ئون كۈنلۈك بولغاندا ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردىڭىز، قىزىمىز ئالتە ئايلىق بولغاندا ئۇنى ئىتقا تاشلاپ بېرىپ نابۇت قىلى- دىڭىز، مەن شۇ قېتىمدا سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تەمشەلگەن بولساممۇ ئاكىڭىزنىڭ ما- ڭا قويغان شەرتىدىكى: «ئۆزى قانداق ئىش قىلسا دەخلى - تەرۇز قىلماڭ، ھەر ئىشتا سەۋرلىك بولۇڭ!» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ، غەزىپىمدىن يانغانىدىم، ئەم- دىلىكتە بولسا شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئوغلىمىز بىلەن قىزىمىزنى ئەسلەپ قالدىم. سىز ئويلاپ، بېقىڭ. ئوغلىمىز بولمىسا مېنىڭ تەختىمگە كىم ئولتۇرىدۇ؟ كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ؟

پادىشاھنىڭ ھەقلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئوڭ قول ۋەزىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. خانىشمۇ تەبەسسۇملىنىپتۇ - دە، بېشىدىكى تال - تال ئورام چېچىدىن بىر تال سۇغۇرۇپ كۆيدۈرگەنىكەن، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا، ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ئوغلى بىلەن ئىت ئېلىپ كەتكەن قىزى ھازىر بوپتۇ. بالىلىرىنى كۆرگەن پادىشاھ، ۋە ۋەزىر قەۋەتلا خۇشال بوپتۇ. شۇ چاغدا ئوغلى يەتتە ياشقا، قىزى بەش ياشقا كىرگەنىكەن. بۇ چاغدا مېھرىبانۇم پادىشاھقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىز ھۆر - پەرىلەردە «ئادەملەردە ۋاپا ۋە سەۋرى-تاقەت دېگەن نەرسە يوق» دەيدىغان قاراش ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەنتى. شۇ ۋەجىدىن مەن سىزنى ئۇزاق ۋا- قىتقىچە سىنىدىم. سىز دۆلىتىڭىزنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلدىڭىز، شۇنداقلا مېنىڭ ئىشلىرىمغا نىسبەتەن سەۋرلىك بولدىڭىز، ئاخىرى كۆڭلىڭىزدىكى غەشلىكتىن خالاس بولۇپ مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز. مانا بۇ، «سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەننىڭ ئۆزى شۇ، - دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭ- لىغان پادىشاھنىڭ قەلبى يورۇپ كۆڭلى تېخىمۇ خۇشاللىققا تولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتى- بارەن پادىشاھ، خانىش ھەم ۋەزىر كۆڭلى - كۆكسىنى ئوچۇق تۇتۇپ بىر - بىرلىرىدىن سىر ساقلىمايدىغان، بىر - بىرلىرىگە چەكسىز ئىشىنىدىغان ھەمدە دۆلەتنى تېخىمۇ ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ ئۆز خەلقىگە كۆيۈنىدىغان بوپتۇ.

چۆچەكنى يېڭىسار ناھىيە ئېگىز يەر يېزا 3- كەنتتىن **ھېيت ئابدۇرازاق** ئېيتىپ بەرگەن.

يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ تەزكىرە يېزىش ئىشخانىسىدىن **يۈنۈس سەمەت** توپلىغان.

ئۆمەر سەيپىتتىن [تۈركىيە]

# مەرمەر رۇستەك

(ھېكايە)

سابىر باشقا بوۋايلاردەك ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيدە مۈكچىيىپ ئولتۇرمايتتى، كۈن چىقماستىنلا تالاغا چىقىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇمارى تۇرمۇش ۋە خىلمۇ خىل تۇرمۇش شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئىدى. سابىر ئەپەندىنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇماچ بولسىمۇ، ئۇنى ئىشلەتمەيتتى. كوتۇپخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىدا، كۈلكىسى قىستايتتى. ئۇ، «ھەقىقەت» كىتابتا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتا، دەپ قارايتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇمايتتى، گېزىت كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. گېزىتلەر يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن دەيتتى.

بۈگۈن، ئۇ تالاغا چىقىپ، ھە دېگەندىلا يولغا چۈشۈپ قالغان تېزەكلەر ئۈستىدە دانلاۋاتقان بىر توپ قۇشقاچقا كۆزى چۈشتى. «بىر جانىۋار چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز نەرسە باشقا بىر جانىۋارغا ئېسىل تائام بوپتۇ» دېدى سابىر ئەپەندى كېتىۋېتىپ. ئاندىن ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئادەملەرنى ئېسىگە ئالدى. بۇمۇ تېزەك بىلەن قۇشقاچقا ئوخشاش بىر ئىش. ناھايەت بىرسىدە ئىشلەپچىقارغۇچى كىچىك، ئىستېمالچى چوڭ بولسا، يەنە بىرسىدە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.

سابىر ئەپەندى يول يۈرگەچ، ئەللىك يىلدىن بېرى كونىستانتىنوپولدا سەيرى قىلىپ ئۆتۈپتىمەن. بىراق، قىز مۇنارىغا بېرىپ كۆرۈپ باقماپتىمەن. بۈگۈن بېرىپ كېلەيچۇ ... دەپ كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى.

ئۇ تاغقا ئۆرلەۋېتىپ، ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرۈپ قالدى ۋە قىز مۇنارىغا چىقىش ئىشىنى سەللىمازا ئۇنتۇپ، توختاپ قالدى. بۇ كارامەتكە ئىشەنگۈسى كەلمەي كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

شۇ تاپتا، سابىر ئەپەندى پاكىز ۋە ئازادە، خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان بىر ياغاچچىخانىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. قىرىق ياشلاردىكى شاپبۇرۇت تەمبەل ئادەم پالتا چېپىۋاتاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ياغاچچىنىڭ رۇستىكى سېپ - سېلىق ئاق مەرمەردىن ئىدى.

— كۆزۈم تورلىشىۋاتامدۇ نېمە؟ — ئويلىدى سابىر ئەپەندى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ سىنچىلاپ قارىدى. رۇستەك ھەقىقەتەن مەرمەر تاش رۇستەك ئىدى.

— جاھاندا مەرمەر تاشتىن رۇستەك ياسىغانمۇ بارمۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئىچىدە



دە، ـ ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بۇنىڭدا چوڭقۇم بىر گەپ بار!

ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئاچچىقى كەلدى. ھەممە ئىشنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولىدىغۇ؟! كىمكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، جەزمەن قانىتى قايرىلىدۇ. سابىر ئەپەندى ئىختىيارسىز ھالدا مېڭىپ ياغاچچىخانىغا كىردى.

خوجايىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قارىدى.

— بۇ مەرمەر رۇستەك بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى؟ ـ سورىدى سابىر ئەپەندى.

— بۇ قانداق گەپ؟ ئۆزۈم ياسىغان.

سابىر ئەپەندى ياغاچچىغا ھاڭۋېقىپ قارىدى.

— ساراڭ ئەمەستۇرسىز، ئۇكا؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟!

— ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم مەرمەر تاش ئۈستىدە پالتا چاپامدۇ؟

— نېمىشقا چاپمايدىكەن؟

— قىلىدىن قېيىق كەتسە مەرمەر تاش چېقىلىدۇ، پالتىمۇ كۇتىشىدۇ.

— مەن ئۇنداق قىلمايمەن.

— ياغاچچىلىق قىلىۋاتقىنىڭىزغا قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— يىگىرمە يىل.

— بۇ رۇستەكنى ئىشلىتىۋاتقىنىڭىزغا نەچچە يىل بولدى؟

— ئون بەش يىلچە بولغاندۇر.

— ئون بەش يىلنىڭياغى بىرەر قېتىممۇ كەتكۈزۈپ قويمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئىشەنمىسىڭىز قاراپ باقسىڭىز بولىدىغۇ؟!

سابىر ئەپەندى رۇستەك ئالدىغا كېلىپ كۆز ئەينىكىنى تاقاپ، بىر ھازا سىنچىلاپ قارىدى... مەرمەر تاشنىڭ سىيلىق يۈزىدە ھەققەتەن ئىز ـ پىز كۆرۈنمىدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ياغاچچىغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ياغاچچى نورمال ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

— سىز راستىنلا بىرەر قېتىممۇ كەتكۈزۈپ قويمىدىڭىزمۇ؟ ـ يەنە سورىدى ئۇ.

— مانا، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ؟!

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.

— نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟! مەن كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىمگە ئىشىنىمەن، شۇڭا بۇ مەرمەر رۇستەكنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن.

— ئۇكا، ماھارەت ـ پاھارەت دەپمۇ كەتمە، بۇنداق ئىش يوق.

— ئەمىسە، سىزنىڭچە بۇ قانداق ئىش.

— سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز.

— مەن ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەنمۇ؟!

— ھەئە.

ياغاچچى قولىدىكى پالتىنى قويۇپ، سابىر ئەپەندىگە دىۋەيلەپ كەلدى.

— سىز نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسىز؟

— نېمىگە قاراپ دەمسىز؟! سىزنىڭ سەل ـ پەل ھوش ـ كاللىڭىز بولسا، مەرمەر تاشتىن رۇستەك ياسىمىغان بولاتتىڭىز.

— سەن نېمىگە ئاساسەن مېنى كاللىسى يوق دەيسەن، مەن پالتىنى نەگە چاپىمەن دېسەم شۇ يەرگە چاپالايمەن، زادىلا خاتا كەتكۈزمەيمەن. تولا ئاغزىڭنى ئۇششۇتمەي كۆزۈمدىن يوقال!

سابىر ئەپەندى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ شۇنچە سىلىق ئېيتىۋاتسا بۇ قوپۇپ بىكاردىن ـ بىكارلا قايناپ كې-

تىۋاتىدۇ، تېخى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتىدۇ. ئۇ كۆزەينەكنى ئېلىۋەتمەيلا، ياغاچچىخانىدىن روھسىز كەيپىياتتا يېنىپ چىقتى.

— ھۇ ھاڭۋاقتى، بېشىڭنى يەرسەن، ئىلاھىم!

سابىر ئەپەندى ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا تۇتۇنغان ياغاچچىغا قاراپ:

— پەخەس بولۇڭ ياغاچچى ئۇستام، سىز ئەتە جەزمەن كەتكۈزۈپ قويىسىز. پالتىڭىز مەرمەر رۇستەكنى يېرىۋېتىدۇ، — دېدى ۋە كېتىپ قالدى.

سابىر ئەپەندى يېقىن ئەتراپتىكى دۇكان، ئۇستىخانىلارنى ئارىلاپ، بۇ ياغاچچىنىڭ ئەھۋالىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىۋالدى. ئۇ داڭ چىقارغان ياغاچچى ئەلى بولۇپ، ئۆيى ۋارئان كوچىسى 7 — قورۇدا ئىكەن. يېقىندا ئۆيلىنىپتۇ، ئايالى ناھايىتى ياش ئىكەن. بۇ ئەتراپتا ئەلى ئۇستىنى تونۇمايدىغانلار يوق ئىكەن.

— ئۇ ھەتتا بىرەر تال مىخنىمۇ سىڭايان ئۇرۇپ قويغان ئەمەس، — دېيىشتى كىشىلەر، — پالتا ئۇنىڭ قولىدا بەئەينى ئىتائەتمەن قۇلدەك بولۇپ كېتىدۇ. نەگە چاپاي دېسە شۇ يەرگە چاپىدۇ. پۈتۈن كونستانتىنوپول شەھىرىدىن ئۇنىڭدەك ئۇستىدىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەلى ئۇستامدەك مەرمەر رۇستەكتە ئىش قىلىدىغان ئۇستا ياۋروپادىمۇ يوقتۇ.

سابىر ئەپەندى بۇ گەپلەرگە تازا ئىشەنمىدى.

— ھېچۋەقەسى يوق، سىلەر ئەتە ئۇنىڭ مەرمەر رۇستىكىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ قالىسىلەر، — دېدى ئۇ غۇتۇلداپ.

سابىر ئەپەندى تاڭ يورۇماستىنلا مەسچىتكە قاراپ ماڭدى، يولبويى ئەلى ئۇستىنىڭ مەرمەر رۇستىكىنى پاچاق — پاچاق قىلىۋېتىش پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىپ ماڭدى. «ھېچ بولمىغاندا تېرىسىگە پاتماي قالغان بۇ نېمىگە بىر كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك!» سابىر ئەپەندىگە ئايان ئىدىكى، ئادەم كىچىككىنە غەم — غۇسسە ئىچىدە قېپقالسا، ئۇنىڭ پىكىر — خىيالى چېچىلىپ، قولى ئىشقا بارمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. يەنە كېلىپ، بۇ، تۇرمۇشتا كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان ھەقىقەت ئىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ياغاچچىغا بۇنى تونۇتۇپ قويۇشنىڭ ئەپچىل پىلانىنى قۇرۇپ قويدى.

سابىر ئەپەندى بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، مەسچىتتىن چىقىپ ئۇدۇلدىكى گۆش دۇكىنىدىن بىر دانە پاقلان كاۋىپى ئالدى. ئاندىن ئۇنى ھاممالغا كۆتەرتىپ ئەلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سابىر ئەپەندى ئىشىكنى چەكتى، ئىچكىرىدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟

— مەن...

— مەن دېگەن كىم؟

— بۇ ئەلى ئۇستىنىڭ ئۆيى بولامدۇ؟

— ھەئە.

— ماۋۇ پاقلان كاۋىپىنى ئەلى ئۇستا ئەۋەتكەنىدى.

ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، ئاپئاق سېمىز بىر قول كۆرۈندى. كاۋاپنى ئېلىپلا ئىشىكنى «تاراققىدە» قىلىپ ئەتتى.

سابىر ئەپەندى ئىچىدە كۈلدى.

— خوش، ئەمدى ئەتىكى قىزىق تاماشىنى كۆرۈڭ! ... — ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى، — ئەتە ئەتى

گەندىلا پاچاقلانغان مەرمەر رۇستەكنى كۆرۈمەن.

ئۇ بۈگۈن شەھەرگە يېنىپ كەتمەي، بۇ يەردىكى بىر سارايدا تۈنىمەكچى بولدى.

مەشھۇر ئۇستا ئەلى ئادىتى بويىچە ئۆيىگە خېلىلا كەچ قايتتى، ئۆيىگە كىرىپلا داستىخانغا ئولتۇردى. ئۇ تاماق شىرەسى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— نېمىدىگەن ياخشى! نەدىن كەلگەن كاۋاپ بۇ؟

— قىلىۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، ئۆزىڭىز ئەۋەتىپتىكەنسىزغۇ؟!

— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ساراڭ بوپقالدىڭىزمۇ نېمە؟

ئەلىنىڭ ئايالى موللىنىڭ قىزى بولۇپ ئاچچىقى يامان ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇزاماتلا رەڭگى ئۆچتى، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ تۇرغان پېتى ۋارقىراپ كەتتى:

— سىز تېخى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن دەۋەتىسىزغۇ، — ئېرى لام - جىم دېمىدى، — ئەمىسە بۇنى مەن ئوغرىلاپ كەپتىمەن - دە؟!

— بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

— بۇنى بىر دوستىڭىز ئەكەلدىغۇ - تېخى؟!

— ماڭا كاۋاپ ئەكىلىپ بېرىدىغان كىم بار؟

— كۈندۈزى بولغان ئىشنى قاراڭغۇ چۈشە - چۈشمەيلا ئۇنتۇپ كېتىپ، قەستەن ئېۋەن تېپىپ مەن بىلەن جېدەل قىلماقچىمۇ سىز؟!

— مەن ئۇنداق ئۇنۇتقاقلاردىن ئەمەسمەن، — دېدى ئەلى.

— كاللىڭىزنى ھەرە چېقىۋالغان ئوخشايدۇ، يوقىلىڭ كۆزۈمدىن!... كۈندۈزى كىر يۇيۇۋاتاتتىم. قانداقتۇر بىر ئەبلەخ كېلىپ ئىشىكنى قېقىپ: «بۇ ئەلىنىڭ ئۆيىمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ نەرسىنى ئېلىپ قالدىم.

— ئۇ ئادەمنىڭ رەڭگى - روھى قانداق ئىكەن؟

— سىز مېنى ناتونۇش ئەركەكلەرگە كۆرۈنىدۇ دەۋاتامسىز؟! مەن ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىدىم.

— ئۇنىڭ ئاۋازى قانداق ئىكەن؟

— سىز مېنى ناتونۇش ئەركەكلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ دەۋاتامسىز؟! قەسەم قىلىپ بېرىمەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىدىم.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئازارلىشىپ قالدى. ئەلى مەزىلىك پۇراپ تۇرۇۋاتقان پاقلان كاۋىپىدىن چىشلەپمۇ قويمىدى. ئايالى ئېتىپ قويغان تاماقنىمۇ يېمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى... بۇ كاۋاپنى زادى كىم ئەكەلگەندۇ؟! بىرەرسىنىڭ ھىلە - مىكرىسىمۇ - يا؟ بىرسى ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋەتمەكچى، ئايالىنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتامدۇ - يا؟!

ئەلى كافى ئىچمىدى، تاماكىمۇ چەكمىدى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيقۇسى قاچتى، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. ئايالىمۇ ئۇخلىمىدى، ئۇنى ئۇنۇتقاقلىق كېسىلى بوپقاپسىز، دەپ توختىماي ئۇرۇشۇپ چىقتى.

ئەتىسى، ئەلى بامدات نامىزىنىمۇ تۇرمايلا، ئۇدۇل دۇكىنىغا كەتتى.

ئۇ، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ يەنە خىيالغا چۆكتى. شۇڭا يېقىنلا جايدا قاراپ تۇرغان سابىر ئەپەندىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇ قو-

لىغا پالتا ئېلىپ، تۈنۈگۈن پۈتمەي ئېشىپ
قالغان كېشەكنى ئېلىپ، مەرمەر رۇستەك
ئۈستىگە قويدى. سابىر ئەپەندى دېرىزى-
دىن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈ-
لۈپ قويدى.

بىچارە ئەلىنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى پاقا-
لان كاۋىپلا ھۆكۈمران ئىدى. «ئاھ! خۇدا،
بۇنى زادى كىم ئەكەلگەندۇر؟» شۇ تاپتا
ئۇنىڭ پىكرى چېچىلىپ، چوڭقۇر ئويى ئە-
چىدە قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى ئېغىر پالى-
تىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ زەرب بىلەن چېپى-
ۋىدى، مەرمەر رۇستەكنىڭ بىرلېۋى ئۇچۇپ
كەتتى، ئەلى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي
ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت ئارقا
تەرەپتىن بىراۋنىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— ياغاچچى ئۇستام، ئىشلىرىڭىز قانداق؟

ئەلى ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئىشىك ئالدىدا
تۈنۈگۈن ئۆزى قوغلىۋەتكەن بوۋاينىڭ
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا بەك خىجىل بولۇپ
قالدى.

بىچارە ياغاچچىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ
كەتتى. چىرايلىرى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى
تىترەپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

سابىر ئەپەندىنىڭ تۇرۇپلا ئىچى ئاغ-
رىپ قالدى. بۇ ياغاچچى ئىشقا بىجانىدىل
كۆڭۈل قويغانلىقى ئۈچۈنلا كەتكۈزۈپ
قويماي كەلگەن. ئەمما، ئۇ بۇنى ئۆزى-
نىڭ كارامەت ئارتۇقچىلىقى دەپ بىلە-
ۋالغان.

— ئەمدى باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭ، -
دېدي سابىر ئەپەندي، - كاۋاپنى مەن
ئاپارغان.

— سىز؟

— توغرا، مەن.

— سىز نېمە قىلماقچى؟

— سىزنى كاللىسىنى ئىشلەتسۇن دېدىم، -
سابىر ئەپەندى ئۆزىنى توختىتىۋالالماي
سۆزلەپ كەتتى، - ئادەم ھەر دائىم كال-
لىسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشى كېرەك. بەزى
چاغلاردا پىكىر - خىيالى چېچىلىپ قېلىش-
تىن ساقلانماق مۇ تەس. پەقەت ھېسسى-
ياتسىز كىيسەكلا باشتىن - ئاياغ بىر قې-
لىپتا تۇرالايدۇ، - ئۇ دۇكان ئالدىدىن
كەينىگە ياندى، لېكىن يەنە كەينىگە ئۆ-
رۈلۈپ دېدى، - تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە
خىلاپلىق قىلالايمەن دەپ خام خىيال ئە-
لىمەڭ، ياغاچچىنىڭ رۇستىكى ياغاچتىن
بولۇشى كېرەك، دەرھال ياغاچ رۇستەك
ئەكىلىۋېلىڭ.

بىر سائەتتىن كېيىن سابىر ئەپەندى
كېمىگە ئولتۇرۇپ قايتتى. ئۇ، بۈگۈن،
تۈنۈگۈن بارماقچى بولغان قىز مۇنارى-
سىغا باردى. بۇ مۇنار نېمىشقا دېڭىزغا
قۇرۇلغان؟ بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بار؟ بۇ-
نىڭ تارىخىنى ئېنىق بىلىۋالدۇ.

ئۇ تولىمۇ شاد ئىدى. چۈنكى، ئۇ بۈ-
گۈن تېرىسىگە پاتماي قالغان بىر ياغاچ-
چىنى ئەدەبلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئۆز پىكرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنىمۇ
ئىسپاتلىدى.

(خەنزۇچە «دۇنيادىكى مەشھۇر مىكرو
ھېكايىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابتىن
ئابدۇقادىر غولام تەرجىمىسى).

سەيپىدىن شاكىروۋ [قازاقىستان]

# باھار گۈللىرى

(ھېكايە)

ساڵقىن شامال ئالۇچا يوپۇرماقلىرىنى، دېرىزە پەردىسىنى ۋە دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان قىزنىڭ مەيىن چاچلىرىنى سىيلىغاندەك يەلپۈپ تۇراتتى. بىراق، چوڭقۇر مەيۈسلۈككە چۆمگەن قىز بۇ ھالەتنى سەزمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى بىلەن ئەمدى ئۆزى ئۇچۇن روھىي ئارام بېغىشلىمايلمايدىغان ھايات تىلىقتىكى قاندا قتۇر نامەلۇم سىرلارنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى پەقەت ئۇ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىلا سەزدى.

— قىزىم، - دېدى خېلىچىخان ھەدەم قىزىنىڭ بېشىنى سىيلاپ،- يەنە خىيال سۈرۈپ قاپسەنغۇ؟… قوي، يوق نەرسىنى ئويلاپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىغىنا. مانا ساڭا دوستلىرىڭدىن يەنە جىق خەت كەپتۇ. ئانا بىر مۇنچە كونۋېرتلارنى قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزىدە ياش تامچىلىرى چاقناپ كەتتى.

— ئاپا نېمە بولدى سىزگە؟ - قىز بۇرۇلۇپ ئانىسىغا قارىدى. ھېچنېمە بولمىدىم قوزام… ئۆزۈمچە، ئانا باشقا گەپ قىلماي، قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. «بىچارە ئانام ماڭا قاراپ ئازابلىنىۋاتىدۇ، بىر نېمە دېمەكچى ئىدى، لېكىن، ئېيتالمىدى»-دەپ ئويلىدى خەيرىنسا.

خەيرىنساغا كۈندە دېگۈدەك يىراق - يېقىندىن، دوست - بۇرادەرلىرىدىن، زاۋۇتتا بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرىدىن خەتلەر كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۇنىڭ چاپسانراق ساقىيىپ زاۋۇتقا كېلىشىنى تىلەيتتى. ئۇ ھازىرمۇ قولىدىكى كونۋېرتلارنى ئەنە شۇنداق كۆڭلىگە ئارام بەرگۈچى خەتلەر قاتارىدا ھېسابلاپ ئېچىشقا باشلىۋىدى، كونۋېرتلار ئارىسىدىن چىققان بىر تېلېگراممىنى ئوقۇش بىلەن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلىۋەتتى. ئۆيگە ئاپىسى ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى.

— نېمىشقا بۇ تېلېگراممىنى ماڭا بېرىسىلەر؟ ئۆزۈمنىڭ دەردى يېتىپ ئاشاتتىغۇ؟- قىز ياشلانغان ئېڭەكىنى تۇتۇپ ئانىسىغا قارىدى.

— جېنىم قىزىم، سەۋرى قىلغىن، سەن بالنىستتا ياتقان ۋاقتىڭدا سېنىڭ ئەھۋالىڭ توغرۇلۇق سابىرجانغا خەۋەر قىلدۇق، مانا سەن ئۆيگە چىققاندىن كېيىن خەۋەر بېرەيلى دېسەك ئۇ ئەمدى پۇتۇنلەي قايتىپتۇ… خېلىچىخان ھەدەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، باشقا گەپ قىلالمىدى.

— قانداقمۇ سەۋرى قىلىمەن جېنىم ئانا، مەن تىرىك جەسەت بولۇپ قالدىمغۇ؟- قىز ئىككي قولىني كارىۋاتنىڭ ياڭ تۆەۈرىگە تىرەپ ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، بىراق،

ئەدىيالغا يۆگەلگەن پۇتى ئاغرىپ كېتىپ قايتىدىن يېتىۋالدى. شۇ چاغدا قىزىنىڭزا-ۋۇتتا بىللە ئىشلىگەن دوستى ماھىنۇر كىرىپ - كەلدى- دە، بىر پەس ھاڭ - تاڭ بو-لۇپ قالدى. چۈنكى، كارىۋاتتا ياتقان قىزىنىڭمۇ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان خېلىچىخان ھەدەمنىڭمۇ كۆزلىرى ياش ۋە پەرىشان ئىدى.

— نېمە بولدى؟

ماھىنۇر ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇلارغا قارىدى، خېلىچىخان ھەدەم جاۋاب ئورنى-دا ئەدىيال ئۈستىدىكى تېلېگراممىنى ماھىنۇرغا ئۇزاتتى، ماھىنۇر تېلېگراممىنى كۆ-رۈش بىلەنلا ھەممىنى چۈشەندى. تېلېگراممىا ھەربىي خىزمىتىنى تاماملاپ ئۆيگە قايت-قان سابىرجاندىن كەپتۇ. خەيرىنسا ئۇنى كۈتۈۋېلىش كېرەك، بۇ خەيرىنسا ئۈچۈن ھە-قىقەتەن ئېغىر مىنۇتلار ئىدى، بۇ تېلېگراممىا ماھىنۇرنىڭمۇ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى.

ئۇ خېلىچىخان ھەدەم چىقىپ كېتىشى بىلەنلا خەيرىنسانى كۆكرىكىگە باستى.

— خەيرىنسا، نېمىشقا ئۆزۈڭنى قىينايدىغانسەن دوستۇم؟!

— ماھىنۇر دوستۇم، مەن ھاياتنى سۆيىمەن، مەن يەنە ئىشلەيمەن، بىراق...

— نېمە؟ بىز بىلەن جەزمەن ئىشلەيسەن؟

— ئىشلەيمەن، دوستلىرىم بىلەن ئىشلەيمەن... بىراق، بىلەمسەن ماھىنۇر، سا-بىرجان مېنىڭ مۇنداق ھالغا چۈشكىنىمنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئەتە مېنى قارشى ئالىدۇ، دەپ ئىشىنىدىغۇ... مەن ئەمدى سابىرجانغا بەلكى كېرەكسىز بولۇپ قالارمەن...

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسەن خەيرىنسا؟ قويغىنا، نەدىكى يوق سۆزلەرنى...

— ياق - ياق، ماھىنۇر، نېمىشقا مېنى رىئاللىقنىڭ سىرتىدىكى خىياللار بىلەن بەزلەيسەن؟ يۈرىكىمدە مۇھەببىتىم بار، بىراق، كۆزەللىكىمدىن جۇدامەن... قولاقسال ماھىنۇر، مەن ئۇنى ئارمىيىگە ئۆزۈم ئۇزاتتىم، دەم ئېلىشقا كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئۆزۈم تىزغان گۈلدەستە بىلەن قارشى ئالغانىدىم، قىش ۋاقىتلىرىدا ئىككى پۇتۇمغا چاڭغى تېڭىپ ئۇنىڭ بىلەن تالاي ئېدىرلار ئاشقان... باھارنىڭ تۇنجى چېچەكلىرىنى تىزغان... ئاي-دىڭ كېچىلەردە شەھەر كوچىلىرىنى شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن ئايلانغانىدىم، ئىككى-مىز پىيادە مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ماھىنۇر بىلەمسەنغۇ، كۆللەردە ئۈزسەم ھېچقاي-سىڭلار ماڭا يېتەلمەيتتىڭلار. ئەمدى مەن ھەممىدىن مەھرۇم!...

— سەنچۇ خەيرىنسا، ماھىنۇر بىر دەم ئويلىنىپ قالدى - دە، كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن ياخشى ئازام ئالمايسەن، ئۇخلىمايسەن، ھارغان، ئۇيقۇسىرىغان ئا-دەمنى سىتانوك بوزەك قىلىدۇ. لېكىن، خەيرىنسا مەن ئويلايمەن، سېنىڭدە ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكنى ئىرغىتىپ تاشلايدىغان قەلب بار، بىز سېنىڭ بىلەن سابىرجاننى كۈتۈۋالىمىز.

— قانداق قىلىپ كۈتۈۋالىمىز؟ مېنى شۇ ھالدا كۆتۈرۈپ بارامسىلەر؟

— ياق، سەن ئۈچىنچى گۈلدەستەڭنى تەييارلاپ ماڭا بېرىسەن، سابىرجاننى سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن كۈتۈۋالىمەن، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى شۇ گۈللەرنىڭ بىلەن قوشۇپ تاپشۇرىمەن. خەيرىنسا بىردىن ماھىنۇرغا قارىدى - دە، ئىككى قولىنى

سوزغان پېتى ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىپ پىچىرلىدى:
ــ ماھى، دوستۇم...مەيلى گۈلدەستىنى ساڭا بېرەي، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا گۈللىرىمنى بولسىمۇ كۆرسۇن...

× ×

پويىز ئالمۇتىغا يېقىنلاشقانسېرى ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن قاراشقان يىگىتلەر خۇشاللىقتىن ھاياجانلىناتتى.
ــ مېنىڭغۇ ھېچكىم قارشى ئالمايدۇ، ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئاندېرىي، ـ چۈنكى، مېنىڭ ئۆيۈم شەھەردە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كولخوزغا تېلېگرامممۇ بەرمىدىم. لېكىن، سابىر ئاغىنە ـ كۈتۈۋالىدىغان قارا كۆز قىزنى كۆرۈشنى خالايمەن ـ دە!
ــ ئەلۋەتتە كۆرۈسەن، ئاندىن مەن سېنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرىمەن، تويىمىزدىن كېيىن سېنىڭ كولخوزىڭغا مېھمان بولۇپ بارىمىز.
ــ كەل ـ كەل! سېنى كۈتىمەن، بىراق، تويغا ئېيتىشنى ئۇنۇتما.
ــ سىلەرنى قاتناشتۇرماي توي قىلمايمەن.
ــ مەنمۇ ئۆيگە تېلېگرامما بەرمىدىم. ئۇلار بىلەن تۇيۇقسىز كۆرۈشۈشنى خالىدىم. چۈنكى، تۇيۇقسىز كۆرۈشۈش ناھايىتى قىزىق بولىدۇ ـ دە.
ئاندىرېينىڭ سۆزىنى سېيىتى غالى تۇيۇقسىز بۆلۈۋەتتى:
ــ ئاغىنىلەر بىز ـ بىرىمىزنىڭ ئادرېسىنى ئالدۇقمۇ؟ ـ دەيمەن...
دوستلار قىزىق سۆھبەت بىلەن ۋوگزالغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى ۋە ئالمان ـ تالمان ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. سابىرجان يېڭى گىمناستىيوركىسىنى كىيدى. ئۇنىڭ فوراژكىسىنىڭ ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى ھەم خۇشاللىق، ھەم ھاياجانلىقتا چاقنايتتى. تەسەۋۋۇرىدا گوياكى ئۇچىنچى نومۇرلۇق ۋاگوننىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەستە گۈلنى كۆكرىكىگە بېسىپ تۇرغان خەيرىنىسا تاقەتسىزلىنىۋاتقاندەك بولاتتى.
پويىز توختاپ ۋاگون ئىشىكلىرى ئېچىلدى، خۇشاللىق كۆرۈنۈشلەر باشلاندى. ئەنە پاۋىلىنى بىر ئايال (ئانىسى بولسا كېرەك) باغرىغا باستى. قولىدا گۈل تۇتقان چىرايلىق بىر قىز ئىرگەلىنىڭ بوينىغا قول سېلىپ ئۆپكىدەپ كەتتى. سابىرجاننىڭ كۆزلىرى سەۋرسىزلىك بىلەن خەيرىنىسانى ئىزدەشكە باشلىدى. خەيرىنىسا كۆرۈنمەيتتى. يىگىتنى بىر خىل مەيۈسلۈك چۇلغىۋالدى.
ــ سالام سابىرجان! قانداق ياخشى كەلدىڭىزمۇ؟ سابىرجان بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى توپ ئىچىدىن ناتونۇش بىر قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ سابىرجانغا قول بەردى ـ دە، ئۆزىنى تونۇشتۇردى:
ــ مەن ماھنۇر ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى ئۇ يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ، ـ سالامەتمۇسىز سابىرجان؟ ـ سابىرجان ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قىزنىڭ قولىنى قىستى ۋە ئۇزاتقان گۈلنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ يادىغا دەرھال خەيرىنىسانىڭ ماھنۇر دېگەن دوستى توغرۇلۇق يازغان خەتلىرى كەلدى. دېمەك «دوستى بىلەن كەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ.
ــ ماھنۇر ھە، ھە، سىز توغرۇلۇق خەيرىنىسا ماڭا خەتلىرىدە يېزىپ تۇراتتى.

— خەيرىنسا بۇ يەردە يوق.

— خەيرىنسانى يوق دەمسىز؟! نېمىشقا؟ ئۇ قاياققا كەتتى؟

— ئۇ بار... لېكىن، كېلەلمىدى.

سابىرجان تېخىمۇ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى گۈلدەستىمۇ تىترەپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئاندىرېي كەلدى.

— قېنى سابىر، خۇشلىشايلى، ئاغىنە، — ئاندىرېي بىردەم ھەيران بولۇپ ماھىنۇرغا قارىدى، — ھوي مېنىڭ كۆزۈم ياخشى كۆرمەيۋاتامدۇ — نېمە؟ سېنى ئېگىز بوي، ئۇزۇن چاچلىق قارا كۆز كۈتۈپ ئالماقچىدىڭمۇ؟ ياكى بىز كۆرگەن سۈرەت ئەمەسمۇ؟ ئاندىرېينىڭ سوئالىغا سابىرجان ئۈچۈن ماھىنۇر ئۆزى جاۋاب بەردى:

توغرا ئېيتتىڭىز، بىراق، بۈگۈن ئۇ قارا كۆزنىڭ ساقلىقى بولمىغانلىقتىن بۇ يىگىتنى كۈتۈۋېلىشقا ئۇنىڭ تىزغان گۈلى بىلەن دوستى كەلدى.

سابىرجان بىر ھازاغىچە دوستلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خۇشلاشتى، كېيىن ماھىنۇرغا تەلمۈرۈپ قارىدى ـ دە:

— ماھىنۇر، ئۇ قانداق كېسەل بولۇپ قالدى؟ ـ دەپ سورىدى. ماھىنۇر نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يەرگە قارىۋالدى.

— ماھىنۇر، ـ يىگىت قىزنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ يالۋۇرغاندەك سورىدى، ـ زادى نېمە بولدى ئۇنىڭغا؟

— مۇندىن ئۈچ يېرىم ئاي بۇرۇن ئېھتىياتسىزلىقتىن ستانوكقا بىر پۇتى...

— نېمە؟! بىر پۇتىدىن ئايرىلدى؟! ـ سابىرجان تاتىرىپ كەتتى ۋە خۇددى مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ چامادىنىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي يۈگۈرگەن پېتى مېڭىپ كەتتى.

— سابىرجان، سابىرجان، ـ ماھىنۇر قانچە ۋارقىرىسىمۇ ئۇنى توختىتالمىدى... ماھىنۇر روھسىز ھالدا كېلەتتى، ئۇ يىراقتىن خەيرىنسالارنىڭ ئۆيىنى كۆرۈش بىلەن توختاپ قالدى، «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، نېمە دەپ كىرىشىم كېرەك؟ خەيرىنسا مېنىڭدىن خۇشخەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى، لېكىن، يىگىت كېتىپ قالدىغۇ؟» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويغان ھالدا ھويلىغا كىرىپ كەلدى، ھويلىدا پاي ـ پېتەك بولۇپ يۈرگەن خېلىچەخان ھەدەم ماھىنۇرنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە:

— ماھىنۇر قىزىم، رەھمەت سىزگە، ـ دېدى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ.

— ھەر ئىككىيلەن سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

— سابىرجان كەلدىما؟ ـ ماھىنۇر خۇشاللىقتىن ئىككى سەكرەپلا خەيرىنسا ياتقان خانىنىڭ ئىشىكىگە باردى ۋە بىردىنلا بوسۇغىدا توختاپ قالدى. خەيرىنسا دېرىزە يېنىدا سابىرجاننىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇراتتى، سابىرجان بولسا قىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىۋاتاتتى ۋە «يىغلىما قەدىردانىم، مەن پۇتۇڭغا پۇت بولالايمەنغۇ؟» دەيتتى ئۇ قىزغا تەسەللى بېرىپ. ماھىنۇر ئۇچقاندەك كېلىپ خەيرىنسانى قۇچاقلاپ سۆيدى!... قۇياشمۇ بۇلارغا زوقلانغاندەك ئاجايىپ نۇر چاچماقتا ئىدى، خەيرىنسا سابىرجاننىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ قۇياشقا ئوخشاش نۇرلىنىپ كۈلدى.

(ئاپتورنىڭ 1970-يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «ۋەتەن سۆيگۈسى» ناملىق توپلىمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرھات مۇھەممەت.)

## «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرلار مۇكاپاتلاندى

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋىلايىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىپ تۈردە تۆھپە قوشۇش، بىر تۈركۈم چوڭقۇر پىكىرلىك، شەكىل، مەزمۇن جەھەتتىن نىسبەتەن يېڭى بولغان شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، شائىر، ھەۋەسكار ياشلارنىڭ ژۇرنال يۈزىدە بەيگىگە چۈشۈپ، ماھارەت كۆرسىتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇلتۇر «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى شېئىرلارنى قوبۇل قىلىپ، ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى قارار قىلغانىدى.

شۇنىڭدىن بۇيان ۋىلايىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 170 تىن ئارتۇق ئاپتور 1000 پارچىدىن كۆپرەك ئەسەر ئەۋەتتى، نەتىجىدە، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن 6 ـ سانىغىچە جەمئىي 130 ئاپتورنىڭ 267 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنىپ ئاممىنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 25 نەپەر ئاپتورنىڭ 30 پارچىغا يېقىن ئەسىرى مۇكاپاتلاشقا تاللاندى.

يىغىندا چىمەنگۈل ئاۋۇت، تاھىر تالىپ، ئابلەت ئىسمايىل، جېلىلى، ئەنۋەر ئابلەت، ئاينۇر ياسىن قاتارلىق 25 ئاپتور ئۈچ دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاندى.

يىغىنغا قەشقەر شەھەر رايونىدىكى پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچى ـ شائىرلار، ژۇرنالنىڭ تايانچى ئاپتورلىرى، بىر قىسىم ناھىيىلەردىن كەلگەن ئەسەرلىرى مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار بولۇپ ئاتمىشقا يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شائىر ئىسمايىل ئەزىز، مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ پارتگۇرۇپپا شۇجىسى ئابدۇرىشىت كېرىم، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەتلەر قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق شېئىر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقىنى، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ماختىدى ھەمدە ئاپتورلاردىن بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىزدىنىپ، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى خىلمۇ خىل بولغان ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

تۇنسا ئوسمان

(«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى)



چاچ ئىشقى



بىزنىڭ يېزىدا

( مۇھەممەتئىمىن زىيىدىللا فوتوسى )



كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ ئۈزۈملەر...

(مۇھەممەتئىمىن زىبىبۇللا فوتوسى)

«喀什噶尔文学»(维吾尔文) قەشقەر ئەدەبىياتى (22-يىل نەشرى)

( KASHGAR LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE )

1993 年 第四期 ( 双 月 刊 )
编辑：«喀什噶尔文学»编辑部
出版：喀什行署文化处
新疆«喀什日报»印刷厂印刷
喀什地区邮电局发行
全国各地邮电局订阅
各地邮电局代发行
国际统一刊号：ISSN 1004—2547
国内统一刊号：CN65—1081/I
邮政代号：58—62
印张：787×1092·1/16、8 张

1993-يىل 4 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتا ئورۇنلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1004 — 2547
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1081/I
پوچتا ۋاكالەتەن نومۇرى: 58 — 62
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16، 8 باسما تاۋاق

邮政编码：844000 电话：23196
定价：1.50 元

پوچتا نومۇرى: 844000 تېلېفون نومۇرى: 23196
باھاسى: 1.50 يۈەن